ISSN 1002-9044



1997 ᠑

ISSN 1002-9044

9 771002 904009 01>

هۆرمەتلىك ئاپتورلار

هۆرمەتلىك كىتابخانلار:

ژۇرنىلىمىز 1997-يىلغا زور ئۈمىد بىلەن قەدەم تاشلاۋاتقان ئاپتورلارغا، كىتابخانلارغا يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن سالام يوللايدۇ، سالامەتلىك، يېڭى ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئامەت تىلەيدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا نادىر ئەسەر يارىتىش مەسىلىسى ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە، دەپ ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارغا ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نادىر ئەسەر يارىتىش — دەۋرىمىزنىڭ چاقىرىقى، خەلقنىڭ جىددىي تەلىپى؛ يازغۇچى-شائىرلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىز ۋە بارلىق ئىجادكار ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىسى، يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى.

شۇڭلاشقا تەھرىر بۆلۈمىمىز 1997-يىلدا ئاپتورلار بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىپ ھەم جانلاندۇرۇپ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، كەڭ ئامما بەكمۇ قارشى ئالىدىغان نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن كەڭ ئورۇن بېرىدۇ. جۈملىدىن ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق تالانتلىق، تىرىشچان ئەدىبلەرگە زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ساغلام، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ھەرقانداق ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىش-چىقماسلىقى — ئالدى بىلەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە باغلىق. سۈپەتلىك ئەسەرلەر قانچە كۆپ بولسا، ژۇرنالنى شۇنچە سۈپەتلىك چىقارغىلى بولىدۇ. دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ياڭرىتىش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاپتورلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىز تالانتلىق، تىرىشچان ئەدىبلىرىمىزنىڭ 1997-يىلى بىر-بىرىدىن ئېسىل، بىر-بىرىدىن سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ژۇرنىلىمىزغا كۈچلۈك يار-يۆلەك بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىجانىدىل ھەسسە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. يېڭى يىل سىلەرگە يېڭى روھ، يېڭى شىجائەت، يېڭى ئۇتۇق ئاتا قىلغاي!

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1997-يىل، يانۋار

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

47 - يىل نەشرى

1

1997

باش مۇھەررىر

**مەھەممەت شاۋۇدۇن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەمتىمىن ھوشۇر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەخەت تۇردى ........ ئىرادىدىن پۈتكەن گۈزەللىك (ئەدەبىي ئاخبارات) ... 4

ماخمۇت مۇھەممەت ........ قەپەس ۋە قۇش (ھېكايە) ................ 49

توختى سابىر ........ زۆھرەخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى (پوۋېست) ... 55

قەلبىنۇر ئابلىمىت ........ ئاخىرقى تاللاش (ھېكايە) ................ 93


## يېڭى روماندىن تاللانما


مۇھەممەتجان سادىق ..... زۇلپىقار (روماندىن پارچە) ................ 104


## نەزمىي ئەسەرلەر


مامۇت زايىت ........ يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا ................ 36

ئىبراھىم ئىزاقى ........ ئىشق ئىلھاملىرى ................ 43

ئابابەكرى توختى ........ تۇمەن دولقۇنى ................ 45

ئوسمانجان ساۋۇت ........ مېنىڭ ۋەسلىم خۇشتارلىقىنىڭ زېمىنى ........ 95

مۇھەممەت روزى ........ ياشايمەن ھايات بىلەن چاقچاقلىشىپ ........ 100

ئابدۇكېرىم مەخسۇت ........ خىلۋەتتىكى چېچەكلەر ................ 101


## ئۈمىد چېچەكلىرى


ئابلېكىم مۇساق (دىلكەش) ... ئاقلىقتا پۈركەنگەن زېمىن، كائىنات ........ 127

پەرھات باھايىدىن ........ ئاي شولىسى ................ 128

# بۇ سانىدا

## مەرسىيەلەر


ئابدۇرېھىم ئابدۇللا .......... دوستۇمغا مەرسىيە .................. 129

ئابلىكىم تۇردى .......... «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىن ساقىغان يۇلتۇز ... 129

ھوشۇر روزى .......... پىغان ......................... 130


## مەسەللەر


قۇربان ئېلى .......... ئۈچ مەسەل ..................... 134


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ماخمۇت زەيدى، سەييارە سەلەي .......... «ئۇپۇقتىكى سۈرەتلەر» پوۋېستى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى .......... 135

ئېزىزجان توختىھاجى .......... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ... 152


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


قايغۇلۇق خەۋەر .......................... 157

ئۇچۇرلار .......................... 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: پەرھات ئىبراھىم، زۇلپىيە ئابدۇرېھىم

مەسئۇل كوررېكتور: قەييۇم تۇرسۇن

ئەخەت تۇردى

# ئىرادىدىن پۈتكەن گۈزەللىك

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## كونا ئۆتەڭدىكى يېڭى ناخشا

«تۇرمۇشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ھامان خەتەرلىك دولقۇنلارنى باتۇرلۇق بىلەن كۆتۈۋالىدىغان ھەم ئۇنى قەتئىي يېڭىپ چىقىدىغانلارغا بېرىلىدۇ.»

(خاتىرە دەپتىرىمدىن)

ھەممە ئادەمدە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قەلب بار. گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى.

1995-يىل 2-ئىيۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەتمۇ ئەنە شۇ گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىپ، بۇ بازار توغرىسىدا «شىنجاڭنىڭ يېزا-بازارلىرى ئىچىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت — سېرىقبۇيا» دەپ بېغىشلىما يازغان!

شۇغىنىسى، مەرۋايىت ھەرگىزمۇ ئۆزى لەيلەپ سۇنىڭ ئۈستىگە چىقمايدۇ، ئۇنى ئالىمەن دېگەن ئادەم جانپىدالىق بىلەن سۇنىڭ چوڭقۇر ئاستىغا چۆكۈشى كېرەك!

سېرىقبۇيا بازارلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سەمەت ئىسمائىل ئەنە شۇنداق جانپىدالىق بىلەن سۇنىڭ ئاستىغا چۆككەنلەرنىڭ بىرى. ئەمدىلا 46 ياشقا كىرگەن، پاكار بويلۇق، دوغىلاق بۇ ئادەم مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىننىڭ ئاش-سۈيى بىلەن چوڭ بولغان. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ ھەر بىر ئادىمى، ھەر بىر يېزا-كەنت، تاغ-دەرياسىدىن تارتىپ، ھەر بىر دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھغىچە ئۇنىڭغا تونۇشلۇق. بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى بىلەن خەلقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھېسداش، تەقدىرداش بولۇپ كەتكەن. قىسقىسى، بۇ ئادەم 1966-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالتە كىسەك كەنتىگە شۇجى بولغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە نەگە تىكىپ قويسا، شۇ يەردە

مېۋە بېرىپ، مۇشۇ ئانا تۇپراققا چىن ئىشتىياق باغلاپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئاددىي، لېكىن ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار ئادەم ئىدى. لېكىن بۇ ئادەم 1990 - يىلى بازارلىق پارتكومغا شۇجى بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا خىيالچان، جىمغۇر بولۇپ قالدى. تۇرمۇشتا، بىرگە ھەسرىتى چوڭقۇر ئادەم جىمغۇر بولىدۇ، يەنە بىرگە ئارزۇسى كۈچلۈك ئادەم جىمغۇر بولىدۇ. سەمەت ئىسمايىلنىڭ بۇنداق تويۇقسىز جىمغۇر بولۇپ قېلىشى — ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇ زادى نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئۇ يېڭىلىقنى، گۈزەللىكنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۆزى پۇت تىرەپ تۇرغان مۇشۇ زېمىندا يېڭى، گۈزەل بىر دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، كونا ئۆتەڭدە يېڭى ناخشىلارنى ئېيتقۇسى، يېڭى ئۇسسۇللارنى ئوينىغۇسى كېلەتتى!

شۇنداق، بۇ قەدىمىي ئۆتەڭنىڭ يەنىلا ھازىرقىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇزۇلۇپ قالماستىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى! ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە ئەجدادلارنىڭ جاسارەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك ئوبرازى نامايان بولاتتى، قولاق تۈۋىدە قەدىمكى زامان كارۋانلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆتەڭنى بېسىپ ئۆتكەن چاغدىكى يېقىملىق، جاراڭلىق قوڭغۇرىقى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىلا، كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۇ زېمىننى ئاچقان، بۇ ئۆتەڭنى بەرپا قىلغان، گۈللەتكەن. ئەمدى بىزمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بۇ زېمىن، بۇ بازارنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، باياشاد، گۈزەل ماكانغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم، شۇ چاغدىلا، بىز تارىختىمۇ، كەلگۈسىمۇ يۈز كېلەلەيمىز.

سەمەت ئىسمايىل سۆكۈت ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئويلايتتى، بازارنىڭ توپا - چاڭ باسقان يوللىرىنى، قىڭغىر - قىيسىق دۇكانلىرىنى، توپا چىراي تىجارەتچىلىرى بىلەن رەددى - بەدەل خېرىدارلىرىنى كۆرۈپ، يەنە چوڭقۇر خىيالغا چۆكەتتى، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى، ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولاتتى، نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى...

مۇنداق بىر ھېكمەت بار: «ئەقىلسىز ئۆتمۈشى بىلەن ماختىنىدۇ، كالتە پەم كېلىچەك بىلەن ماختىنىدۇ، ئاقىل بولسا، ھازىر بىلەن ماختىنىدۇ!» لېكىن بۇلارنىڭ ھازىر ماختانغۇدەك نېمىسى بار؟! بازار يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك كونا پېتى تۇرۇپتۇ، يوللار ئوڭغۇل - دوڭغۇل، بىرەر ماشىنا ئۆتسە، ئادەم ھۈركۈپ، پىتراپ كېتىدۇ، ئاسماندىن توپا ياغقاندەك پۈتۈن ئەتراپ چاڭ - توزانغا كۆمۈلىدۇ، سودا - سېتىق قىلىدىغانلارنىڭمۇ تۇرار جايى ئۈچۈقچىلىق، يازدا ئىسسىقتىن مېڭىسى قاينايدۇ، قىشتا سوغۇقتىن تېنى مۇزلايدۇ!

ئويلىغانسېرى سەمەت ئىسمائىلنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى، كۆز ئالدىدا ئۆزى كۆرگەن بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك، كۆركەم قىياپىتى نامايان بولۇپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى، ئۆزلىرىنىڭ ھېچبولمىغاندا،

غۇلجا، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكىلەر قىلغان ئىشلارنىڭ ئۇندىن بىرىنىمۇ قىلالمىغانلىقىدىن قاتتىق خىجىللىق، ئۆكۈنۈش ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭدا زادى نېمە كەم؟ ئەقىل-پاراسەتمۇ ياكى غەيرەت-شىجائەتمۇ؟ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا يېتەرلىك بار ئىدى. پەقەت پۇل يوق ئىدى. ئۇ نۇرغۇن پىلانلاش، ھېسابلاش ئارقىلىق، سېرىقبۇيا بازىرىنى كېڭەيتىپ، يېڭىلاپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، تۆت مىليون ئەتراپىدا پۇل كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ چىققانىدى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئىلكىدە تۆت مىليون تۇگۇل، تۆت مىڭ يۈەن نەخ پۇلمۇ يوق ئىدى. تېخى ئۆتكەن يىلىلا (1990-يىلى)، بازارلىق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان بىناسىنى 800 مىڭ يۈەن خەجلەپ، ئاران پۈتكۈزۈپ ئالغان. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئورنى «لەيلىخان مازىرىم» دېگەن مازارلىق ئىدى، ئىشخانىلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە قومۇش ئۆسۈپ، تام-تورۇسلىرىدىن قۇم-توپىلار شىرقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن، قەتئىي بىر ئىرادە بىلەن بۇ يەرنى قايتا قۇرۇپ، ئۈچ قەۋەتلىك خېلى كۆركەم بىر بىنا پەيدا قىلدى، ھويلىدا باغ ياسالدى، گۈلزارلىق پەيدا بولدى، شۇ قاتاردا خېلى ئوبدان بىر مېھمانخانىمۇ تۇرغۇزۇلۇپ قالدى. بۇ ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ تاپقان-تەرگەن ئىقتىسادىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، تۆت مىليون يۈەن پۇلنى چىقىرىش تۇگۇل، تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ بەرى مۈشكۈل ئىدى. لېكىن سەمەت ئىسمائىل جاھىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشتىن زادىلا توختىمىدى، ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلدى، پىلان تۈزدى، لايىھە قۇردى. بىرنەچچە كۈنلۈك چوڭقۇر ئوي-خىيال ئاخىر ئۇنىڭدا قاتتىق بىر روھىي سىلكىنىشنى پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ پىكىر يوللىرى بىردىنلا ئېچىلىپ، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى!

ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى ھەمىشە كۆرەشكە ئۈندەيدىغان، كاتتا ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان بىر ئىچكى سادا بولىدۇ. سەمەت ئىسمائىلنىڭ ۋۇجۇدىدا مانا شۇنداق كۈچلۈك بىر سادا جۇش ئۇرۇپ كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئالدى بىلەن سېرىقبۇيا خەلقىگە ئىشەندى، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى بۇ خەلق يۇرتىنى سۆيىدىغان، غورۇرى كۈچلۈك، سودا ئېڭى يۇقىرى، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئىدى، ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى سىرتتا تىجارەت قىلىپ، سىرتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، يېڭىلىق ئۆگەنگەن، مەدەنىيەت تارقاتقان. ئۇلاردا چوقۇم بۇ قەدىمىي، داڭلىق بازارنىڭ مۇشۇنداق ۋەيرانە، ناتىۋان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا نىسبەتەن غەشلىك، تىت-تىتلىق تۇيغۇسى بار...

سەمەت ئىسمائىل كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى مانا شۇنداق نازۇك، تەخىرسىزلىك ئامىللىرىنى كۆرۈپ يەتتى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ياخشى پۇرسەت، دەپ بىلدى. پاكىتلارنى ھېسابلاپ كۆردى...

سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مۇرەككەپ، تەركىبى چىگىش بولغاچقا،

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەركىن دۇنياسى» دەپ ئاتالغان. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى يىللاردا جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق جەھەتتە ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، بۇ يەردىكى چوڭ-كىچىك خەلقنىڭ ھەممىسىدە: «يۇرتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان، ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدىغان ئىشنى قىلمايمىز!» دەيدىغان بىر خىل يۇرت سۆيۈش، ئىززىتىنى ساقلاش ئىدىيىسى كۈچلۈك. شۇڭا، بۇ بازار جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش جەھەتتە، ئۇدا ئۈچ يىل ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. يەنە قايسى بىر يىلى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدىغان يولدىكى كونا ياغاچ كۆۋرۈكنى بۇزۇپ، سېمونت-كۆۋرۈككە ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، بۇنى خالىسانە ياساش ئۈچۈن، ئارقا-ئارقىدىن تۆت ئادەم پىدائىي بولۇپ چىققان. ئاخىر تەشكىل بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىمىن ۋەلى دېگەن تىجارەتچىگە بۇ ساۋابلىق ئىشنى بەرگەن. ئۇ كىشى دەرھال 20 مىڭ 500 يۈەن پۇل خەجلەپ، يېڭى بىر سېمونت كۆۋرۈكنى تېزلا پۈتكۈزۈپ چىققان...

مانا شۇنداق بىر قاتار ئەمەلىي، خالىسانە ئىشلارنى قىلغان سېرىقبۇيا خەلقى سەمەت ئىسمائىلنىڭ قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچتى، ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ كاللىسىدا: «خەلقنىڭ بازىرىنى خەلق ئۆزى قۇرۇپ چىقالايدۇ!» دېگەن ئىدىيە ۋە ئىشەنچ پەيدا بولدى.

دەرۋەقە، پۇل بولمىسىمۇ بولمايتتى. ئەدناسى، قوشقاچ تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر ئۈچۈم دان كېرەك. لېكىن، پۇل يوق دەپ، قاراپ ئولتۇرۇشمۇ بىر خىل روھىي زەئىپلىك، بۇ دۇنيادىكى چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ قايسى بىرى ئاز-تولا تەۋەككۇلچىلىك، قاراملىق قىلماي تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىققان! بۇ بازارنىڭ قىياپىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىپ، زامانغا لايىق قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈنمۇ، ئاز-تولا قاراملىق، دادىللىق كېرەك! پۇل بولمىسا، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن تاپىمىز، ئادەمنىڭ كۈچى قىممەت يارىتىدۇ، قىممەت پۇلغا ئايلىنىدۇ، پۇل پۇلنى تاپىدۇ!

سەمەت ئىسمائىل مانا شۇ ئىدىيە ۋە ئىشەنچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، 1991-يىلى 15-مايدا پۈتۈن بازار بويىچە كاتتا بىر سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەرساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا، سەمەت ئىسمائىل كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى:

— يۇرتداشلار، قېرىنداشلار، دوستلار! — دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى تەنتەنە بىلەن، — بىزنىڭ سېرىقبۇيا ئەسلىدە نامى بار، ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم جاي ئىدى. لېكىن ھازىر ئىسمى جىسمىغا ماس كەلمەي قالدى. بازار ئىچكىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان، مارالبېشى-يەكەن تاشيولى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق ھالقىلىق

پەيتتە، بۇرۇنقى مەشھۇر نامىمىز ھازىرقى رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز ھەرىكەت قىلماي، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، بۇرۇنقى ئاۋات، غۇژغۇن بازار ئاستا-ئاستا چۆللىشىپ، نامى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇنداق بولۇشنى ھەرقانداق سېرىقبۇيلۇق خالىمايدۇ، ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. قارىماققا، بىزنىڭ بۇ يەر ئاپتونوم رايوننىڭ كاسا يانچۇقىدەك كىچىككىنە بىر يەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان تەكرى تېغىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىغا تارقىلىپ كەتكەن، شۇڭا، بۇ يەرنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ، تاشلىۋەتكىلى تېخىمۇ بولمايدۇ! ئەگەر بىز بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارساقلا، بازارنى چوقۇم يېڭىدىن قۇرۇپ چىقالايمىز! كونىلاردا: «كەمبەغەل كېنىدىكىنى ئۆزى كېسىپتۇ» دېگەن گەپ بار. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز قىلمىساق بولمايدۇ، ئۆزىمىزنىڭ بازىرىنى ئۆزىمىز قۇرۇپ، ئۆز تارىخىمىزنى ئۆزىمىز يازايلى! پۇلى بارلار پۇل چىقىرايلى، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرايلى، تېخنىكىسى بارلار تېخنىكا چىقىرايلى!...

سەپەرۋەرلىك يىغىنى كىشىلەرنى ئويغاتتى، ئۇلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ ئۆتتى، ھەممەيلەننىڭ قەلبىدىكى ھېسداشلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىۋەتتى.

ئۇلار سەمەت ئىسمائىلنىڭ سۆزلىرىدىن: ئەگەر سەن ھەقىقىي سېرىقبۇيلۇق ئىكەنسەن، سېرىقبۇيىنى قىزغىن سۆيۈشۈڭ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشلىك ھەسسە قوشۇشۇڭ كېرەك، بۇ سېنىڭ ئەمەلىيەتتە ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى سۆيگىنىڭ بولىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى! ئۇلار يەنە سەمەت ئىسمائىلنىڭ سۆزىدىن بازارلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى كۆردى، نىشانى بىلەن پىلانىنى چۈشىنىپ يەتتى!

سەمەت ئىسمائىلنىڭ مۆلچەرى خاتا بولمىغانىدى، بىرلا سەپەرۋەرلىك بىلەن قوزغالغان، ئاياغقا تۇرغان سېرىقبۇيا خەلقىنىڭ يۇرت سۆيەر، ئەمگەكچان، ساخاۋەتلىك خىسلىتى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى. ئەل قوزغالسا تاغنىمۇ يۆتكىۋېتىدۇ، دېگەن گەپ راست. خەلقنىڭ تاشقىن روھى، ئوتتەك قىزغىنلىقى سەمەت ئىسمايىلنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشەنچىگە ئىشەنچ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى!

ئۇلار ئىشنى 1991-يىلدىن 1995-يىلغىچە بولغان بەش يىللىق پىلان بويىچە باشلاپ، بىرىنچى قەدەمدە يول قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. بۇرۇنقى 12 مېترلىق ئانا يولنى 40 مېترغا كېڭەيتىپ، بەش كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تۆت يول ياسالدى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا 16500 تۈپ رېدە، چىنار، ئارچا، مەجنۇنتال قاتارلىق مەنزىرە دەرەخلىرىنى تىكتى، ئېلېكترىسىم يوللىرىنى، سۇ تورۇبا يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى 800دىن ئارتۇق ئائىلە تورۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى. بۇ يەرگە قۇرۇلغان

سۇ مۇنارىسىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا دەرىجىلىك 100 ئۆلگىلىك سۇ مۇنارىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بۇجەريانىدا، دېھقانلار كۆچىنى چىقاردى. بەش يىلغىچە ھەر بىر دېھقان بىركۈندىن ئىشلەپ، جەمئىي 20 مىڭ ئەمگەك كۈنى ھەقسىز ئىشلەپ بەردى. قول بىلەن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى شۇلار قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ كەتمەن، گۈرجەك، زەمبىل-ھارۋىلىرىنى ئىشلەتتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تراكتورلىرىنىمۇ ئىشقا سالدى.

يول بويىغا ئورمان سالغاندا، دېھقانلار ھارۋا بىلەن يېزىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى توشۇپ كېلىپ، دەرەخ تىكتى. بۇ جەرياندا، نۇرغۇن ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر مەيدانغا چىقتى. 1-كەنت 2-مەھەللىدىكى يۇنۇس قۇربان، ئۆز ھۇددىگەرلىكىدىكى بەش مۇ يەرنىڭ يۈزىدىن 60 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتىكى ئۇنىمۇتلانغان ئۇنۇملۇك توپىنى يۆتكەپ كېلىپ، دەرەخ تىكىشكە ئىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەر تېز ھەم ياخشى ئۆسۈپ، يېڭى يولنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

پۇلى بارلار پۇل چىقاردى. 1992-يىلى 120 نەپەر تىجارەتچى بازار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 4-كەنت 3-مەھەللىدىكى دېھقان تىجارەتچى تۇرسۇن رېھىمنىڭ سالغان مەبلىغى 60 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تاپقان پۇلىمۇ بىر مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ پۇل ئاساسەن، ئۈچ مېھمانخانا، ئىككى ئاشخانا، ئىككى ئۇن زاۋۇتى ۋە 300 ئادەم ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىسىدىن كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەر يىلى «يېشىل كارخانا» دىن كىرىپ تۇرىدىغان كىرىممۇ خېلى كۆپ بولدى. «يېشىل كارخانا» نىڭ بىرى، ئون مىڭ مو چوڭلۇقتىكى چۇچۇكبۇيا مەيدانى؛ يەنە بىرى، 45 مىڭ مۇ كەڭلىكتىكى توغراقلىق بولۇپ، ئۈچىنچىسى، يېڭىدىن ئېچىلىپ، سىرتقا ئىجارىگە بېرىلگەن ئۈچ مىڭ مو بوز-بىنام ئىدى. مانا بۇلار بازارنى يېڭىلاپ قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇپ قالدى.

تېخنىكىسى بارلار تېخنىكىسىنى چىقاردى. بۇنىڭدا: بىرى. شەھەر كۆرگەنلەردىن مەسلىھەت سورالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنى كۆرسەتتى؛ يەنە بىرى، 80 كىشىلىك بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا كاندىدات ئىنژېنېر دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلاردىن ئىككىسى قاتناشتۇرۇلدى. بۇ ئەترەت مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدى:

بىرىنچى، بازار قۇرۇلۇشىدا بىر كۋادرات مېتىر يەرنى 180 يۈەنلىك باھادا ئىشلىدى. شۇ چاغدا، بىر كۋادرات مېتىر يەرنىڭ ئادەتتىكى باھاسى 250 يۈەن ئىدى؛ ئىككىنچى، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئادەملەر بولغاچقا، ھەققە تەن قېتىرقىنىپ، ئەستايىدىل ئىشلىدى؛ ئۈچىنچى، ئىش ھەققى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل بەرسە، شۇنىڭغا رازى بولدى. ھەتتا ئۆزلىرى سىرتتا ئىشلەپ تاپقان

پۇللىرىنىمۇ بازاردىكى قۇرۇلۇشقا ئىشلەتتى. دېمەك: قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۆزىنىڭ تېخنىكىسىنى چىقىرىپ، بازار قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختا، كۆركەم بولۇشى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى! ...

— ئىككىنچى قەدەمدە، بازارنى ئىككىگە بۆلدۇق، — دەپ چۈشەندۈردى، — سەمەت ئىسمايىل بازارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، — بىرى، مەدەنىيەت بازىرى؛ يەنە بىرى، سودا بازىرى. مەدەنىيەت بازىرىدا، يازلىق، قىشلىق كىنوخانا، مەدەنىيەت پونكىتى ۋە تەنتەربىيە مەيدانى بار. سودا بازىرىدا، كەچلىك بازار، كۈنلۈك بازار، ھەپتىلىك بازار بار. كۈنلۈك بازارنى 1992-يىلى پۈتتۈردۇق. بۇ يەردە 180 بوتكا سېلىندى، ھەر بىر بوتكىنىڭ ئارىلىقىدا يەنە يايما ئاچىدىغان سۇپابار. بۇ يەردە 400 ئادەم بەخۇدۇك تىجارەت قىلالايدۇ. بۇنىڭغا بىر مىليون 600 مىڭ يۈەن خەجلىدۇق...

مەن بازارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر خىل رەڭدە سىرلانغان، ئوخشاش ئۆلچەمدىكى رەت-رەت بوتكىلارغا زەن سالدىم. بوتكىلارنىڭ ھەممىسىدە مال كۆپ ھەم رەڭگا رەڭ ئىدى، سودىمۇ قىزغىن بولۇۋاتاتتى. ئادەمنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغايدىغىنى، بوتكىلارنىڭ ماڭلىيىغا يېزىلغان قىزىق ھەم چىرايلىق خەتلەر ئىدى: «ھىلال ئاي ئاشخانىسى»، «تاڭ يەيزى ساتىراچخانىسى»، «پاكلىق سىماسى ئۇن، ياغ دۇكىنى»، «بۇلبۇل ناۋاسى ئېلېكتر سايمانلىرى ماگىزىنى»، «دولان باھارى سۈرەتخانىسى»، «ئىللىق چىراي ھۆسن تۈزەش ئورنى»...

بۇ ئىسىملارنى چوقۇم يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي بىرەر ئادەم ئىزنەمەي قويۇپ چىققاندى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا، بۇ بازارنى جانلىق، قىزغىن ۋە سەلتەنەتلىك كەيپىياتقا تولدۇرغاندى.

بىز ئايلىنىپ كەچلىك بازارغا كەلگەندە، سەمەت ئىسمايىل سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— 1993-يىلى مارالبېشى-يەكەن تاشيولىغا ماي ياتقۇزۇۋاتقاندا، بىزمۇ بەش مىڭ كۋادرات مېتر يەرگە ئۆزىمىز ماي بېسىپ، «سېرىقبۇيا كەچلىك بازىرى»نى بەرپا قىلدۇق. 1994-يىلى ھەپتىلىك بازارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان «ئۆزۈملۈك بازار»نى پۈتتۈردۇق. بۇ يەردە كىشىلەر باراڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ سودا-سېتىق قىلىدىغان بولدى. بۇنىڭغا 400 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىدۇق. بىز بۇ بازار قۇرۇلۇشىغا راسا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا، قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى. بىزنىڭ ئىشىمىزدىن تەسىرلەنگەن دىنىي زاتلارمۇ: «ھۆكۈمەت بازار قۇرۇلۇشىدا كۆپ كۈچ چىقاردى، بۇ ئىشقا بىزمۇ ھەسسە قوشمىساق بولمايدۇ، قۇربان ھېيتلىق تېرە-ئۈچەي پۇلىنى بازار قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلايلى» دېيىشىپ، بازار بويىچە يىغىلغان 2100 تېرە-ئۈچەينى بىر يۈز ئاتتە مىڭ يۈەنگە سېتىپ، بازار قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى. 1995-يىلى يەنە بىر غەيرەت قىلىپ، يېمەك-ئىچمەك، كۆكتات بازىرىنى بەرپا قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ، بەش يىلدا بەش چوڭ ئىشنى پۈتتۈردۇق. بىزنىڭ قىلغان ئومۇمىي قۇرۇلۇشىمىز 17 مىڭ 500

كۋادرات مېتىر بولدى، بازار كۆلىمى 150 موغا كېڭەيتىلىپ، «بەشتە ياخشى بازار» ئۆلچىمى بويىچە رەتلەندى. بۇ ئىشلارغا بىرجەمئىي تۆت مىليون 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل خەجلەندۇق. بۇنىڭدىن بانكا ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن قەرز ئالغان بىر مىليون 200 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتسەك، قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلدۇق. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن پۇل تاپتۇق! ھازىر ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ كۈن بويى ئولتۇرۇپ تىجارەت قىلىدىغان 560 ئادەمگە بوتكا، دۇكان تەييارلاپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بازارنىڭ كەيپىياتىدا، مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولدى، تىجارەت جانلاندى، دۆلەت تېكىمۇ، شەخسكىمۇ مەنپەئەت يەتتى. 1991 - يىلدىن بۇرۇن، سودا - تىجارەتچىلەرنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان تاپاۋەت بېجى 200 مىڭ يۈەن ئىدى، ھازىر بىر مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا - سانائەت ئورنىنىڭ شۇ چاغدا ئالىدىغان باشقۇرۇش ھەققى 60 مىڭ يۈەن ئىدى، ھازىر 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

— پەرق زور ئىكەن، تىجارەت راستىنلا جانلىنىپتۇ، — دېدىم مەن تەسىرلىنىپ، — ئۇنداقتا، بۇ بازاردا رەسمىي تىجارەت كېنىشكىسى ئېلىپ سودا قىلىدىغانلار قانچىلىك؟

— رەسمىي كېنىشكىسى بارلار 1950 دىن ئاشىدۇ، بازار كۈنى كېلىپ، بىر كۈنلا سودا قىلىپ كېتىدىغان دېھقان تىجارەتچىلەرنىڭ سانىمۇ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ سودا ئېڭى يۇقىرى، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى سودا - سېتىققا قىزىقىدۇ، سىلى تېخى كۆرمىدىلە، بۇ يەردە ئۈچ ئايال قاسساپ بار، شۇلارمۇ بازار كۈنى 6 - 7دىن قوي سويۇپ سېتىپ، ئالدى ئۈچ مىڭ يۈەن، كەينى ئىككى مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى پاشا ھېزىم، قالتىس مەردانە ئايال، قوينى ئۆزى بوغۇزلاپ، ئۆزى سويىدۇ.

— راستىنلا قالتىس ئىكەن، ئۇلار بىلەن بىر كۆرۈشسەك قانداق؟ — دېدىم مەن ئايال قاسساپلارغا قىزىقىپ.

ۋەھالەنكى، بۈگۈن بازار كۈنى بولمىغاچقا، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم. ئەمما، كۆڭلۈمدە ئۇلارغا نىسبەتەن بىر خىل قىزىقىش، قايىللىق تۇيغۇسى ئورناپ قالدى. مېنىڭچە، ئۆز ئىقتىدارىغا توغرا قارىيالايدىغان، ئۆز ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان ئاياللارلا چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ!

— سەمەت شۇجى، بازار كۈنى بۇ بازارغا قانچىلىك ئادەم كېلىپ كېتىدۇ؟ — سورىدىم مەن بازارنىڭ كەڭ دائىرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— كۆز بازىرىدا 80 مىڭدىن 100 مىڭچە ئادەم كېلىپ سودا - سېتىق قىلىدۇ، — دېدى سەمەت ئىسمائىل ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا، — بۇ يەرگە يالغۇز قوشنا يېزىلاردىكى دېھقانلارلا ئەمەس، يەكەن، مەكىت، يوپۇرغا،

پەيزىۋات قاتارلىق ناھىيىلەردىن ھەم ئەتراپتىكى بىگتۈەن مەيدانلىرىدىنمۇ ئادەملەر كېلىدۇ.

— بازارنىڭ ئۆزىدىكى تىجارەتچىلەر قانچىلىك!

— بازاردا جەمئىي 12 مىڭ نوپۇس بار، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تىجارەتچى دېسەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا ئاتلاپ، باشقا ئۆلكە، شەھەر ھەم چەت ئەللەرگە چىقىپ تىجارەت قىلىدىغانلار 300 دىن ئاشىدۇ. يېقىندا ئېگىلەپ كۆرۈشىمىزچە، بازاردا بىر مىليوندىن ئارتۇق دەسمايىسى بار تىجارەتچىدىن ئۈچ ئائىلە بار ئىكەن!

مەن سەمەت ئىسمائىلنىڭ بۇ گەپلىرىنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان ھەم ئېگىلىگەن ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالدىم: بازارنىڭ ئۆزى سىرلىق ھەم قايناق بىر جەڭگاھ. كۈنسېرى روناق تېپىپ، گۈللىنىۋاتقان بۇ قەدىمىي بازارمۇ ئۆز قوينىدا ئۇرغۇنلىغان سودىدا ماھىر، مۇلازىمەتتە قىزغىن، ئۇچۇر قارىشى يۇقىرى تىجارەتچىلەرنى تاۋلاپ يېتىشتۈرگەن. بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇلار كۆزى پىشىپ، قانىتى قېتىپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، بېرىسى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن؛ نېرىسى بىشكەك، بۇخارېست، ئىستانبۇل، جىددە قاتارلىق خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئانا يۇرتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى دۇنيا خەلقىگە تونۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ زامانىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئانا يۇرتقا، يۇرتداشلىرىغا سوۋغا سۈپىتىدە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

— بازارنىڭ ئومۇمىي پۇل ئوبوروت ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدىم مەن خىيالدىن سەگىپ.

— كۈز بازىرىدا ئىككى مىليون، ھازىرقى بازاردا بىر مىليون ئەتراپىدا پۇل ئوبوروت بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى سەمەت ئىسمائىل چۈشەندۈرۈپ، — تىجارەتچىلەر 108 خىل كەسىپ تۈرى بويىچە تىجارەت قىلىدۇ. مەن سىلىگە بازاردىكى ئۈچ چوڭ ئاشخانىنىڭ سودا ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەي: ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سودا قىلىدۇ. بازار كۈنىدە بولسا، ئون مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بايا بىز تاماق يېگەن ئابدۇراخمان ھاجىمنىڭ دۇكىنىدا مىنەپتە كۈندە 30 ئادەم، بازار كۈنىدە 50 ئادەم ئىشلەيدۇ. بازار كۈنىدىكى سودىسى 13 مىڭ يۈەندىن 15 مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ. بۇنى بايا ئۆزلىرىمۇ سوراپ باقتىلا.

شۇنداق، بايا مەن مەجنۇنتالنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى — جاھان كۆرگەنلىگە قارىماي، بېشىغا نىمكەش ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان، قورساقلىق، ئەمما خېرىدارلارغا ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىدىغان ئابدۇراخمان ھاجىمنى گەپكە سېلىپ، ئۇنىڭ سودا ئەھۋالىنى ئېگىلەپ باققانىدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ماڭا: يېقىندا بۇ يەرگە ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان

بىرنەچچە مېھماننىڭ تۇغقان يۇقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىنى، گۈزەل ھۆسنى جامالىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى، بۇ يەردىكى مەمۇرچىلىكلەرگە قاراپ زوقلانغانلىقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— ئۇلار بۇرۇن بىر كەلگەن، لېكىن بۇ قېتىم سېرىقبۇيىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ھەيران قېلىشتى. مۇشۇ يول، مۇشۇ بىنا، مۇشۇ گۈلزارلىقلاردا قايتا-قايتا رەسىمگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلىرىغا كۆرسەتمەكچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. بىز ھەر كۈنى بۇ يەرنى كۆرۈۋېرىپ ھېس قىلمىغان بىلەن، سىرتتىن كەلگەن ئادەملەر بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىنى، گۈزەللىكىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىدىكەن!

شۇنداق، ئابدۇراخمان ھاجىم توغرا ئېيىتىدۇ. گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ شۇنىڭغا لايىق ئۆتكۈر ھەم سەممىي كۆز بولۇشى كېرەك! قەستەن كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان ئادەمنىڭ كۆرىدىغىنى، خۇددى مۇشۇككە ھەممە نەرسە كۆل رەڭ كۆرۈنگەندەك، خۇنۇكلۇك ھەم قاراڭغۇلۇق بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ھېمىشە تۇرمۇشتىن بىزارلىق ھېس قىلىپ قاقشايدۇ. بۇنداقلار ئەگەر كونا پەدىنى تاشلاپ، كاللىسىدىكى قېتىپ قالغان دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلىسىلا، جەزمەن يېڭى بىر دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىيالايدۇ!... قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە سېرىقبۇيىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇنداق سەلتەنەتلىك ئۆزگىرىش كىشىلەرگە:

«قايسى ئەلدە گەپ تولا، بەرىكە ئاز،
قايسى ئالدە ئىش تولا، بەرىكە ساز!»

دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز باراڭلىق بازاردىن ئايرىلىپ، چوڭ يولغا چىقتۇق. يول پاكىز، ئازادە ئىدى، يول بويىدىكى چىنار ۋە رېدىلەر قويۇق سايە تاشلاپ، كىشىلەرگە سالقىنلىق بەخش ئېتەتتى. مەن يول بويىدىكى تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ تىختاپ قالدىم. بىنا زامانغا لايىق كۆركەم ھەم پۇختا سېلىنغانىدى.

— سەمەت شۇجى، بۇ بىنا قاچان سېلىنغان؟ — سورىدىم مەن ئادىتىم بىر يېزا بازىرىدا تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ بارلىقىغا قىزىقىپ، چۈنكى شۇ دەقىقىدە خىيالىمدىن 1995-يىل مارتتا ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر ۋەتەنداشنىڭ: «ئۈرۈمچىدە 5-6 قەۋەتلىك بىنالارمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالى ئۆتۈپ قالغانىدى!

— بۇ بىنانى ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى 1994-يىلى سالغان. بۇ سېرىقبويا سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىشخانىسى. ھازىر بازاردا، ئالدى تۆت قەۋەتلىك، كەينى ئىككى قەۋەتلىك بىنادىن 32سى بار. بۇنىڭدىن سەككىزنى

شەخسلەر سالغان.

— تەنتەربىيە مەيدانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟

— ياق، تەنتەربىيە مەيدانى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. قانداق، بېرىپ كۆرۈپ باقمىزمۇ؟

مېنىڭ راستىنلا تەنتەربىيە مەيدانىنى كۆرگۈم بار ئىدى. چۈنكى، بۇ توغرىسىدا خېلى تەسىرلىك گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم.

بىز تەنتەربىيە مەيدانىغا كەلدۇق. ئىشىك بېشىغا «توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى» دېگەن قىزىقارلىق ۋېۋىسكا ئېسىلغانىدى. ئۈچ مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەيداندا بىر ۋالىبول سېتكىسى بىلەن بىر ۋاسكېتبول جازىسى ئورنىتىلغانىدى.

— 1995-يىل 3-ئۆكتەبىرگىچە بۇ مەيداندا تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ باردۇق، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. سەمەت ئىسمايىل، — بۇ پائالىيەتنى مۇشۇ يەردىكى ئابدۇغۇپۇر ھاجىم بىلەن قادىر ھېلىم ھاجىملارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىلدۇق. بۇ ئىككىلەن «توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى»نىڭ پەخرىي رەئىسى. ئۇلار ئۆزلىرى باش بولۇپ توپ مۇسابىقىسىغا چۈشتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن تارتىپ، قوشنا ناھىيە ۋە يېزىلاردىنمۇ ئادەملەر كەلدى. ئىككى يۈەندىن بېلەت سېتىۋېدۇق، مەيدانغا ئادەم توشۇپ كەتتى. توپ، چېلىش، قوشقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بولدى. يۇقىرىقى ئىككى ھاجىم مىڭ يۈەندىن ئىككى مىڭ يۈەن چىقىرىپ، قوشنا ناھىيە، يېزىلاردىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ياتاق، تاماق خىراجەتلىرىنى كۆتۈردى. ئۈچ كۈنگىچە سېرىقبۇيا بازىرى ھېيت-ئايەم بولغاندەك قىزىپ، قايناپ كەتتى!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەنمۇ بايرام شادلىقىغا چۆمگەندەك، خۇشال بولدۇم، تەسىرلەندىم. يېزىلىرىمىزنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەن ئۆزگىرىۋاتىدۇ، مەنىۋى تۇرمۇش جانلىنىۋاتىدۇ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاخىرقى ھېسابتا، خەلقنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. نامرات، قالاق ۋە چۈشكۈن ھالەتتە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ. ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. سېرىقبۇيا خەلقى مانا شۇنى چۈشەنگەن، ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقان، ئەقلىنى بېيىتقان، ئىرادىسىنى تاۋلىغان. بولمىسا، 12 مىڭ نوپۇسلۇق بىر يېزا بازىرىدا ئۈچ مىڭ كۋادرات مېتىرلىك بىر تەنتەربىيە مەيدانى، بىر كەسپىي سەنئەت ئەترىتى، ئىككى كىنوخانا، يەتتە سىنئالغۇخانا، ئون ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا، 120 بىليارت، 280 تېلېفون، بىر يىپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ تېخى بۇ يەرنىڭ شىنخۇا كىتابخانىسىچۇ؟ كىتابخانىدا، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بولۇپ 700 خىلدىن ئارتۇق كىتاب بار. بۇلار بىر ئايدا 6 مىڭ يۈەندىن 8 مىڭ يۈەنگىچە كىتاب ساتالايدۇ!

قىسقىسى، بۇ بىر روناق تاپقان، تىجارىتى گۈللەنگەن ئۇنىۋېرسال بازار، ئۇنىڭدا زامانىۋى سودا بىلەن ئەنئەنىۋى سودا گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە توپ تارقىتىشمۇ، پارچە سېتىشمۇ بار. بۇ يەردە يەنە، ئەڭ كىچىكى يىپ-يىڭنە، جاڭ-شۇمەكتىن تارتىپ، ئەڭ چوڭى ئات-كالا، ماشىنا-تراكتورگىچە سودا بولىدۇ. سىز بۇ يەرنىڭ بىر بازار كۈنىدە سويۇلغان يۈزدەك كالا، 7-8 يۈزدەك قوي گۆشىنىڭ خام ھەم پىششىق سېتىلىپ بولىدىغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى ئىستېمالنىڭ كۈچىنى ھېسابلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. يەنە تېخى بۇ يەردىن ھەر كۈنى بىرنەچچە يۈمشاق ئورۇندۇقلۇق، كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسلار ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلارغا قاتناپ تۇرىدۇ. بازارنىڭ ئۆزىدىلا 70دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك قاتناش ماشىنىسى بار. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، جاھانغا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ!

ئۇلۇغ غايىدىن ئۇلۇغ كۈچ ھاسىل بولىدۇ، دېگەن شۇ! سېرىقبۇيا خەلقى ھەقىقەتەنمۇ غايىلىك، ئىرادىلىك، تىرىشچان خەلق! ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ يۈكسەك غايە ۋە ئىرادىسىدىن بۇ كونا ئۆتەڭدە سەلتەنەتلىك زەپەر مارشى ياڭرىدى، گۈزەل، يېڭى بىر دۇنيا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى!

ئەلۋەتتە، بۇنداق سەلتەنەتلىك زەپەر ناخشىسىنى ئېيتىش، گۈزەل، يېڭى بىر دۇنيانى بەرپا قىلىش — ئۇنداق ئوڭاي، تىنچ ۋە شاۋقۇن-سۈرەنسىزلا بولغىنى يوق! ئىش باشلانغاندىن تارتىپ، تاكى بازارنىڭ يېڭى قىياپىتى كۆزگە كۆرۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ ئىشنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى سەمەت ئىسمائىل ئۈستىدە ھەرخىل چۈرىمە-چۆچەك گەپلەر بولۇپ تۇردى. بۇ خۇددى «بېشىنى چىقارغان قۇشقا ئوق تېگەر، دەرەخ يوغىنىسا بوران سوقار» دېگەن ھېكمەتكە ئوخشاش ئىش ئىدى. بەزىلەر، ئۇنىڭ قاداڭشىغان كونا دەرەخلەرنى قومۇرۇۋېتىپ، يېڭىدىن مەنزىرە دەرەخلىرىنى تىككىنىنى كۆرۈپ: «بىر ئوبدان يوغىنىغان دەرەخلەرنى چىقىرىۋېتىپ، كىچىككىنە رەزگى كۆچەتلەرنى تىككەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟! بۇزۇش، بۇزغۇنچىلىق دېگەن شۇ!» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «سېرىقبۇيىنىڭ زېمىنىنى قەۋەتلىك بىنالارنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بىرقەۋەت سېلىپ ئولتۇرساقمۇ بولىۋېرىدۇ، داغۋازلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟! بۇ، سېپى ئۆزىدىن ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىك» دېيىشتى. ھەتتا بەزى كونا كادىرلارمۇ: «بىز تىككەن دەرەخنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كۆچىتىنى تىكمەكچى! بىز سالغان قورۇلۇشنى چېقىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بىناسىنى قۇرماقچى!» دېگەندەك ھەسەت، قىزغىنىش ئارىلاشقان بولمىغۇر گەپلەرنىمۇ قىلىشتى. ئىشنىڭ ئەڭ يامىنى، پىلانغا توغرا كېلىپ قالغان ئۆيلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بولدى. بەزىلەر ئۆيلىرىنى چېقىشقا ئۇنىماي، سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئۆيىدە، ئىشخانىسىدا يېتىۋالدى، داد-پەرياد كۆتۈردى، ھەتتا تەھدىت سالدى. لېكىن، بۇنداق بېشەملىك، يولسىزلىقلار ئالدىدا سەمەت ئىسمائىل تەمتىرەپ قالمىدى، ئىرادىسىدىن، نىيىتىدىن

يانمىدى! غالىبلار ھامان كەسكىن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ نىشانىسىغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدۇ! شەيخ سەئدى ناھايىتى توغرا ئېيتقان: « ئازاب-ئوقۇبەتتە قالساڭمۇ، تەشۋىشلىنىپ كەتمە، ھايات بۇلىقى كۆپىنچە قاراڭغۇ يەردىن ئېقىپ چىقىدۇ! »

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئىشنى قىلىۋەردى، لېكىن ئاددىي خەلقنى زىيانغا ئۇچراتمىدى، سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلدى، پۇل بىلەن، ئەمگەك كۈچى بىلەن رازى قىلدى، سەمەت ئىسمائىل بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ھەم قەھرى بار، ھەم مېھرى بار چاكار ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

مەن سىرىقبۇيىنى كۆرۈش، ئۆگىنىش ھەم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، شۇ يەرگە ماڭىدىغان كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يەن فىنشىڭ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: « يېقىنقى تۆت-بەش يىلدىن بېرى سىرىقبۇيا خەلقى جاھانچە ئىش قىلدى. بۇنىڭدا سەمەت شۇجىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى، پىداكارلىقى ناھايىتى زور، ئۇ سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقەتەن چىڭ تۇتتى، نەتىجىلەرمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ ئەمەلىي ئىشلىگۈچى، ئۇنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۇنىڭدا سىرىقبۇيىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدا يۈكسەك پىلان ھەم ئەمەلىي تەدبىرلەر بار. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭدا كۈچلۈك بىر روھ، ئىرادە بار. مانا شۇ روھ، ئىرادە سىرىقبۇيا بازىرىنى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈردى. ھالبۇكى، سەمەت شۇجى ئۆزىنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىنى بولسا، تۆت يىلدىن بېرى پۈتكۈزەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇقىدىن، كۈچىدىن قارىغاندا، بىرنەچچە ئېغىزلىق بۇنداق ئۆينى بىرنەچچە ئايدىلا پۈتكۈزۈپ بولالايتتى. لېكىن ئۇ شەخسىي ئىشنى نەچچىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى خەلقنىڭ ئىشىغا قاراتتى، بۇ جەھەتتە ئۇ، ئۈلگە كۆرسەتتى! »

مېنىڭچە، بۇ باھا سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭ كىچىككىنە پاكار، دۇغلاق جىسمىدا ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز بىر مەنىۋى قۇدرەت بىلەن خورىماس بىر ئىرادە بار ئىدى. مانا شۇ ئىرادە سىرىقبۇيا بازىرىنى گۈزەللىككە پۈركىدى، ئۇ يەرگە ئاۋات، باياشاد، قاينام-تاشقىنلىق بىر تۇرمۇشنى ئاتا قىلدى! سەمەت ئىسمائىلمۇ بۇ يەرگە سىڭدۈرگەن ھالال ئەجرىگە يارىشا، 1995-يىلى دۆلەتلىك قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مىنىستىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، بېيجىڭدا شەرەپ بىلەن گۇۋاھنامە تاپشۇرۇپ ئالدى!

سەمەت ئىسمائىل توغرىسىدا ناھىيە ھاكىمى مەتمىن توختى: « سەمەت ئىسمائىل ئۈچىنچى ئومۇمىيغىننىڭ روھىنى توغرا ئىگىلىگەن، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلغان، سىرىقبۇيىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىش كۆرگەن. ئەڭ مۇھىمى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان. مانا بۇلار سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ شەرت

ھازىرلاپ بەرگەن! » دەپ ناھايىتى توغرا يەكۈن چىقارغان.

شۇنداق، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا، ھامان بىر ئادەم باش بولىدۇ، يېتەكلىدۇ، بەزىدە ھەتتا، ئۇنىڭ رولى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالىدۇ. سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاۋات، كۆركەم، جۇشقۇن ھالغا كېلىشىدە، سەمەت ئىسمائىلنىڭ رولى چوڭ بولغان، ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى، كەسكىن ھەرىكىتى، ئاقىلانە تەدبىرلىرى بىلەن بۇ بازار يېڭىچە تۈستە قۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايون بويىچە « مەدەنىيەتلىك ئون بازار » نىڭ بىرى؛ مەملىكەت بويىچە « بەشتە ياخشى يۈز بازار » نىڭ بىرى دېگەن شان-شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ئەمدى بىزمۇ ئۇنىڭغا ئاددىي بولسىمۇ، مۇنداق ياخشى تىلىكىمىزنى بىلدۈرىمىز: تېخىمۇ گۈللە، تېخىمۇ ئۆرلە سېرىقبۇيا! گۈزەل نامىڭ جاھانغا تارالسۇن!

## يۇرتنىڭ ئىپتىخارى

سېرىقبۇيا بازىرىدىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭى مەھەللە كەنتى بىلەن داچىكۆل كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرى بىلەن كەڭ ھويلىسىدىكى ئېگىز مومىدا لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراق يىراقتىن قارىغان كىشىگە گويا يېشىللىق ئالىمىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ھەيۋەتلىك بىر كېمىدەك كۆرۈنىدۇ!

ئەگەر سىز يېقىنراق بېرىپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ مەرىپەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر كىچىك كېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى 328 بالا ماترۇسنىڭ دېڭىز تەكتىدىن ئۈنچە-مەرۋايىت سۈزۈش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز!

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان، خۇشال قىلىدىغان تەسىرلىك بىر ھېكايە.

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ يەرگە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئېگىز بىر سېمونت تاختا ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭغا « مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى » دېگەن خەتلەر ناھايىتى چىرايلىق ئويۇلغانىدى. ئادەمگە قەدىمىي تاش ئابىدىلەردەك سىرلىق ھەم سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان بىر سېمونت ۋېۋىسكا مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. ئەۋلادلارنىڭ بەختى، كېلەچىكى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن، شۇنچە چوڭ ھىممەت داستىخىنى يېيىپ، مېھرى-شەپقەت قولىنى سوزغان بۇ ساخاۋەتچى زادى كىمدۇ؟ مەندە بىردىنلا بۇ ئادەمنى كۆرۈش ۋە مۇڭدىشىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. مەن بۇ ئادەمگە بولغان غايىبانە بىر ھۆرمەت، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن مەكتەپكە كىردىم. 12 مو يەرگە سېلىنغان بۇ مەكتەپنىڭ

ھويلىسى كەڭ، سىنىپلىرى يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. تەنەپپۇس ۋاقتى بولغاچقا، غەمسىز، قۇۋناق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانىدا قى-چۇ قىلىپ ئوينىشىپ يۈرەتتى. مەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. كىرىپلا، كۆزۈم ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان ئەينەكلىك جاھازىدىكى بىر كۇپلېت شېئىرغا چۈشۈپ قالدى، ئىچىمدە ئاستا ئوقۇدۇم.

« پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر، بۇمۇ راست،
پۇل كىشىنىڭ قان-تەرىدۇر، بۇمۇ راست.
خەجلىگەنلەر پۇلنى ئەۋلاد بەختى ئۈچۈن،
ئەھلى يۇرتنىڭ پەخرىدۇر، بۇمۇ راست! »

مۇشۇ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى يازغان بۇ شېئىر گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا چوڭقۇر بىر مېھر-مۇھەببەت بىلەن يۈكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى سىڭىپ كەتكەنىدى!

ئادەم ھاياتنىڭ قىممىتىنى، ئورنىنى، نوپۇزىنى تېپىش ئۈچۈن، كۆچىنىڭ بېرىچە باشقىلارغا كۆيۈنۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى، بەخت يارىتىشى ۋە شۇ يولدا ئۆز بەختىنى تېپىشى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي، سەممىي ئىنساننىڭ ھاياتلىق يولى!

مەن مەخەت ئېلى ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئېگىز، بەستلىك قامىتىگە، ئادەمگە چوڭقۇر مېھر بىلەن قارايدىغان ئويچان كۆزلىرىگە، ھەمىشە بىرنەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان تېتىك ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، ئەنە شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈدۇم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ، باشقىلارغا بەخت يارىتىش يولىدا ئۆز بەختىنى تاپقان ئادەم!

1994-يىلى كىرىش بىلەن، سېرىقبۇيا بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. ھازىر بۇ مەكتەپتە، 21 سىنىپ، 1021 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇ يىل بازاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتكەنلەرنى تىزىملاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەنە يېڭىدىن 450 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى نەگە سىغدۇرۇش كېرەك؟ سىنىپ يوق، مەكتەپنىمۇ كېڭەيتكۈدەك يەر يوق! مۇبادا، ئىككى-ئۈچ سىنىپ سالغۇدەك يەر تاپقان تەقدىردىمۇ، پۇل يوق! مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ جىددىي قىيىنچىلىقنى يۇقىرى-تۆۋەنگە ئېيتىپ باقتى. لېكىن ھېچقانداق يەردىن دەرھال ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا بىرەر سادا چىقمىدى. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، ھەر يىلى ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلار يۈزلەپ-يۈزلەپ مەكتەپكە كىرەلمەي، تەربىيەدىن، مەرىپەتتىن مەھرۇم قالاتتى، كوچا-كويلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ، كۆزى ئوچۇق كورلارغا، قۇلىقى سەگەك گاسلارغا ئايلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ قەدىرسىز تاشلاندۇقلىرىدىن بولۇپ قالاتتى. بۇ نېمىدېگەن

ئېچىنىشلىق ئەھۋال! ياش ئەۋلادلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، بىزنىڭ كېلىچىكىمىز! ئۇلار كەلگۈسىنىڭ ۋەكىلى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى! مىللەتنىڭ تارىخى، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئەنە شۇ ئەۋلادلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، ئەقىل-پاراسىتى بىلەن دەۋردىن دەۋرگە، زاماندىن زامانغا ئۇلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى، گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە مەڭگۈ ئۈزۈلمەي داۋام قىلالايدۇ! ئەگەر ئۇلار تەربىيىدىن، مەرىپەتتىن مەھرۇم بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاللىقانداق قەدىرسىز، كېرەكسىز بىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالسا، بۇ ئېغىر، شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى قانداق ئۈستىگە ئالالايدۇ؟!

بۇ ئىش ھەرقانداق بىر ۋىجدانلىق، غورۇرلۇق ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي تۇرالمايتتى. سىبىرىقبۇيا بازىرىدا بۇ ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى، جىددىيلىكىنى ھەم تەخىرسىزلىكىنى ئەڭ دەسلەپ چۈشەنگەن، ھېس قىلغان ئادەم مەخەت ئېلى ھاجى بولدى.

ئۇ ئۆيىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز نىيىتىنى سەمەت ئىسمائىلغا ئېيتتى:

— مەن چالا ساۋاتلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتىم. كەمبەغەللەرگە كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مائارىپ كېرەك ئىكەن، بېيىغانلارغا تېخىمۇ بېيىش ئۈچۈن يەنىلا مائارىپ كېرەك ئىكەن. مائارىپ تەرەققىي قىلمىسا، مىللەتمۇ روناق تاپالمايدىكەن. شۇڭا مەن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئوقۇشسىز قالماسلىقى، كەلگۈسىدە زامانغا لايىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، بازارغا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم!

سەمەت ئىسمائىل بۇ تۇيۇقسىز شاپائەتتىن ھەم خۇشال بولغان، ھەم ھەيران بولغان ھالدا، كۆزلىرىنى مىت قىلماي مەخەت ئېلى ھاجىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، تەسىرلەنگىنىدىن ھاياجانلىق ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— رەھمەت، خالىس نىيەتلىرىگە رەھمەت! لېكىن بۇ ئىشقا كېتىدىغان پۇل ئاز بولماسلىقى مۇمكىن!

— شۇنداق، ئاز بولمايدۇ، — دېدى مەخەت ئېلى ھاجى كەسكىن ھالدا، — لېكىن، قانچە كەتسە مەيلى، مەن نىيىتىمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن!

دەرۋەقە، بىر مەكتەپ سېلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، مەخەت ئېلى ھاجىمۇ بۇ پۇلنى ئاسان تاپقان ئەمەس، ئۇ دەسلەپ ئاددىي بىر ئىشچى بولغان، كېيىن تېخنىكا ئۆگىنىپ، تراكتور ھەيدىگەن، ماشىنا ھەيدىگەن، تۇرمۇشنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان. كېيىن سىياسەت ئوڭلىنىپ، دەۋر ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۆزى ھەيدىگەن يۈك ماشىنىسىنى ھۆددە ئېلىپ، ئۇزاق، جاپالىق يوللارنى بىرقەدەم، بىر قەدەمدىن مېڭىپ، كىشىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى ھالال ئەجرى، ئىللىق چېھرى بىلەن بىر تىيىن-تىيىندىن ئېلىپ، بۈگۈنكى ئىگىلىكىنى تىكلىگەن. ئۇ ھازىر ئۆزى قۇرغان «سىبىرىقبۇيا ترانسپورت شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى. قولىدا 40 ئادەم ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا مىڭ يۈەندىن، كەينىگە 300 يۈەنگىچە مۇئاش

بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىلكىدە سەككىز چوڭ ئاپتوبۇس، ئۈچ مىنىبۇس، تۆت يۈك ماشىنىسى ۋە بىر پىكاپى بار. ياتاقلىق ئاپتوبۇسلىرى ئۈرۈمچىگە قاتنايدۇ...

ئۇنىڭ تاپقان پۇللىرى ئەنە شۇنداق سوغۇق، قاتتىق تۆمۈر تەسەكلەر بىلەن بەدبۇي ماي-بۇتقىلار ئارىسىدىن كەلگەن. شۇڭا، بۇ پۇللارنىڭ بىر ئۈچى بىلەكتە، بىر ئۈچى يۈرەكتە! ئەمما، مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ نەزەرىدە، پۇل-مال ھەممىنى ھەل قىلىدىغان مۇتلەق نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۆز خىياللىرى بىلەن ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى پۈتۈنلەي پۇلغا، ئالتۇن-كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ئادەملەرنى ئەڭ بىچارە ئادەملەر، دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇدۇنيادا پۇلدىنمۇ ئۈستۈن، ئەتىۋار تۇرىدىغان يەنە بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، قېرىنداشلارچە مېھر-شەپقەت ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەخت-ئىستىقبالى ئۈچۈن قىلىنغان ھىممەت-شاپائەت ئىدى!

ئۇنىڭ مانا شۇ ئۇلۇغۋار روھى بىلەن كۈچلۈك ئەقىدە-ئىرادىسىدىن 1994-يىلى 15-ئاپرېل گۈل-گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپېشىل زېمىن ئۈستىدە بىر گۈزەل بىنا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ — مەخەت ئېلى ھاجى سېلىشقا باشلىغان سەككىز سىنىپ، ئىككى ئىشخانا، بىر زال، 572 كۋادرات مېتر كۆلەمدىكى يېڭى مەكتەپ ئىدى!

تۇرمۇش تولىمۇ غەلىتە، سىرلىق بولىدۇ. ئەقىللىك، ياخشى ئادەملەرنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرى بەزىدە ئالقىشقا ئېرىشىش تۇگۈل، بىھۇدە زەربىگە، مەسخىرىگە ئۇچراپ قالىدۇ. قارىماققا، بۇ يامان ئىشتەك كۆرۈنگەن بىلەن، لېكىن ئۇ، مەلۇم شارائىت ئاستىدا ياخشى ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، ئادەمنى نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى، غەيرىتىنى چىنىقتۇرىدۇ!

مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ مەكتەپ سېلىش جەريانىمۇ تۇرمۇشنىڭ بۇ مەنتىقىسىدىن سىرتتا قالمىدى. جەمئىيەتتىكى بەزىبىر نەزەر دائىرىسى تار، ئۆزىنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغان ئادەملەر مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ مەكتەپ سېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، مەخەت ئېلى ھاجى ئاران تاپقان پۇلىنى ئەخمەقلىق قىلىپ شامالغا سورۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئاچچىق مەسخىرە قىلىپ: «ئاران ئىككى نان تېپىۋېدى، مانا ئەمدى بىرىنى داپ قىلىپ چېلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ!» دېيىشتى، يەنە بەزىلىرى: «مەكتەپ دېگەننى ھۆكۈمەت سالىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت سالساچۇ ئەخمەق!» دېيىشتى. تەنە، مەسخىرە كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدەك ئەتراپتا ھۇشقۇيتۇپ يۈردى. لېكىن مەخەت ئېلى ھاجى بۇلارغا پىسەنت قىلمىدى، بەلكى ئۇ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلانغان كۈندىن تارتىپ، ئۆزى ئىش ئۈستىدە مەزمۇت تۇردى، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى بىلەن سۈپىتىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن، تامچى، ياغاچچىلارنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرىنى تاللاپ ئەكىلىپ سالدى، ماتېرىياللارنى ئۆزى تەكشۈرۈپ، كەملىرىنى تولۇقلاپ بەردى. قۇرۇلۇش تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ماڭدى، لېكىن

بۇنىڭغا ئەگىشىپ، خىراجەتمۇ ئېشىپ كەتكىلى تۇردى، مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ بۇرۇنقى خامچوتىدىن تۈمەن يۈەنلەپ ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ خەۋەر بەزىلەرنىڭ گۇلقەقەلىرىنى ئېچىلدۇرۇۋەتتى، ئۇلار بىر-بىرىگە خوش خەۋەر يەتكۈزۈپ: «مەخەتۋاينىڭ كارامىتىنى ئەمدى كۆرىمىز، ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ، ھەپتە يېتىپتىمەن، دېگەنىدەك ئىش بولىدىغان بولدى!» دېيىشىپ، تاماشا كۆرۈشكە ئالدىراشتى.

ياخشى نىيەت — يېرىم دۆلەت دېگەن گەپ بار. دەل شۇ كۈنلەردە، سېرىقبۇيىغا بىر چاغلاردا پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىم دېگەن كىشى تۇغقان يوقلاپ كېلىپ قالدى. نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىملىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ كىشى مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ بىر نەۋرە تاغىسى ئىدى. بۇ كىشى كېلىپلا مەخەت ئېلى ھاجىنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلى سۆيۈندى، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئەتراپتا بولۇۋاتقان چۆرىمە — چۆچەك گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە، مەسچىت سېلىش بىلەن مەكتەپ سېلىشنىڭ ساۋابى ئوخشاش. ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇش قىپسەن، بۇ ئىشتا ھەرگىز بوشاشما! قايغۇرۇپ، جىلى بولۇپمۇ يۈرمە! قورساقنى كەڭ تۇتساقلا، ھەرقانداق ئىش دەردسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. پۇلۇڭ كەملىسە، مانا مەن بار. بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزەيلى، شۇ چاغدىلا، ياخشىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىمىز، يامانلارنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ!

بىر نەۋرە تاغىسىنىڭ سىر-ھېكمەتكە تولغان بۇنداق تەسىرلىك سۆزلىرى مەخەت ئېلى ھاجىنى تېخىمۇ غەيرەتكە كەلتۈردى، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەك قىزغىنلىق ھەم ئىشتىياق بىلەن ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىممۇ ئۆز يېنىدىن 37 مىڭ يۈەن نەخ پۇلنى چىقىرىپ، پۈتەي دەپ قالغان مەكتەپكە 160 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياسىتىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق ئالىيجاناپ، مەرىپەتپەرۋەر روھى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئۇلار سېتىۋېلىنغان ياغاچلارنى تاللاش، ماشىنىغا بېسىشتا ھەم قىزغىن ھەم ھەقسىز ئىشلەپ كەتتى...

دۇنيادا ئۆز ئەمگەك ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى تېتىشتىنمۇ خۇشاللىق ئىش بولمىسا كېرەك! مەخەت ئېلى ھاجى ئاخىر نىيىتىگە يەتتى، ئۇنىڭ 161 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىشى بىلەن سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ غەربىي-شىمال تەرىپىدىكى 12 مو ئانا يەر ئۈستىدە خۇددى يىڭى چىققان تولۇن ئايدەك، گۈزەل ۋە نۇرلۇق بىر مەرىپەت باغچىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كەڭ ۋە ئازادە ھويلىسىدا قىزىل بايراق لەپىلدەيتتى، بىر چەتتىكى باسما قۇدۇقتىن ئابۇ زەمزەم ئېقىپ تۇراتتى!

1994-يىل 26-ئاۋغۇست ئاجايىپ خاسىيەتلىك كۈن بولدى. يىڭى پۈتكەن مەكتەپ سەھەردىلا بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى، ناغرا-سۇناي سوكۇتكە چۆمگەن، تىمتاس

خىلۋەت بۇ ماكاننى ئويغىتىۋەتتى. ھەممە يەر تەنتەنە، ئالقىش سادالىرى بىلەن يايرىدى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ، ئىختىيارسىز بۇ تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى، چىرايلىق كىيىنىپ، گۈلدەستىلەرنى كۆتۈرۈشكەن ئۆسمۈر باللار يېنىك قەدەملىرى بىلەن مەكتەپ قورۇسىغا كىرىشكە باشلىدى. مەكتەپ، سىنىپ ۋە ئىشخانىلار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىششقا كەلگەن مېھمانلار، تاماشىبىنلار بىلەن تولدى. يىغىن سەھنىسىگە پىلاكات-لوزۇنكا ۋە رەڭگارەڭ بايراقلار غۇچچىدە ئېسىلغانىدى. سەھنە ئالدىدىكى شىرەلەر ھەريەر، ھەر يەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تەبرىكنامە، لەۋھەلەر بىلەن بېزەلگەنىدى، ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق، ئالقىش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ باللار ھەممىدىن خۇشال، ھەممىدىن مەمنۇن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر، ئويناق كۆزلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مەكتەپنى كۆرگەن، تۇيغۇن يۈرىكى ئۆزلىرى بىلىم ئالىدىغان بۇ مەرىپەت بۇلىقىنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى! شۇڭا ئۇلار خۇشاللىقىنى، ھاياجىنىنى باسالماي، مەكتەپ ھويلىسىدا كېپىكتەك سەكرىشەتتى، بوزلايتتى، قىن-قىنىغا پاتماي ناخشا توۋلىغۇسى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلەتتى!...

بۈگۈن بۇ كاتتا مۇراسىمغا قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە قوشنا يېزا (بازار)لاردىن بولۇپ نۇرغۇن ۋەكىللەر كەلگەنىدى.

رىياسەتچى، مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى پەرھاد سەئىدى يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندا، پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش، ناغرا-سۇناي سادالىرى بىلەن تەۋرىنىپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە كۆككە قويۇپ بېرىلگەن رەڭدار شارلار بىلەن پەرۋازچى كەپتەرلەر مەكتەپ ئۈستىدىكى زەڭگەر ئاسماندا جەۋلان قىلىپ، بۈگۈنكى مۇراسىمغا تېخىمۇ جۇشقۇن، تېخىمۇ سەلتەنەتلىك تۈس بەخش ئەتتى...

شۇ چاغدا، سېرىقبۇيا بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى سەمەت ئىسمائىل سەھنىگە چىقىپ، بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يېڭى مەكتەپكە «مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى ھەمدە مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ بۇ مەكتەپكە پەخرىي مۇدىر بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا، قىزغىن ئالقىش، شادىيانە مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە پىئونىرلار ئەترىتى مەخەت ئېلى ھاجى بىلەن ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىمغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قىزىل گالىستۇك تاقىدى، ۋەكىللەر، رەھبەرلەر بۇ ئىككەيلەننى تەبرىكلەپ تون كىيگۈزدى، پوتا باغلىدى. بازاردىكى مەركىزىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇراسىمغا ئاتاپ تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باللار ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئورۇندىغان تۆۋەندىكى شېئىر ھەممەيلەننىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ ئۆتتى:

هەشقاللا، كۆپ هەشقاللا،
مەخەت هاجىمغا هەشقاللا.
بىزگە مەكتەپ سېلىپ بەرگەن،
مەخەت هاجىمغا هەشقاللا.

هەشقاللا، كۆپ هەشقاللا،
مەخەت هاجىمغا هەشقاللا.
ئەۋلادلارنىڭ غەمخورى،
مەخەت هاجىمغا هەشقاللا!

بۇنداق زور ئالقىش، كاتتا ھۆرمەتتىن مەخەت ئېلى هاجىم قاتتىق هاياجانلاندى، كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولۇپ، يۈرىكى ئاشۇ سەۋەبي، يۈمران ئۆسمۈرلەرنىڭ غەرەزسىز مەدھىيلىرىدىن تىپچەكلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز مىكرافون ئالدىغا كەلدى، ئۆزىنى قاتتىق تۇتقان بولسىمۇ، ئاۋازى تىترەيتتى:

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق زور شان-شۆھرەت، ئابروي-ئىناۋەتكە ئېرىشىپ باقمىغان. بۇنداق كاتتا شان-شەرەپنى هەرقانچە پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، سىلەرگە رەھمەت! مەن ئىشنى ئەمدى باشلىدىم، يۇرتۇمنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق تېگىشلىك هەسسەمنى قوشىمەن. مەن سىلەرنىڭمۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت-ئىقبالى ئۈچۈن، مائارىپنى قوللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!...

بۇ داغدۇغىلىق مۇراسىمدا، يەنە بىر كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى: دەسلەپ ناھىيە رەھبەرلىرى، ئارقىدىن ئىدارىلەر، شىركەتلەر، كارخانىلار، يېزا-بازارلىق ھۆكۈمەتلەر، تىجارەتچىلەر، دىنىي زاتلار ۋە هەرقايسى مەكتەپلەر بولۇپ، بەس-بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. نەق مەيداندىلا، 65 مىڭ يۈەن نەق پۇل چۈشتى!...

مانا بۇ، خەلق روھىنىڭ ئويغانغانلىقى، مۇئارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، مائارىپنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكى! بۇنداق خەلقنىڭ ئارىسىدىن نادانلىق، جاھىللىق ۋە قالاقلىق تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇلارغا هېمىشە شاپائەت، ساخاۋەت ۋە مەدەنىي هايات يار بولىدۇ!

مەن مەخەت ئېلى هاجىنى زىيارەت قىلىپ، خوشلىشىدىغان چېغىمدا، ئۇنىڭ كەلگۈسى پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلىرى توغرىسىدا سورىدىم.

ئۇ ماڭا ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— قىلمىغان ئىشنى داۋراڭ قىلىش ياخشى ئەمەس. لېكىن مەن كېلەر يىلنىڭ بېشىدا، مەكتەپكە يەنە ئىككى سىنىپ سېلىشنى پىلانلاپ قويدۇم. چۈنكى، يىلدىن-يىلغا ئوقۇيدىغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلماسلىق بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا، «غۇنچە

مۇكاپاتى» نى ھازىرغا قەدەر ئىككى قېتىم ئېلىپ باردۇق. كېلەر يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ سانىنى، سوممىسىنى كۆپەيتىمەن!

بۇ ئادەم شۇ گەپنىلا قىلىپ، جىم بولدى، يېقىندا قىلغان ئىككى ئىشنى ئېغىزغا ئالمىدى. ئۇ باللار بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا بايراملىق پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان باللار ئۈچۈن، 110 كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار پورمىسىنى ئۈرۈمچىدىن ئەكىلىپ تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بايرامدا ئىشلىتىش ئۈچۈن، دۇمباق، چاڭ، جاغ-جاغ قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەت سايمانلىرىنىمۇ ئېلىپ بېرىپتۇ، ماڭا بۇنى مەكتەپنىڭ يېڭى كەلگەن ئايال مۇدىرى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

مەن مەخەت ئېلى ھاجى بىلەن خوشلاشتىم، قەلبىمدە ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى ئورناپ قالدى. كۆزۈمدە ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن، مېھرى-شەپقىتىدىن پۈتكۈل گۈزەل مەكتەپ سۈرەتتەك قىلقىلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلۈمدىن ھاياجانلىق بىر نىدا كۆتۈرۈلدى:

كامال تاپ، مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى! سەن ئەقلىنىڭ بۇلىقى، ئىنسان قەلبىنىڭ يورۇتقۇچىسى! قوينۇڭ مەڭگۈ ئەۋلادلارنىڭ مەرىپەت بۆشۈكىگە ئايلانسۇن، چاڭقىغان يۈرەكلەرگە ئىلىم شەربىتى ئاتا قىلسۇن!

## ئۇنىڭ نەزەرى ھەممىدىن ئۈستۈن!

ئۇ، ساڭا، ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر دېھقان. ئۇنىڭ چارلاشقان ساقاللىق يۈزىدىمۇ، شەيدايى دوپپا كىيىۋالغان بېشىدىمۇ، كىرتىك ياتىلىق ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان بەستىدىمۇ ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق، يەنە شۇ دېھقانچە ئاددىي-ساددا كۆرۈنۈش؛ سەممىي، مۇلايىم قىياپەت! لېكىن، ئۇنىڭ نەزەرى ھەممىدىن ئۈستۈن. ئۇ ئويلىغاننى سەن بىلەن مەن ئويلىيالمايمىز، ئۇ قىلغاننى سەن بىلەن مەن تېخىمۇ قىلالمايمىز!

ئادەمدە ئاز-تولا روھ، يەنە ئۇلۇغۋار غايە، ئىرادە ۋە ئىستەك بولۇشى كېرەك. ئادەم ھامان ئۆزىنىڭلا ئارامخۇدا ياششىنى ئويلىماي، بەلكى دۆلەت، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇ — كىشىلىك ھاياتنىڭ روھىي تۈۋرۈكى! ئۇنىڭدا مانا شۇ روھىي تۈۋرۈك خېلى مۇستەھكەم ئىدى!

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرگەنىدە، ئۇ ھاسا تاياق بىلەن ئالدىمغا چىقتى. ئۇ گەرچە 62 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ ھويلىسىنى، مېھمانخانىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. مېنىڭ خىيالىمدا، بۇ ھەرگىزمۇ 150 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، مەھەللىسىدىكى مەكتەپنى يېڭىلىغان ئادەمنىڭ قورۇ-جايى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھويلا تاملىرى كاكۇللىرى تۆكۈلۈپ، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك دۈمچەرەپ تۇراتتى، مېھمانخانىسىمۇ شۇنداق ئاددىي، ھاكلىرى ھۇركۈپ كەتكەن،

ئىشىك-دېرىزىلىرى قىڭغىر-سىڭغىر ئىدى. مەن ھەيرانلىقىمنى باسالماي، ئاخىر بۇ ئادەمدىن ئەگىتىپ سورىدىم:

— قارىياھاجىكا، سىلە «يېڭى مەھەللە مەكتىپى»نى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپلا، بۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟

— مەن بىر ئاددىي دېھقان، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، — مەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن 1986-يىلى ھەجگە باردىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن يېڭى ئىشلارنى كۆردۈم. خەق بىزدىن ئاللىقاچان ئۆزۈپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، ئىلىم-پەن دېگەن بەكمۇ ئۇلۇغ نەرسە. ئەرەبىستاندىكى كىشىلەر ئىلىم-پەن ئۈچۈن خالىس ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىدىكەن. مەن يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېنىمدىكى بىر مەكتەپنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ قاتتىق ئېچىندىم، بىرنەچچە كۈنگىچە كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىدىم. مەكتەپنىڭ قاشا تاملىرىمۇ يوق ئىدى، ئىتمۇ، ئېشەكمۇ كىرىپ چىقاتتى. دەل شۇ كۈنلەردە، بىر ئىشخانىنىڭ ئۈستى چۈشۈپ كەتتى، ئىككى سىنىپقا ئوت كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، مەن ياساش نىيىتىگە كەلدىم!...

بۇ ئادەم شۇ گەپلەرنى قىلىپ جىم بولدى، كۆزىنى خىيالەن يۇمۇپ بېشىنى ئەگدى.

مەن ئەمدى ئالدىمدىكى دېھقانچە ناندىن بىر بۇردا يەپ، چاي ئوتلىغاچ، بايا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسلىدىم.

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى قاسىم قارىياھاجىم، يۇرتتا خېلى ئىناۋەت، ئابرۇيى بار، — دەپ ئەھۋال تونۇشتۇرغانىدى ئىلمىي مۇدىر، — 1950-يىللاردا بۇ ئادەم پەيزىۋاتقا تراكتور كۇرسىغا بېرىپ، ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان. كېيىن، بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ تراكتورچى بولدى، ئەمما يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، تراكتورنى تاشلاپ، خاس دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەم 30 مودەك يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىدى، ھەم باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر يىلى 70-80 دەك قوي بورداپ ساتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئىقتىسادى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، يىغقان پۇلى دېھقانچىلىق بىلەن باقمىچىلىقتىن كەلگەن. ئەسلىدە، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قورۇ-جايىنى ئوڭلاش ھەم ئايالى بىلەن ئوغلىنى ھەج قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان. دەل شۇ كۈنلەردە، مەكتەپنىڭ ئىشخانىسى ئۆرۈلۈپ، ئىككى سىنىپقا ئوت كەتتى. بىر كۈنى بۇ ئادەم بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ: «مەن مۇشۇ ئىشخانا بىلەن سىنىپلارنى ياساپ بېرەي، لېكىن بۇنى داۋراڭ قىلماڭلا، مېنىڭ ئوڭ قولۇم قىلغان ئىشنى سول قولۇم بىلمەيدۇ» دەپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا، ئىشنى باشلىۋەتتى. بۇ مەكتەپ ئەسلىدە، 1955-يىلى شۆبە مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان، كېيىن 1957-يىلغا كەلگەندە،

رەسمىي مۇدىرلىق مەكتەپ بولغان. ۋاقتى ئۇزۇن، قۇرۇلۇشى كونا بولغاچقا، يامغۇر-يېشىن، بوران-چاپقۇنلار بىلەن نۇرغۇن سىنىپ ۋە ئىشخانىلار خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. قاسىم قارىيھاجىم ئۆزى ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندىن سىرت،بالا-چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭىدىن بەش ئېغىز ئىشخانا، تۆت سىنىپ، 144 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قورۇق تام، تۆمۈر دەرۋازا قاتارلىقلارنى ئىشلەپ پۈتكۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كونا يەتتە سىنىپنىڭ ئۈستىگە لاي سالدى، ئىشىك-دېرىزە بېكىتتى، ھاكلىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىمۇ خەتەردىن قۇتقازدى. بۇ جەرياندا، قاسىم قارىيھاجىم ئۆزى خىش توشۇدى، لاي ئەتتى، قېرىپ قالغىنىغا قارىماي ئايلاپ قاتتىق ئىشلىدى. تېخى بۇ يەرنىڭ تامچىلىرىنى ياراتماي، يوپۇرغىدىن تامچى ئەكىلىپ ئىشلەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ ئادەم ئۆز يېنىدىن 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەخ پۇل خەجلىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئىشنى 1995-يىل 4-مايدا باشلاپ، سېنتەبىردە پۈتكۈزدى، باللار يېڭى ئوقۇش يىلىدا يېڭى سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىدى!...

كۆز ئالدىمدا ھاسا تاياققا تايىنىپ ئولتۇرغان بۇ ئادەم مېنىڭ نەزەرىمدە، بىردىنلا ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى كىشلەر چوقۇنىدىغان، ھېمىشە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان خاسىيەتلىك خىزىرغا ئايلىنىپ قالدى. قايسى بىر دانىشمەن: «كىشى پايدا-زىياننى ئۇنتۇغان چاغدىلا، ھەقىقىي ساھىبلىككە ئېرىشىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. قاسىم قارىيھاجىم گەرچە ئاددىي بىر دېھقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى، ھىممەت-ساخاۋىتى، نەزەرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھەقىقىي ساھىبلىككە ئېرىشىپ، كىشلەرنىڭ نەزەرىدە، مەنىۋى كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

پۇلنىڭ، ماددىي بايلىقنىڭ زەربىسى تەڭداشسىز بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە، كىشلەرگە پۇل ھەقىقەتەنمۇ تاتلىق، ھەقىقەتەنمۇ ئەتىبار تۇيۇلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ كۈچى تەڭداشسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سېتىۋالىدىغان نەرسلەر ھامان نىسپى بولىدۇ. مەسىلەن، پۇلغا كىتاب سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئەقىلنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ شېرىك سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن دوست سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ قەغەز-قەلەم سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن پىكىرنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، خۇشامەت سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكى ھۆرمەت سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ ھوقۇق سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن نوپۇز سېتىۋالغىلى بولمايدۇ!...

قاسىم قارىيھاجىم گەرچە بۇنى بۇ دەرىجىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن، يۈرىكىدىكى ماھارەتتىن، ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر ئېھتىياجلىق نەرسە پۇل-مال ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت، دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ!

مەن خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— قارىيهاجىكا، سىلە مۇشۇ ساۋابلىق ئىشنى قىلىش جەريانىدا، بىرەر توسقۇنلۇقلارغىمۇ ئۇچراپ باقلىمۇ؟

— شۇنداق، ئاز-تولا ئۇچرىدىم، — دېدى ئۇ كىشى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — بەزى كىشلەر مېنىڭ ئالدى-ئارقىمدىن: «ئۇنىڭ نەرى هاجى، قەيەرى دىنىي زات! شۇنچە پۇلغا مەكتەپ سالغىچە، مەسچىت سالسا بولمامدۇ؟ مەسچىت سالغان بولسا، ئىككى دۇنيالىق ساۋاب ئالاتتى!» دېيىشىپ، گەپ-سۆز تارقاتتى. بەزىلەر مەتتا مەسخىرە قىلدى، تەھدىد سالدى. لېكىن مەن: كىمنىڭ گېپى بولسا، مەن بىلەن سۆزلەشسۇن، ئاللاتائالا ئىلىم ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئۆي سالغان، ئورۇن تەييارلاپ بەرگەن كىشلەرگە كېلىدىغان ساۋابنىڭ هۇدۇدى يوق، دېگەن. مېنىڭ مەكتەپ سېلىشىم ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن بولدى، بۇنى هېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ، دەپ ئىشىنى قىلىۋەردىم!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەن ئويلىنىپ قالدىم، قاسىم قارىيهاجىمغا بولغان ئېتىقادىم تېخىمۇ ئاشتى. بۇ ئادەم دىننى توغرا چۈشەنگەن، دىن بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتىنى، هەقىقىي ئىسلام دىنىنىڭ كىشلەرنى ئەدەب-ئەخلاققا، بىلىمگە، دىيانەتكە ۋە تەرەققىياتقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى هەقىقىي بىلىپ يەتكەن!

## مەرىپەت سۆيگۈسى

«جىسمى ئادەم گوياكى بىر دىۋاردۇر،
مەرىپەت دىۋار ئىچىدە گۈلزاردۇر.»

(«كۈللىيات مەسنۇۋى خاراباتى»)

سىرىقبۇيا ئوتتۇرا مەكتىپى ئانا مەكتەپ، تۇغۇندا مەكتەپ، ئۇ 1958-يىلى قۇرۇلغان. هازىر ئۇنىڭدا 19 سىنىپ، 890 ئوقۇغۇچى، 64 ئوقۇتقۇچى بار. بۇ مەكتەپ ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئۇزاق تارىخىدا، بۇ يۇرت ئۈچۈن 5000دىن ئارتۇق ئەزىمەتنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ ئەزىمەتلەر ئەنە شۇ ئانا مەكتەپ بەرگەن تۇنجى بىلىمنىڭ شاراپىتى بىلەن دىلى يورۇپ، كۆزى ئېچىلىپ، هەر خىل ئالىي ۋە كەسپىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئالدى بىيجىڭ، ئۈرۈمچى، كەينى قەشقەر، مارالبېشىدا ئىشلەپ، ئۇ يەرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن غايەت زور تۆهپە قوشقان ۋە قوشۇۋاتىدۇ. كىچىككىنە بىر بازاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرنەچچە ئون يىلدا شۇنچە كۆپ بىلىملىك، ئەقىللىك، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ئۇچۇرما قىلىپ چىقىرىپ، دۆلەت، خەلق ئۈچۈن بىر تۈركۈم يارامىلىق

ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە تۆھپە قوشقانلىقى — بۇ مەكتەپنىڭ ھەقىقەتەنمۇ «تۆھپىكار ئانا» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ!

ئەپسۇسكى، بۇ يىل 20-مارتتا قاتتىق يەر تەۋرەپ، «تۆھپىكار ئانا»غا تۇيۇقسىز دەز كەتتى. رەھىمسىز تەبىئەت توپا قۇرۇلمىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بىنالىرىغا ناھايىتى زور خەتەر ھەم ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 16 سىنىپ، 18 ياتاق، ئىشخانا ۋە چوڭ زالنىڭ بەزىلىرى يىقىلدى، بەزىلىرى يېرىلىپ، ئاراش-ئاراش بولۇپ كەتتى. ئانا مەكتەپ خەتەر ئىچىدە قالدى، «تۆھپىكار ئانا» ئېغىر يارىلىنىپ، پەرزەنتلىرى تالا-تۈزدە تەمتىرەپ يۈرۈشكە باشلىدى...

بۇ كۆتۈلمىگەن ئەھۋال سەمەت ئىسمائىلنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. ئۇ ھەمىشە: خەلقنى، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مائارىپنى تۇتۇش كېرەك، مائارىپ تەرەققىي قىلمىسا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىشلەپچىقىرىشمۇ، ئىقتىسادمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ، دەپ قارايتتى.

1996-يىل 25-مارت، سەمەت ئىسمائىل سېرىقبۇيا ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ، بۇ يەردىكى ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى:

14 سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار سىرتتا — ئاپتاپتا دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ كونا پەنەركە تاختا بىلەن كارتون قەغەزلەرنى دوسكا قىلىپ دەرس ئۆتۈۋاتاتتى...

سەمەت ئىسمائىل ھەر بىر سىنىپتىن دەرسكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆڭلىدە ساناپ باقتى، 40-50 ئوقۇغۇچىلىق سىپتىن ئاران 20-25دەك بالا دەرسكە قاتناشقاندى.

— باللارنىڭ يېرىمى قالدى، — دەپ چۈشەندۈردى بىر ئوقۇتقۇچى دەرستىن چۈشكەندە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، بىزمۇ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدۇق. بەزىدە يامغۇر ياغىدۇ، بەزىدە بوران چىقىدۇ، ھەمىشە سىرتتا دەرس ئۆتۈش تەسكەن!...

بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپى مەكتەپنىڭ ھازىرقى پۈتۈن ئەھۋالىنى ئىنچام سۈرەتلەپ بەرگەنىدى. سەمەت ئىسمائىل نېمە دېيىشنى بىلمەي، بىر ھازا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، ھەمىشە دەپ قېلىپلىشىپ قالغان كونا گەپنى ئېيتتى:

— پارتىيە بار، تەشكىل بار، ئامالىنى قىلىمىز، غەيرەت قىلىپ تۇرۇڭلار!

لېكىن ئۇ، ناھىيە رەھبەرلىكىگىمۇ، مائارىپ ئىدارىسىغىمۇ داد ئېيتمىدى، ھال ئۇقۇمىدى. چۈنكى، بۇيىل ناھىيىدىن ئۈچ نۇقتىلىق مەكتەپكە بەش مىليون يۈەن مەبلەغ سالغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، مائارىپ ئۈچۈن يەنە پۇل چىقىرىش تەس ئىدى. سەمەت ئىسمائىلغا ئەمدى ئۆز ئەقلى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز مۇشۇ ئىشنى ئويلايتتى، خىيالىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۈشكۈن، نائۈمىد سۆزلىرى بىلەن كۆز ئالدىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

مسكىن، ناتىۋان چىرايلىرى نېرى كەتمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟! باللارنى تارقىتىۋېتىپ، مەكتەپنى تاقاش كېرەكمۇ؟! ھازىرغۇ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتىدۇ، كېيىن سوغۇقتا قانداق قىلىدۇ؟!...

چوڭقۇر خىيال، ئاچچىق سوئاللار بىلەن ئۇنىڭ بېشى تازا قاتتى، ئويلاندى، ھەسرەتلەندى، تىت-تىت بولدى. ئاخىرى، كاللىسىدا — چاقماق چاقىقاندەك، شۇنداق بىر خىيال ۋاللىدە پەيدا بولدى:

مەخەت ئېلى ھاجى بىلەن قاسىم قارىھاجىلار بىردىن مەكتەپ سالغان يەردە، بىز بىر يۇرت خەلقى بۇ ئىشنى قىلالمايمىزما؟! بىر مەسچىتكە ئىمام بولغان ئادەم ۋەز ئېيتىپ، جامائەتنى قوزغاپ، خېلى كاتتا مەسچىتلەرنى سالالايدۇ، بىز بىر يۇرتنىڭ بېشى تۇرۇپ، مۇشۇنچىلىك ئىشنى قىلالماسمىزما؟!

ئۇنىڭدا ئۈمىد تۇغۇلدى، ئۈمىد قانات بولدى، بۇ قانات ئۇنى يۇرت ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشقا باشلىدى...

دېمىسمۇ، ئىنسان تۇرمۇشتا ئۈمىدلىك ياشىشى كېرەك. ئۈمىدسىز ئۆتكەن كۈن گويا گۆردە تىرىك ياتقان بىلەن باراۋەر!

ئۇ دەرھال ئاياغقا تۇردى، بازارلىق پارتكومنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى، ئاندىن ئىشنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن باشلىدى: بىرى، ھەرساھە، ھەر تەبىقە كىشىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىش، ھېسداشلىقىنى قوزغاش؛ يەنە بىرى، بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن بازار بويىچە، مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، مەخەت ئېلى ھاجى، قاسىم قارىھاجى قاتارلىقلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىش. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە كۈچلۈك بىر جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش!

ئون كۈن ۋاقىت ئەنە شۇنداق جىددىي ھەم تەسىرلىك تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ ياڭراق، ئۇزۇلمەس سادا خۇددى تاڭ خورىزى بىرلا چىللاش بىلەن پۈتۈن كائىناتنى ئويغاتقاندەك، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئويغىتىۋەتتى، جەمئىيەت تەۋرەندى، ھەممە يەردە مائارىپنىڭ گېپى، مائارىپنىڭ ئىشى، مائارىپنىڭ ئىستىقبالى سۆزلىنىدىغان بولدى، ھەممە ئادەم مائارىپ ئۈچۈن ئويلايدىغان، قايغۇرىدىغان، چوت سوقىدىغان بولدى!...

مانا شۇنداق تەقەززالىق نەتىجىسىدە، 1996-يىلى 17-مايدا سېرىقبۇيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا بىر يىغىلىش بولدى. يىغىنغا ناھىيەرەھبەرلىرىدىن تارتىپ، سېرىقبۇيىنىڭ كەنت-مەھەللىرىگىچە بولۇپ، 2500دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە ئون دانە كىچىك قىزىل ساندۇق قاتار تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ساندۇقلارنىڭ يۈزىگە تۆۋەندىكىدەك خەتلەر يېزىلغانىدى: ① بازار

ئورگىنىنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى، ② مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى، ③ بازارلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى، ④ سودا-تىجارەتچىلەرنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى، ⑤ دېھقان ۋە كەسپىي ئائىلەرنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى...

ئون ساندۇقنىڭ ھەممىسىگە ئەنە شۇنداق ساھە، تەبىقە ۋە كەسپلەر بويىچە خەتلەر يېزىلغانىدى. بۇ سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ئۇ، ئون ساندۇقنى ئون سىنىپقا تەقلىد قىلىپ، بىر ساندۇققا 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل چۈشسە، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپنى ياساپ كەتكىلى بولىدۇ، ئەگەر ئون ساندۇقتىن 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن ئون سىنىپ ياسىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئاساسەن خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. بۇ پەقەت ئۇنىڭ مۆلچەرى، ئارزۇسى ۋە ياخشى تىلىكى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ساندۇقتىن ئۇنچىلىك پۇل چىقامدۇ-چىقمامدۇ، ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ خۇددى لاتارىيە بېلىتى ئالغاندەك، پېشانىسىگە، تەلەيگە تەئەللۇق ئىش ئىدى!

يىغىن باشلاندى. سەمەت ئىسمائىل «ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئەۋلادلارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى!» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ:

— مائارىپ — ئىنسان قەلبىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ، ئۇ بارلىق خاسىيەتلەرنىڭ ئانىسى. پۈتۈن دۇنيانى بىر بىنا دېسەك، مائارىپ ئاشۇ بىنانىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، يەر شارىدا مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسىگە مائارىپنىڭ قان تەرى سىڭگەن! ئەگەر بىر يۇرتنى قۇدرەت تاپقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، مائارىپقا تايىنىشىمىز، دېھقانلارنى بېيىتىمىز دەيدىكەنمىز، مائارىپقا تايىنىشىمىز، ئەۋلادلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىمىز دەيدىكەنمىز، يەنە مائارىپقا تايىنىشىمىز لازىم! — دېگەندە، يىغىن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. كېيىن ئۇ، سۆزىدە نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە توختالدى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشكۈن، ئۈمىدسىز روھ-ھالەتلىرىنى سۈرەتلىدى، ئاخىردا:

— خەلقنىڭ مەكتىپىنى خەلق ئۆزى قۇرۇشى كېرەك. «تاما-تاما كۆل بولار» دېگەن گەپ بار. ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا، نىيىتىگە، ھىممىتىگە يارىشا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىئانە قىلسا، شۇ پۇل بىلەن ئانا مەكتىپىمىزنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالايلى، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

سەمەت ئىسمائىلنىڭ تەسىرلىك سۆزى يىغىن مەيدانىنى ھاياجانغا سالدى. ساخاۋەتلىك ئىش يەنىلا يىغىن سەھنىسىدىن باشلاندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يەن فىنىڭ بىلەن ناھىيە ھاكىمى مەتمىن توختى بىرىنچى بولۇپ، قىزىل ساندۇققا بەش يۈز يۈەندىن مىڭ يۈەن تاشلىدى، ئارقىدىنلا، سەمەت ئىسمائىل بىلەن بازارلىق

ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋايىت مىڭ يۈەندىن ئىككى مىڭ يۈەن تاشلىدى. بۇ ئىش خۇددى دورا پىلتىسكە ئوت ياققاندەك، يىغىن مەيدانىنى قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدۈردى...

تۆۋۈقسىز مىكروفون ئالدىدا بىر مۆتىۋەر پەيدا بولدى. بۇ، ئېگىز بەستى، ئۇللۇق چىرايى بىلەن ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان ھىممەت ئىگىسى، دىنىي زات قاسىم قارىيھاجىم ئىدى.

— مەن ئۆتمۈشتە مۇشۇ بازاردىكى شەنلى مەكتەپتە ئاران 6-سىنىپقىچە ئوقۇيالىغان، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ كىشى، — بىز ئوقۇغاندا، شارائىتىمىز بەكمۇ ناچار ئىدى، بىر قېتىم دوسكا سىرلىتىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا ئىككىدىن تۇخۇم سېلىق سالىغان، بەزى باللار تۇخۇم ئەكېلەلمىسە، مۇئەللىملەر ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن. بىز ئۇ چاغدا، كالا مۈڭگۈزىنى ئويۇپ دۇۋەت ياسايتتۇق، قازان قارىسىنى ئۆتىتىپ رەڭ قىلاتتۇق، قەلىمىمىز قومۇش ياكى ياغاچ ئىدى... خۇداغا شۈكرى، بۈگۈنكى باللىرىمىزنىڭ ئوقۇش شارائىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى، لېكىن قىيىنچىلىق يەنە بار. بايا سەمەت شۇجى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى، ئۆتكەندە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ ئۆزۈممۇ كۆردۈم. ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىكەن، بىز تۇرۇپ باللىرىمىز مەكتەپسىز، ئوقۇشسىز قالسا ھەرگىز بولمايدۇ. نامازنى پاكىز يەرنى تېپىپ، ئوچۇقچۇلۇقتا، چاپاننىڭ پېشىدا ئوقۇسىمۇ بولىۋېرىدۇ، لېكىن دەرسنى، بىلىمنى سىرتتا ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ئادەم تەربىيە كۆرۈشى كېرەك، باللارنى تەربىيەلەش تېخىمۇ مۇھىم!...

قاسىم قارىيھاجىم توغرا ئېيتتى، باللار ئوقۇمىسا، بىلىم ئالمىسا، تەربىيە كۆرمىسە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پارس شائىرى سەئىد شىرازى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان ئەمەسمۇ:

« ئەگەر تەربىيە كۆرمىسە ئادەم،<br>ئېشەك بولۇپ قالار يۈزگە كىرسە ھەم! »

تېخى ئۆتكەندىلا، ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىگەن بۇ چوڭ ساخاۋەتچى بۈگۈنمۇ قىزىل ساندۇققا ئۆز قولى بىلەن يەنە ئىككى مىڭ يۈەننى سېلىۋېتىپ سەھنىدىن قايتىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەھنىگە يەنە بىر كىشى چىقتى. ئۇمۇ ھەممە خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغان مەرىپەتپەرۋەرزات مەخەت ئېلى ھاجىم ئىدى. ئۇ ھاياجانلانغان، تەسىرلەنگەن ۋە ھودۇققان ھالدا مۇنداق دېدى.

— مەن 60-يىللاردا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئالغان، بۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم، تىلىمغا بىلىم، دىلىمغا چىراغ ياققان مەرىپەت بۆشۈكى، مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن تېخنىكا ئىگىلەپ، بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىشتىم.

ئەسلىدە، بۇمەكتەپنى ئۆز پۇلۇم بىلەن قايتا ياساش نىيىتىم بار ئىدى. لېكىن بۇ يىل 1300 كۋادرات مېتىر كۆلەملىك بىر مايدەك قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. خۇدا خالىسا، بۇ نىيىتىمنىمۇ ھامان بىر كۈنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. مائارىپ خەلقنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ مائارىپى. بىز پۇل تېپىپ، بالىلىرىمىز تالادا خەتەرلىك ئەھۋالدا قالسا قانداق بولىدۇ؟! كۆپ تۆكەرسە، كۆل تولار، دېگەن گەپ بار. ھەممىمىز تاپقىنىمىزنى، ئاتىغىنىمىزنى ئىشانە قىلايلى!

تېخى ئۆتكەندىلا، «مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى» نى قۇرغان بۇ ئەزىمەتمۇ بۈگۈن يەنە ئۆز قولى بىلەن قىزىل ساندۇققا ئۈچ مىڭ يۈەننى سېلىۋېتىپ سەھنىدىن چۈشتى.

ھىممەت ھىممەتنىڭ كۆزىنى ئاچتى، ياخشى ئىشلار يۈرەكتىن يۈرەككە يول ئالدى. ئىئانە تاشلاش قىزغىنلىقى بىردىنلا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. «توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى» نىڭ پەخرىي رەئىسى ئابدۇغوپۇر ھاجىم تاراقشىپ تۇرغان بەش مىڭ يۈەننى قىزىل ساندۇققا تاشلاپ، بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ سەھنىدىن چۈشكەندە، گۇلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى. چاۋاك تېخى بېسىلماي تۇرۇپلا، مىكرافون ئالدىدا يەنە بىرئادەم پەيدا بولدى. بۇ، مۇشۇ يۇرتتا ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان مۇلايىم، ئاددىي-ساددا، ئىشچان ئادەم ئوبۇلقاسىم ئابلا ئىدى. ئۇ سېرىقبۇيىدىكى «يېزا-بازار كارخانىلىرى باشقۇرۇش پونكىتى» نىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ مىكرافوندا گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتىپ:

ــ مېنىڭ تاپقىنىم، ئاتىغىنىم مۇشۇ 20 مىڭ يۈەن پۇل، مەكتەپنى تېزراق ياساپ، بالىلارنى قۇتقۇزۇپ قالايلى! ــ دەپ تاراقلىشىپ تۇرغان يۈزيۈەنلىك يوغان ئىككى دەستە پۇلنى قىزىل ساندۇققا سالدى-دە، چۈشۈپ كەتتى.

يىغىن مەيدانى تەۋرەپ، گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى پەلەككە ياڭرىدى، چاۋاكلار ئارىسىدىن چاۋاك تۇغۇلدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى بۇ ئادەمنىڭ ئاددىي، مۇلايىم چىرايىغا مېھىر ۋە ھۆرمەت بىلەن تىكىلەتتى. شۇ ئارىلىقتا، ھەيران بولغان كىمدۇ بىرى ئۇنىڭدىن بۇنداق چوڭ مەردلىكنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ بۇھەجەر دېگەن قىزىم 8-سىنىپتا ئوقۇيتتى، بىرنەچچە قېتىم ئۇ ماڭا «دادا، تالادا ئوقۇۋاتىمىز، سىنىپلىرىمىزغا چاك كەتتى!» دەپ زارلاپ بەردى. كېيىن مەن ئۆزۈم بېرىپمۇ كۆردۈم، دېگەندەك، مەكتەپنىڭ، بالىلارنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىكەن. نۇرغۇن سىنىپلار پېچەتلىنىپتۇ. بۇ مەكتەپتە مېنىڭ تۆت بالام ئوقۇپ كادىر بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئانا مەكتىپى. ئۇلارنىڭ ئىلىملىك، بىلىملىك، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشىدا بۇ مەكتەپ چوڭ رول ئوينىدى. ئادەمنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، مەن ئاشۇلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ

بەختى ئۈچۈن، ئاشۇ پۇلنى ئىئانە قىلدىم!...

بۇ پۇل ئەسلىدە، ئۇنىڭ ھازىرقى كونىراپ كەتكەن قورۇ-جايىنى ياساش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان پۇلى ئىدى. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە يېقىندىن بۇيانقى چوڭقۇر تەشۋىقاتلار ئۇنى بىردىنلا شەخسىي ئۆي سېلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، ئالدى بىلەن مەرىپەتكە ھەسسە قوشۇش، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئۈندىگەنىدى!

ئادەم بۇ دۇنيادا قانچىلىك ياشايدۇ؟! كۆپ بولسا، 70-80 يىل ياشايدۇ. لېكىن، بەزىلەر بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كېلىپ نېمە ئۈچۈن ياشىغانلىقىنى بىلمەيلا، ئۇ دۇنياغا ئىز-دېرەكسىز كېتىپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى مۇشۇ ھېسسىز زېمىننىمۇ شۇنچە يىل بىھۇدە كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈشى مۇمكىن! دېمىسىمۇ، جەننەتكە ياكى دوزاخقا لازىمى بولمايدىغان، خۇددى قەدىرسىز قۇرت-قوڭغۇزدەك ئۆزىنىڭ كويى، ئۆزىنىڭ غېمى بىلەنلا ئۆتىدىغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھاياتتا نېمە ئەتىبارى، نېمە قىممىتى؟! لېكىن يەنە شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار يۇرتىنىڭ، خەلقىنىڭ ئىشى ئۈچۈن، ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئوتقا ئاتىدۇ، بۇ يولدا كۆيۈپ كۈل بولۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا گۈزەللىك، ياخشىلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرىنى ۋە شۇ يولدا تىنىماي كۈرەش قىلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىش ئالدىدا، ھېچقانداق ئۆكۈنۈش ھەم خىجىللىق ھېس قىلمايدىغانلىقلىرىنى بىلىشىدۇ! بۇنداق ئادەملەر ھاياتتا تولىمۇ قىممەتلىك، تولىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرت، خەلق، ۋەتەن، مىللەتكە سىڭگەن سۆۋغىسى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئەبەدىل-ئەبەد ئەۋلادلىرىمىزنىڭ سەبىي قەلبىدە يادنامە بولىدۇ!...

ئىئانە تاشلاش داۋام قىلماقتا، كىشىلەرنىڭ ھىممىتى، قىزغىنلىقى يۇقىرى بولماقتا. قاتار تىزىلغان قىزىل ساندۇقلار گويا ئۇلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان سەجدىگاھىدەك، ئۆزىنى ئاتىدىغان مۇقەددەس نەرسىگە ئايلانماقتا...

كىشىلەرنىڭ مىللىي مائارىپقا بولغان بۇنداق قىزغىن روھى، مەرىپەتكە بولغان بۇنداق ئوتلۇق سۆيگۈسى تۈمەنمىڭ قەلبلەرگە گۈزەللىك ئۇرۇقىنى چاچتى، ئۈمىد-ئارزۇ گۈلخانىنى ياقتى...

توپنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان ھاسا تاياقلىق، ياشانغان بىر ئايال بىردىنلا ھەممەيلەننىڭ دىققەت-نەزەرىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۈستىبېشىغا چاڭ-توزان قونغان، كۆرۈنۈشى ناتىۋان بۇ ئايال ھاسا تاياق بىلەن لوكۇلداپ، ئۆزىنى ئەستە سۆرەپ كېلىپ، قىزىل ساندۇققا بىر يۈەن سەكسەن فوڭ پۇل تاشلىدى. شۇ چاغدىكى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئاددىي ۋە كۆرۈمسىز بولسىمۇ لېكىن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ناھايىتى سالاپەتلىك، رايىش ۋە مۆتىۋەر بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇزاققىچە ئالقىش، چاۋاك ساداسى ياڭرىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياڭراتقان بۇ ئالقىشى

ئۇنىڭ پۇلغا ئەمەس، بەلكى پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئاشۇ قىزغىن، ئالىيجاناب، سەمىمىي روھىغا ئىدى. راست، ئۇنىڭ ئاشۇ روھى پۇلدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ تاشلىغان بىر يۈەن سەكسەن فۇڭ پۇلىنى ئاشۇ روھ بىلەن قوشۇپ ئۆلچىگەندە، ئۇ بىر يۈز سەكسەن مىڭ يۈەندىنمۇ بېسىپ چۈشەتتى!...

خەلقىمىزدە ئاشۇنداق روھ، ئاشۇنداق نەزەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ھايات گۈزەل، تۇرمۇش مەنىلىك، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ! بۇنداق خەلق بار يەردە، قالاقلىق، نادانلىق، قاشاقلىق ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ!...

ئىئانە تاشلاش تېخىمۇ قىزىق، تېخىمۇ تەسىرلىك پەللىگە يەتتى.

پىئونېرلار دەسلەپ سەپ-سەپ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

مائارىپ ئۈچۈن پەرۋانە،
ئەۋلادلارغا مەردانە،
مەكتەپ قۇرۇش ئىشقىدا،
تۆكتى ئېسىل دۇردانە.

ئارقىدىن، ئۇلار ھېيتتا يىغقان پۇللىرىنى، ئاتا-ئانىسىدىن «بازار كۈنى خەجلەيمەن» دەپ ئالغان موچەن، كوچەنلىرىنى بىر-بىرلەپ قىزىل ساندۇققا تاشلاشتى. ئالدى 20 يۈەندىن كەينى ئىككى يۈەنگىچە پۇل ئىئانە قىلغان پىئونېرلارنىڭ سانى 50دىن ئېشىپ كەتتى...

شۇ چاغدا، ھەممەيلەننىڭ قىزىقىشىنى، دىققىتىنى قوزغىغان يەنە بىر ئىش بولدى: بازاردا ھەر خىل تىجارەتلەرنى قىلىۋاتقان ھەم يەر ئىجارە ئېلىپ پاختا تېرىۋاتقان خەنزۇلاردىن 28 ئادەم ئۈچرەت بولۇپ كېلىپ، ئالدى مىڭ يۈەندىن كەينى 10 يۈەنگىچە ئىئانە تاشلىدى. ھەممىدىن قىزىقى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى، 100 يۈەننى تاشلاپ كېتىپ بولۇپ، يەنە ئارقىغا قايتىپ: «يېنىمدا 110 يۈەن بار ئىدى، ئەپ قالغان ماۋۇ ئون يۈەننىمۇ تاشلىۋېتەي» دەپ، ئاخىرقى 10 يۈەن پۇلنىمۇ ساندۇققا تاشلىدى. يىغىن مەيدانى يەنە بىر قېتىم تەۋرەپ، ئالقىش ساداسى يىراق-يىراقلارغا كەتتى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلىك، قىزىقارلىق ئىش ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقان، پاختا تېرىۋاتقان خەنزۇلارنىڭ بۇ يەردىكى مەكتەپلەردە بالا-چاقىسى يوق، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بۇ يەردە نوپۇسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، ھېچكىم ئۇلاردىن بۇنداق خەير-ساخاۋەتنىڭ بولۇشىنى كۈتمىگەنىدى. لېكىن ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن قېرىنداشلىق مېھرىنى، ئاش-تۇز ھەققىنى ئەلا بىلىپ، يۇرت خەلقى قول تىققان بۇ ئىشتا، ئۆزلىرىنىڭمۇ تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت

تۇيغۇسى بارلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى! ...

ئەنە توپلاش ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالدى. سېرىقبۇيىدىن سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئابلەت ھاجىم قاتارلىق تۆت كىشى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتقا كەلگەنىدى. ئۇلار قايتىش ئالدىدا، مۇشۇنداق كاتتا بىر يىغىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يۇرتىنىڭ مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش نىيىتىدە، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ساقلاپ ياتقانىدى. ئۇلارمۇ بۈگۈن يىغىنغا قاتنىشىپ،ئالدى ئىككى مىڭ يۈەندىن كەينى مىڭ يۈەنگىچە جەمئىي 6 مىڭ يۈەن ئىئانە تاشلاپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى...

قىزغىنلىقتا، ھەممە تەكە، سۆيگۈ ۋە سەلتەنەتكە تولغان ئىئانە تاشلاش يىغىنى ئاخىرلاشتى. ھەر بىر ساندۇقتا مەسئۇل خادىملار ناھايىتى تېزلىكتە پۇللارنى ھېسابلاپ چىقتى. يىغىن رەئىسى ئىئانە قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى جۇغلانما ساننى ئېلان قىلغاندا، يىغىن مەيدانى داۋالغۇپ، ئالقىش، چاۋاك، مەدھىيە ساداسى پەلەككە يەتتى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. چۈنكى، ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، 302 مىڭ 160 يۈەن ئىئانە توپلانغانىدى. بۇ سان سەمەت ئىسمائىلنىڭمۇ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، 5300 ئائىلە، 32160 نوپۇسى بار ئادەتتىكى بىر يېزا بازىرىدا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇنچە پۇلنىڭ ئىئانە بولۇپ چۈشۈشى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە، ھەقىقەتەنمۇ بىر كارامەت ئىدى. مانا بۇ، خەلق قەلبىنىڭ تەرەققىياتقا، ئىستىقبالغا بولغان مايىللىقىنى، يۇرتقا، مەرىپەتكە بولغان سۆيگۈ تەشنالىقىنى، كېلىچەككە، ئەۋلادقا بولغان ئىشەنچ ئېتىقادىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان خاسىيەتلىك دەلىل ئىدى! ...

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

بىز بۇ ماۋزۇيىمىزنىڭ بېشىنى ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى خاراباتنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن باشلىغانىدۇق. ئەمدى بۇنىڭ ئاخىرىنىمۇ يەنە شۇ شائىرنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى:

« مەرىپەت ئول گوياكى ئابى ھايات،
ئىچسەكىم ئۆلمەكتىن تاپقاي نىجاد! »

1996 - يىل ئىيۇن، مارالبېشى.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئارسلاپ ئالپ

ماموت زايىت

# يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا


## يىللار شەجەرىسى

يېڭى يىل ئايىمى بۈگۈن خەلقىمىنىڭ،
قولۇمدا دوستلارنىڭ تۇتقان شارابى.
ھېسسىيات-ئىلھامى قىيان قەلبىمنىڭ،
ئېڭىمدا تارىخنىڭ سوئال-جاۋابى.

ئۆتكۈزدى بىھېساب يىللارنى باشتىن،
تەڭرىتاغ-تارىملىق مەرد، جەسۇر ئىنسان.
جاپالىق ئەجرىدە زەر ئالدى تاشتىن،
گاھ قۇچتى شان-زەپەر، گاھ چەكتى پىغان.

تاۋلىدى ئەسىرلەر-يىللار شامىلى
قىلىچلار بىسىنى، نەيزە ئۇچىنى.
رەقىب ۋە زۇلمەتنىڭ جادۇ-قامىلى
مات بولدى يېڭەلمەي خەلق كۈچىنى.

سۇتۇقتىن-رەشىدخان، سادىرغا قەدەر
قانچىلاپ سەردارلار، باتۇرلار ئۆتتى.
يۈز يىللاپ غىلاپقا كىرمىدى شەمشەر،
شېھىتلەر روھىغا خەلق گۈل تۇتتى.



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

نى قىسمەت كۆرمىدى جاپاكەش خەلق
تارىخنىڭ تىنچسىز دولقۇنلىرىدا.
ياراتسا گاھ بەخت، كەشىپ-ئىجاد، تىنچلىق،
ئۆرتەندى گاھ ئىنزا يالقۇنلىرىدا.

قوزغۇنلار تاشلاندى گۈلشەنلىرىگە،
ئاق دىللىق، سېخىيلىق كەلتۈردى كۆلپەت.
خورلاندى زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىدە،
بۇلاندى گۆھىرى، چاپلاندى تۆھمەت.

يامرىدى غەزەپتىن قانچە-قانچە سەل،
ئازادلىق ئارمىنى قوزغىتىپ چۇقان.
ۋە لېكىن تەگمىدى ئاتقان ئوقلار دەل،
سېتىشتى ئاسىيلار ئەل-يۇرتنى ھامان.

رەقىبكە بوي ئەگمەي شۇ زاماندىمۇ
داۋانلار ئاتلىدى قەھرىمان ئەجداد.
يىپ-يېڭى بەت ئېچىپ پەن-ئىرپاندىمۇ،
ياراتتى بىھېساب نادىر كەشىپ-ئىجاد.

مەھمۇدنى تەربىيلەپ خەلەپ قەشقەرى ①
ئۇل سالدى يېزىشقا بۈيۈك قامۇسنى.
مۇھەممەت خوتەنى — بىلىم مەشئىلى
قىنىدا ئاقلىدى ۋىجدان-نومۇسنى.

نەفسى، نازىمى، نۆبىتى، گۇمنام
بولدى شام چىرىغى قانلىق يىللارنىڭ.
سايرامى، تەۋپىق ھەم شەۋقى، داموللام ②
پەن-ئىلىم ئاپتىپى سانسىز دىللارنىڭ.

ئۇلارنىڭ نۇرىدىن كەلدى ھەرىكەتكە
ئەدىبلەر قەلىمى، مەردلەر تۇلپارى.
ئوت ئاچتى تەگسىزلىك، زۇلۇم-زۇلمەتكە،
ۋاللداپ ھۆرلۈكنىڭ جەڭ زۇلپىقارى.

يالقۇنتاغ باغۇنى ئاتەش ئۇچاقتا
قۇرۇچتەك تاۋلىدى ئابدۇخالىقنى.
بۇ شائىر جەڭگاھتا، نەزمە-قوشاقتا
كۆرسەتتى خەلققە جانپىدالىقنى.

ئۆستۈردى ئەخمەتجان، بىلال، لۇتپۇننى
ئابرال ھەم يورۇڭقاش، تارىملىق ئۇستاز.
ئەلەمدە، قەلەمدە باشلاپ قوشۇننى،
ئەيلىدى ئۇلار جەڭ، ئىجادتا پەرۋاز.

مۇشۇنداق مەردلەرنىڭ، ئالىم-ئەدىبنىڭ
ئىزىدىن جەڭگاھتا چاپتى كۆپ دۇلدۇل.
قەلبىدە بەر ھايات ئۇلار خەلقنىڭ،
قىنىدىن رەڭ ئالدى تاڭ، شەپەق ۋە گۈل...

2

يېڭى يىل ئايىمى، سۈتتەك ئاق كېچە،
ئەسەۋۋۇر تۇلپارىم ئۇچتى ساماغا.
چىقتى ئۇ بۇغدا ھەم خانتەڭرىگىچە
ۋە نەزەر تاشلىدى ماناس دەرياغا.

كەلدى-دە، غۇلجىغا ئەگدى بېشىنى
بەش نەپەر جەڭچىنىڭ قەبرە تېشىغا.③
چاقىردى ئۇ مېنى-سەپەردىشىنى،
گۈلدەستە قويۇشقا تۇپراق بېشىغا.

ئادەملەر تاۋابى ھەم سەيلىسىدىن
ئايەملىك تۇس ئالغان مەردلەر قەبرىسى.
قىزىلگۈل، گۈلمېرۆي، قارلە يىلىسىدىن
بەش دەستە گۈل قويدۇم، ئاھ، مەن نەۋرىسى.

بەش مىنۇت سۈكۈتتە تۇردۇم ئۇي سۈرۈپ،
ئۇلارنىڭ كەچمىشى ئالدىمدا ئېكران.
تومۇردا ئوخچىدى قېنىم جۇش ئۇرۇپ،
ۋە تارتتى سوراققا جىسمىمنى ۋىجدان:

بولدۇڭمۇ ئۇلارغا ياخشى ئىز باسار،
چىرايىڭ ئوخشايدۇ، ئوخشامدۇ قەلبىڭ؟
تاشپاقا بولدۇڭمۇ ۋە ياكى تۇلپار،
باياشاد، ھۆر، ئىناق، زەردارمۇ خەلقىڭ؟

يۇردۇڭمۇ مەست-بىخۇد، لاپتا كېرىلىپ،
ۋە ياكى بولدۇڭمۇ تۆھپىكار ئىنسان؟
جاۋاب بەر!

① ھۇسەيىن خەلەپ قەشقەرى — مۇدەررىس، ئالىم، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى.

② داموللام — ئابدۇقادىر داموللام.

③ ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، دەلىلقان، ئاباسوۋ، لوجى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار.

بىردىنلا گۈمبەز يېرىلىپ،
مۆجىزە يۈز بەردى، بولدۇم لال-ھەيران.

قەبرىدىن بىرلىكتە چىقىپ كېلىشتى
تونۇشلا دوپپىلىق، شەپكىلىك بەش زات.
كىشلەر سالامىن ئېلىك ئېلىشتى
ۋە دېدى: ئەسسالام، بۈگۈنكى ئەۋلات!

جەم بولدۇق ئايەمدە، كۆردۇق قۇياشنى،
ھەي بىزنى خەتەرنىڭ لەھەگى يۇتقان.
بىز كىيگەن پاكۇنلۇق ھەربىي لىباسنى،
جەڭچىدۇق قورال ۋە قەلەمنى تۇتقان.

ئۆتكۈزدۇق قان كېچىپ ياز ۋە قىشلارنى،
بولدى جەڭ ئاكۇبى ئىرەنلىكلەرمۇ.
ئۇيلىساق بىز ھازىر ئۆتكەن ئىشلارنى،
بار ئىكەن تۆھپىمۇ، سەۋەنلىكلەرمۇ.

بۈرچ ئىدى بىز ئۈچۈن ئەل-يۇرت ھۆرلۈكى،
شۇ يولدا جەڭ قىلدۇق ۋە بولدۇق قۇربان.
كۆچەيسە خەلقنىڭ قۇدرەت، بىرلىكى،
بولىمىز سىلەردىن رازى، شادىمان!

ئوخچىدى تومۇردا ئىپتىخار قېنى،
ئەۋلادتىن ئۈمىدۋار بولغاچقا ئەجداد.
ئالدى ئۆز ئېلىكىگە بىر ھېكمەت مېنى،
ئاتىنى خۇش قىلار ئەقىللىك ئەۋلاد...

3

يېڭى يىل ئايىمى، خىيالىم قانات
ئۈچماقتا كۆتۈرۈپ مېنى ساماغا.
ئالدىمدا بىر مۇنبەت كەڭ زېمىن-ھەيھات!
تېكىلدىم تاغ-يايلاق، شەھەر، سەھراغا.

توختىدىم تەڭرىتاغ ئۈستى-يۈكسەكتە،
بەدەننى توگدۇرار ئىزغىرىن شامال.
بىر يالقۇن يېلىنجار ئەمما يۈرەكتە،
خىيالىم بېتىدە كەچمىش ۋە ئىقبال.

تەپەككۇر كۆزىدە باقىمەن ھەريان،
ئالدىمدا بىپايان تارىم ۋادىسى.
چەكمىدى ئۆمرىدە نى كۈلپەت-پىغان،
جاپاكەش خەلقىمنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسى.

مۆلجەرنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنلىرىنى
ئۈچۈرمەك بولدى ئۇ ئۇزۇن چاچ قاسساپ.①
تارىمنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنى
توختاتماق ئىستىدى ياڭ زېڭشىڭ كاززاپ.

تولدۇردى قىرغىنغا جۇڭغار بويىنى
ھېيلىگەر شىڭ شىسەي-قانخۇمار قاۋان.
ئازادلىق تۇغىنى، ھۆرلۈك كۈيىنى
يوقاتماق بولدى ئۇ گومىنداڭ چايان.

تارىخنىڭ ھۆكمىنى، ئەل قۇدرىتىنى
توسۇشقا ئامالسىز قالدى بارچىسى.
ئۇلغايتتى خەلقنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى
ھۆرلۈكنىڭ دانىشمەن مەرد جاكارچىسى.

ئەۋج ئالدى ھەرياقتا جەڭ مارشى، غەزەپ،
ياپراقلار بىخ سۈردى، تۆكۈلسە خازان.
باقسىمۇ جاھالەت قانچە تىرەجەپ،
قۇياشتىن ئايرىلىپ قالمىدى جاھان.

① مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى كۆزدە تۇتۇلغان.

تېيلغاق يوللاردا ئۇرۇق ئاتتمۇ
توختماي ئزباستى سەپەر كارۋىنى.
خارابە شەھەرلەر، يول-راباتتمۇ
بار ئۆلمەس روھلارنىڭ پەرياد-ئارمنى.

ئۇ روھلار ھەرتاڭدا تۇرۇپ ئورنىدىن،
ئۆگتەر تاغلارنى ئەكس ساداغا.
ئۇ روھلار ھەر باھار قۇياش نۇرىدىن
يوللايدۇ شاۋقۇنلۇق خىتاب دەرياغا.

شۇڭلاشقا ئادەملەر قالسمۇ ئۇخلاپ،
ئۇخلماس ھېچقاچان تاغ-دەريا، زېمن.
ۋاقتمۇ غايىلىنى تۇرمايدۇ ساقلاپ،
قۇلاق سال ياڭرايدۇ مۇقەددەس گىمن...

تۇرىمەن تەڭرىتاغ ئۈستىدە تەنھا،
ئەسلىمە، خيالنىڭ يوقتۇر پايانى.
كۆزۈمگە بۇ قەدىم كەڭ دىيار گويا
كۆرۈندى تارىخنىڭ بولۇپ ئېكرانى...

4

يېڭى يىل ئايىمى خيالىم قانات،
ئايلاندىم پەرۋازدا گويا ئاق قۇغا.
ئاستىمدا باي، مۇنبەت كەڭ زېمىن، ھەيھات،
كېپقالدىم بىر پەستە گۈزەل ئاقسۇغا.

ئايلاندىم بۇ يۇرتنىڭ يېزا-شەھرىنى،
سانائى نەفسە ①، گېزىتخانىنى.
يوقلىدىم ئوت يۈرەك شائىر قەبرىنى،
ياد ئېتەر ئىكەن ئەل ئۇنىڭ نامىنى.

قولۇمدا سارغايغان كونا بىر گېزىت،
ئوقۇدۇم، ھاياجان ئىلكىدە يۈرەك.
قېشىمدا لۇتپۇللا — قەيسەر، مەرد يىگىت،
بىر گەۋدە شائىر ھەم «خىيالچان تىلەك»

قارايمەن لۇتفۇغا، گېزىتكە زوقتا،
كۆرۈنەر تۇندىكى نۇر-چاقماق بولۇپ.
ھە، ئۇلار بىرلىكتە خىتابتا، ئوقتا
قوزغالغان زۇلمەتكە ئوت ياقماق بولۇپ.

ياراتقاچ بۇ گېزىت شائىرغا ئىمكان،
ياڭرىغان ئەل ئارا چېلىش گېمىنى.
لۇتپۇللا باش بولۇپ ياندۇرغاچ گۈلخان،
ئىنتىلگەن بەختكە تارىم زېمىنى.

قاتىللار ھەيۋىسى، ساتقىن ھيلىسى
ئاقمىغان، ئويغانغاچ خەلق خىتابتىن.
دولقۇندا كاراپتەك مەردلەر كېمىسى
ئۆرلىگەن ئۈمدۋار تاڭدىن-ئاپتاپتىن.

ئويلايمەن، ئۆمرىدە بەزى كىشىلەر
بىلمەيدۇ شائىرنىڭ بۈيۈكلىكىنى.
نەزمىدىن ئەتىۋار ئاڭا ششلەر،
كۆر، ئۇنىڭ نادان ۋە ئۆلۈكلىكىنى.

شېئىرنى، شائىرنى، گېزىتنى ھەتتا
كەمستەر، ئۆزىچە كۆزىگە ئىلماس.
داناغا نەزمىنىڭ قۇدرىتى كاتتا،
ئۇ خەنجەر، ئۇ نەيزە، تاغ تېشەر ئالماس.

شېئىر ۋە شەمشەرنىڭ بىللىدۇر جايى،
بۇلارسىز تاپماس ئەل نىجادلىق، قۇدرەت.

① سەنئەت ئۆمكى.

شائىرسىز، شېئىرسىز مىللەت ياۋايى،
ئەۋج ئالار قۇلچىلىق، نادانلىق، بىدئەت.

شېئىردا ئەجدادنىڭ غايە-ئىستىكى،
شېئىردا دەۋرنىڭ جىلۋە-جۇلاسى.
شېئىر-ئۇ گۈزەللىك، چىنلىق ئەينىكى،
شېئىردا ئىنساننىڭ روھى دۇنياسى.

ئەقىللىق لۇتپۇللا چۈشەنگەن شۇنى،
ھەقىقىي شائىرغا مەنبۇئات جەڭگاھ.
ھاياتنىڭ بار جۇدۇن، دوقال، كەلكۈنى،
شائىرلار ئىلگىرلەر چەكمەستىن ئاھ-ۋاھ.

كەڭ دېڭىز-ئوكيان بىل ئۇنىڭ كۆڭلىنى،
يولىدىن توسالماس ھەسەت، دار، توزاق.
ئاتايدۇ ئىجادقا، ئەلگە ئۆمرىنى،
ياشايدۇ نام-روھى يۇلتۇزدەك ئۇزاق...

5

يېڭى يىل ئايىمى بۈگۈن خەلقىمنىڭ،
قولۇمدا ئىقبالنىڭ گۈلگۈن شارابى.
ھېسسىيات-ئىلھامى قىيان قەلبىمنىڭ،
ئىچىمدا ئەل-يۇرتنىڭ پەرمان-خىتابى.

يېپ-يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا.
قۇياشقا بېرىمەن ئەمدى سۆزۈمنى،
ھېكمەت بار ئۇنىڭ ھەر نۇر سوۋغىسىدا:

ئەي ئوغۇل، يىللارغا شەجەرە يازدىڭ،
بۇ ئەجداد، ئەۋلادقا تالىق تەزكىرە.
گاھى تۈچ، گاھى مىس، گاھ ئالتۇن قازدىڭ،
ئالدىڭغا باق، ئەنە يېڭى مەنزىرە.

مىڭ يىللىق توغراقلار قايتا كۆكەردى،
يېشىللىق تۇتاشتى چۆلدىن ئۇيۇققا.
ئادەملەر ئۆزگەردى، دەۋر ئۆزگەردى،
بوۋىلار قامۇسى چىقتى يورۇققا.

ۋە لېكىن ئۆزۈڭچۇ، قايىنامغا سەكرەپ،
بولدۇڭمۇ مەنپەئەت-پايدىغا تۇتقۇن؟
ئەجدادلار جۇۋىسى-ئەجرىدە تەرلەپ،
يېڭىنى ياراتماي ئۆتكۈزەمسەن كۈن؟

زامانىنىڭ، خەلقىڭنىڭ تەلىپى نېمە؟
قۇلاق سال، تەييارلان ياخشى جاۋابقا.
بۇ ھايات دولقۇنلۇق دەريا، سەن كېمە،
يەتمەيسەن شىددەتتە ئۈزمەي قىرغاققا.

ئەدىبسەن، ئەدىبنىڭ كۆڭلى كەڭ ئالەم،
ياڭراتقىن دەۋرگە تالىق سادانى.
ئالەمدىن مۇرەككەپ تىلسىملىق ئادەم،
قاز ئاشۇ مۇرەككەپ روھىي دۇنيانى.

ئىجادقا تۇتۇنغان سەپەرلىرىڭدە
ھەرئىزىڭ ياراتسۇن يېپ-يېڭى تۇسنى.
چاقنىسۇن ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىڭدە
زامانىنىڭ، خەلقىڭنىڭ مەنىۋى ھۆسنى.

دۇنياۋىي شۆھرەت قۇچ، بوۋىلاردىن ئاش،
مىللەتنى تونۇتقىن ۋەتەن-ئالەمگە.
دوستلىرىڭ مەدەتكار مەن ساڭا قولداش،
قىل جۈرئەت، تەييارمەن ھامان ياردەمگە...

*

ياڭرىدى قۇياشنىڭ نۇر- سوۋغىسىدىن
يىللارنىڭ، خەلقىمنىڭ خىتابى- سۆزى.
يىپ- يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن
بالقىدى مەنۋى دۇنيا يۇلتۇزى.

*

ئەي ئەدىب دوستلىرىم، ئايىمىڭ، يايرا،
ئالدىڭدا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە.
ياراتساڭ ئىجادتا بىر ئالتۇن ئىرا،
تۇرغۇزغاي يىللارمۇ ساڭا شەجەرە...

## ئىدىقۇتتىكى ئويلار

1

بۇ نەمەس چۇش ياكى خىيالىم، ھەيھات!
ئالدىمدا ئىدىقۇت- بۈگۈنكى تۇرپان.
قارايمەن بۇ دىيار مەدەنىي، ئاۋات،
قەلبىمدە مۇھەببەت ھۆرمىتىم گۈلخان.

ئويلامسەن بۇ يەرنى دېھقان سەھراسى،
ياق، سودا- سانائەت شەھرى ھازىر.
ياڭرايدۇ ئىسلاھات، تىكلەش ناۋاسى،
بولماقتا قەيسەر خەلق ھەممىگە قادىر.

كېڭەيگەن ئۇپۇققا قەدەر بۇ شەھەر
ئايلانغان تەكزارغا، باغقا جەزىرە.
گۈللەنگەن مەرىپەت، پەن، سەنئەت- ھۈنەر،
ھەرياقتا ئۆزگىچە گۈزەل مەنزىرە.

زېمىنى ياپ- يېشىل ئېكىنزار بوستان،
چوڭقۇر يەر تەكتىدە كارىز دەرياسى.
پۇقراسى، كادىرى ئىجادكار، ئىشچان،
زامانغا ماس گۈزەل روھىي دۇنياسى.

بىنالار نەقىشلىك، كۆركەم، بەھەيۋەت،
(سەرەڭگە قېپىدەك ئەمەس تۇر بىر خىل)
راۋاقلار، گۈمبەزلەر يىگانە سەنئەت،
شىپائلار، ئەگمىلەر گۈلدار ھەم سەرخىل.

نامايان بۇندىكى جىمى مىماردا
قەدىمىي ھەم يېڭى بىنا نۇسخىسى.
دەيدىكەن كەلگەنلەر زوق- ئىپتىخاردا:
يارايدۇ قولى گۈل تۇرپان ئۇستىسى!

كەڭرى يول بويىدا گۈللۈكلەر ئارا
كۆتۈرگەن گۈل قامەت نەپىس ھەيكەللەر.
كۆڭۈلدە قوزغايدۇ ئاشىقلىق ناۋا
«مىڭئۆي»دىن بۇ يەرگە كۆچكەن گۈزەللەر.

بوستانلىق، ئاسفالت يولنىڭ قاسنىقى،
ئىدارە، ماگىزىن ئەتراپى باغچا.
ئادەملەر كۆزىدە ئىشەنچ ئاپتىپى،
قەلبىدە ئاقىدۇ ماگمىدەك ناخشا...

2

كۆرۈپ كەڭ تۇرپاننىڭ گۈزەل تۇسىنى،
چۆمۈلدۈم غورۇرغا ۋە بولدۇم خۇشال.
كۆرگەندە ئىدىقۇت خارابىسىنى،
تارىخى قوزغاتتى كۆڭلۈمدە سوئال:

مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئۇرخۇن دەۋرىدە
ئىدى ئۇ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شەھەر.
زوقلىنىش، ئىپتىخار قوزغاپ ھەممىدە،
ئاتالغان «تەڭرىتاغ تاجىدا گۆھەر»

بۇ يەردىن ئات چاپقان غەرب-شەرققە
سودىگەر، سەييالار، ئەلچى، كارۋانلار.
يىغىپ قۇت-پاراغەت ئىشچان خەلققە،
ئەجرىدىن يارالغان تەكزار-بوستانلار.

مەرۋايىت ئۈزۈمى، ھايات شەربىتى
تارالغان ھىندى، رۇم، يۇنان، شامغىچە.
كىرگۈزۈپ بۇ ئەلنى قامۇسلار بېتى
ئوخشاتقان سۈپەتتە ئاي-چولپانغىچە.

دۇنياۋى شۆھرەتلىك مۆجىزە كارىز
بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپ بولغان ئىختىرا.
تۆكۈپ تەر-ئەجرىنى بۇ خەلق خالىس،
ياراتقان مەرىپەت-پەندە بىر ئىرا.

بولمىغان چاغدىمۇ زامانلار تىنچ،
قەددىنى پۈكمىگەن بۇ ئەل، بۇ ماكان.
ئەسىرلەر بورانى، ئاپپالتا-قىلىچ
بىلمىدىم، تاشلاندى بۇ جايغا قاچان؟

گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك بۇ دىيار-زېمىن
نېمشقا بولدىكىن ۋەيرانە-خاراب؟
نېمشقا تاپماستىن پۇقراسى ئەمىن،
ئىجادكار، باتۇرلار چەكتى دەرد-ئازاب؟!

نېمشقا كىشنەشتىن توختىدى تۇلپار،
قۇملۇققا كۆمۈلدى ئوردا-قەسىرلەر؟
نېمشقا يالقۇنتاغ بېشىدا مۇز-قار،
نېمشقا خورلۇقتا ئۆتتى ئەسىرلەر؟

تاس قالدى دۇنيادىن بولۇشقا غايىب
نېمشقا بۇ قەدىم شەھەر، ئىشچان خەلق.
نېمشقا قىسمىتى شۇنچە ئاجايىپ
تارىختا، بۇگۈندە ئاسمان-زېمىن پەرق؟

ۋۇجۇدۇم لەرزىدە، جۇپ كۆزۈمدە ياش،
ئارقامدا نادانلىق، نىزا ساۋىقى.
بولمىسا قەدرىگە يېتىش ۋە ئاياش،
مىس ئىكەن خىزىرنىڭ ئالتۇن تاۋىقى...

3

كېزىمەن تۇرپاننى، باقىمەن خۇشال،
ئايلانغان راستىنلا جەننەتكە بۇ جاي.
ھەرياقتا گۈللىنىش، قۇت، سۆيگۈ، ۋىسال،
ئىستىقبال كۆكىدە نۇرلۇق يۇلتۇز، ئاي.

قۇرۇشۇپ دېھقانلار زاۋۇت ۋە شىركەت،
تاشلىغان ئەشياچى نامنى ئۆچۈرۈپ.
تاپقان ھەر ئىشىدا روناق ۋە بەرىكەت،
پەن-ئەقىل قانىتى كۆككە ئۇچۇرۇپ.

بەستىدە سالاپەت، چاقىرغۇ قولدا،
شىياڭگاڭلىق بايلاردەك پۇزۇر ئىنتايىن.
ئۇلار ئۆز ئەجرىدە، بايلىقتا، پۇلدا
بۇ يەرگە بولماقتا قايتا خوجايىن.

ياراشقان شەھەرگە بولۇپ ياقۇت كۆز
ھەيۋەتلىك ئىدىقۇت مېھمانخانىسى.
مىمارلىق بابىدا بولسا تەرىپ-سۆز،
جاھاندا ئاز بۇنداق ئۆز، شاھانىسى.

تال-ئۈزۈم بارىڭى يولغا سايىۋەن،
مېھماننى قالدۇرماس قىزىق ئاپتاپتا.

قىلدۇ سەيياھنى زوقمەن، رازىمەن
بىجاقى، كىشمىش...لەر تاۋلىنىپ شاختا.

ساقلىغان قەدىمي ئەنئەنە تۇسىنى
مول، قايناق ئىدىقۇت بازىرى بۈگۈن.
جەلپ قىلغان بىھىساب خېرىدار-دوستنى
بال ئۈزۈم، ئېسىل مەي، زەر ئەتلەس، دۇردۇن.

ساياھەت، تىجارەت قىزىغان باس-باس،
كېلىدۇ تاغ-ئوكيان ئاتلاپ چەت ئەللىك.
ئۇز شەھەر، مىڭئۆيلەر، مەدەنىي مىراس
بەخش ئېتەر قەلبىگە زوق ۋە خۇرسەنلىك.

ئىسمىدە بۇ ئىزگۇ، قۇتلۇق زىيارەت،
كۆڭلى مەرد تۇرپانلىق قىزغىن ۋە خالىس.
ئۇيلىدىم، تاپاركەن ئەل-يۇرت كامالەت
ئەۋلادلار ئەجدادقا بولسا چىن ۋارىس...

ئىبراھىم ئىزاقى

# ئىشق ئېھراملىرى

## 1

تەپەككۇر كۆزىدە باقساڭ تەجەللى سۆيگۈ دۇنياسى.
كۆڭۈل ئېكرانىدا ئەتكەي ئەكس ئەينىچە سىماسى.
بۈيۈك ساماسىنى سەزمەك ئۈچۈن ئەقىل كېلۇر ئاجىز،
روھىيەت قۇشلىرى پەرۋاز ئېتىشكە كەڭرى پەزاسى.
مۇھەببەت سىرلىرى سىرلار ئىچىدە ئەڭ سېھرلىكتۇر،
تەپەككۇر ئىشكىنى ئاچقاي چېكىپ قىزىق مۇئەمماسى.
تۈزەلمىش سۆيگۈ سۆزلىرى ئىشق ھەرپلىرىدىن ھەم،
شەرھى ئەتسەڭ كىتاب بولغاي ھەر ئىبارە مەناسى.
قۇلاق سالساڭ ئىشق ئەھلى دىلىنىڭ ھەر سادا سىغا
تىرەن ھېكمەتكە ھاملدار، ئەۋجىدە سۆيگۈ سەۋداسى.
ئىشق ئالەمگە باققاي بالاغەت پەسلىدە ھەركىم،
مىسال لەيلى بىلەن مەجنۇن ئۆمۈرلۈك بولدى پۇقراسى.
ئىشقىسىز تەختىدە سۇلتان بەختسىز سۈرسىمۇ دەۋران،
بېرۇر شاھلىق ھوزۇرىنى ئاشىق سائىل تەمەنناسى.
ئېيتىپ كۆيىنى مەپتۇنلۇق ئاقار ئىقبالغا دولقۇنلۇق،
مۇھەببەت يۇرتىدا ئۇتلۇق قەلبىنىڭ ئارزۇ دەرياسى.
ئىزاقى، ئويلىما ئۆمرۈڭ بىغىنى گۈلگە پۈركەشنى،
ھاياتتا بولماي بىر ئاق كۆڭۈل مەپتۇنى-شەيداسى.

## 2

تەبىئەت ياسىدا مېنى كۆرۈنگەن قارىغا ئاتتى.
پەلەك ئۆز ئىختىيارىچە نىشانىنىڭ بارىغا ئاتتى.
ئۇچۇپ يۈردۈم نىشاندىن بۇ نىشانغا توختىماي قاڭقىپ،
ئىلاھى سۆيگۈنىڭ ئاخىر ئىشق بازارىغا ئاتتى.
كۆرۈنگەن گۈلگىلا قونغان كېپىنەك بولمىدىم زىنھار،
ساداقەت پادىشاھى ئەندىلىپ قاتارىغا ئاتتى.
كوچامدا ئايلىنىپ قالدىم ئۆزۈمنىڭ يارىنى ئىزدەپ،
قېرىشىپ قىسمەت تەقدىر ھىجرانىنىڭ غارىغا ئاتتى.
ھىجرانىنىڭ غارىدا ياتتىم ئۈمىدنى ئاش-ئوزۇق ئەيلەپ،
مۇرادنىڭ پېرلىرى ئاخىر ۋىسال گۈلزارىغا ئاتتى.
ناۋالار ئەيلىدىم ھەر تاڭ ئۆزۈمگە خاس ئاۋازىمدا،
مۇھەببەت شامىلى ھەيدەپ ئۆزۈمنىڭ يارىغا ئاتتى.
تىرىكلىك قىشى ئىلكىدىن ئىزاقى قۇتۇلۇپ چىقتى،
ئۆمۈرنىڭ قازىسى مەڭگۈ بەخت باھارىغا ئاتتى.

## 3

ئەمدى يەت ھالىمغا، دىلبەر، باشتا پەرۋا قىلمساڭ.
كىممۇ قىلغاي سەن ئۆزۈڭ دەردىمگە داۋا قىلمساڭ.
سۆيگۈدىن دەرس بەرمسەڭ چىقمايتتى ساۋادىم مېنىڭ،
ساڭا باقماي نەقلاي كۆزۈمنى ئەما قىلمساڭ.
ئېيت، ناۋا ئەيلەمدۇ بۇلبۇل باغدا گۈل ئېچىلمسا،
مەن كۆيەمتىم دىلدا ئىشقى ئوتى پەيدا قىلمساڭ.
يىشمەن سىر دەپ خوراپ كەتمەس ئىدى ئەقلى-ھوشۇم،
سۆيگۈمىز داستانىنى سىرلىق مۇئەمما قىلمساڭ.
ئەتكىلى كۆڭلۈكنى خۇش ھېچ ئىش تېپىلمامتى ساڭا،
يىغلىتىپ كوچا-كويۇڭدا مېنى رەسۋا قىلمساڭ.
ئاھ، ئازابلانماس ئىدىكى بۇنچىلىك دەردسىز دىلىم،
بىر يامان كېسەلنى ساق روھىمدا پەيدا قىلمساڭ.

قايتۇرۇپ بەرگىن ئىزاقى يۈرىكىنى ئۆزىگە،
تىلدا مەڭتۈن بوپ ماڭا قەلبىڭنى شەيدا قىلمساڭ.

4

ئەكس ئەتكەي روشەن دىلبەر روھىنىڭ مەنزىلى كۆزدە،
نە مەنزىل، مەنزىلى ئىچرە ئايان دىلنىڭ سىرى كۆزدە.
سېھرلىك نۇر پەۋەس ئېكران كۆزى ساھىبجامالنىڭ،
نامايان مەنۋى دۇنياسىنىڭ چىن تەسۋىرى كۆزدە.
تۇتار ھىس-تۇيغۇسىن مەخپىي ناشىقتىن يوشۇرۇپ مەشۇق،
بىراق بولغاي ئىپادە كەيپىياتنىڭ تەسىرى كۆزدە.
بىھاجەت خۇي-مىجەزىن ھۆر-پەرىلەردىن سوراپ بىلمەك،
قىلۇر ئەخلاقىنى ئىزھار گۈزەللەر كەمتىرى كۆزدە.
پەرھىزدۇر نازىنىننىڭ بارىغا بولماق نازاكەتلىك،
كۆڭۈل ئۇۋلاش ئۈچۈن تۈزگەن مۇجەسسەم تەدبىرى كۆزدە.
بىپەرۋا چاغلىما ئاتساڭ قىشىڭ قايتۇرمسا ئىنكاس،
بېرۇر رەنا جاۋاب ئېنىق ھاياجان دەملىرى كۆزدە.
قاراپ رۇخسارىغا يۈرمە باھالاپ دىلرەبالارنى،
ئىزاقى سال نەزەر قەلب ئىزاھى، تەدبىرى كۆزدە.

ئابابەكرى توختى

# تۈمەن دولقۇنى

## قەشقەر راۋابى

ئۈجمىدىن يارالسا شۇنداق مۆجىزە،
تەھقىقتۇر بارچىنىڭ ھاڭ-تاڭ قالغىنى.
ھېيتگاھتا يۈرەكنى ئەزدىغۇ بوۋاي،
ئاھ، قانداق ئاھاڭدۇر ئۇنىڭ چالغىنى؟

تارلاردىن چېچىلار بەجايىكى ئوت،
بۇ ئوتلار روھىمنى ئەيلەر مالىمان.
ھەيرانمەن نېمشقا كۆيمەيدۇ زەخمەك،
ھەيرانمەن نېمشقا كۆيمەيدۇ جاھان؟!

بىر پۇتمەس سەۋداغا قالدىم مەن بۈگۈن،
كۆلپەتسىز بېشىمغا غەۋغا تېرىلىپ.
لەيلى چىداپتىكەن تاشۋاي كۈيىگە،
ھېلىمۇ يۈرىكى كەتمەي يېرىلىپ...

## تۇمەن دولقۇنى

ئەسسالام، قەشقەرنىڭ غورۇرى تۇمەن،
گۈزەللەر ماكانى ئەي ئەزىز دىيار.
ئوت سالدى قەلبىمگە ئويناق دولقۇنۇڭ،
ئوت سالدى قەلبىمگە قارا كۆزلۈك يار.

ھايالىق بېقىشلار كۆيدۈرىدۇ جان،
قارىچۇقتا يالتىرار لەتىپ بىر سۈرەت.
ئون سەككىز يېشىمدا باغرىڭدا ئېقىپ،
ئويغانغان مېنىڭدە تۇنجى مۇھەببەت.

ئويغانغان ھاياتقا ئۇلۇغۋار سۆيۈش،
ئوچۇملاپ ئىچكەندە شەربەت سۆيۈگىنى.
ئانامنىڭ ئەللىيى چۈشكەن يادىمغا
ھەر قېتىم ئاڭلىسام مۇڭلۇق كۈيۈگىنى.

ئاقسەن مۇقەددەس زېمىننى سۆيۈپ،
ئېھ، ئۆلمەس ھاياتنىڭ جۇلاسى سەندە،
سېنىڭدىن رەڭ ئالغان چەكسىز ۋادىلار،
ئايلاندى ياپيېشىل باغقا-چىمەنگە.

قانداقمۇ ئۇنتۇلاي ئاي كۆلگەن ئاخشام،
يۇلتۇزلار چېھرىڭدە نۇر چاچقىنىنى.
سۇمبۇل چاچلىرىنى ئويناپ خىيالچان،
يارىمنىڭ يىراققا ئۇزاتقىنىنى...

ياڭرايسەن مۇقەددەس ئۇلۇغ كۈي بولۇپ،
قەلبىمدىن تۇغۇلغان شېئىرلىرىمدا.
زېمىندا ئاققىنىڭ يالغاندۇر سېنىڭ،
ئاقسەن ئەسلىدە تومۇرلىرىمدا...

## بادام دوپپا

قۇياش يەر-جاھانغا كۈلۈپ باقىدۇ،
شوخ شامال يۈرەككە ئەجەب ياقىدۇ.
ئادەم دېڭىزىدۇر قەشقەر كوچىسى،
كوچىدا گوياكى دوپپا ئاقىدۇ.

دوپپىنى ئۇلۇغلاز مېھنەتكەش خەلقىم،
دوپپىدىن ئۆزىگە غورۇر تاپىدۇ.
ئانىلار كېچىسى دوپپا تىككەندە،
دوپپىنىڭ ئۈستىدە تاڭلار ئاتىدۇ.

قىزلىرى يىگىتكە دوپپا تۇتقاندا،
بۇ دوپپا دىللارنى دىلغا چاتىدۇ.
دەردمەنىمكىن دەپقالما يىگىتلىرىنى،
دوپپا پاك سۆيگۈگە قۇچاق ئاچىدۇ.

چاغلىما سەن ئۇنى ئاددىي بىر كىيىم،
ئۇنىڭدا مۇقەددەس ھېكمەت ياتىدۇ.
خەلقىمنىڭ غورۇرى بىلسەڭ بۇ دوپپا،
ھە، شۇڭا شائىرنىڭ قوشاق قاتىدۇ.

## ئانا ھەم ۋەتەن

ۋەتەننى ئانا دەپ ئاتاش بىر ئۇدۇم،
ئانىنىڭ مېھرى بار چۈنكى ۋەتەندە.

ۋەتەنسىز ئاننىڭ نېمە قىممىتى؟
ۋەتەنسىز جان ۋە روھ بولمايدۇ تەندە.

ئانىلار كۆز يۇمۇپ كەتسە جاھاندىن،
باغرىغا ئالىدۇ مەڭگۈلۈك ۋەتەن.

ھە، شۇڭا تاۋابگاھ ۋەتەن زېمىنى
ۋىجدان دالاسىغا تەرگەن گۈل-چىمەن.

ئانىدىن تۇغۇلدۇق، ئانا پەقەت بىر،
ۋەتەنمۇ بىر بولار، ئىككىسى تۇتاش.
ئانىنىڭ نامىدا ئۆلمەيدۇ ۋەتەن
ھەتتاكى كۆيۈپ كۈل بولغۇچە قۇياش.

## ھىجران يىلتىزى

### 1

ماڭا نە مەنزىلمۇ مەئۋا ئەيان نە خانۇمان پەيدا، ①
سىنىڭ ھىجرىڭدە بۇ غەمسىز يۈرەكتە لەختە قان پەيدا.
ئەقلىنىڭ قۇشلىرى قوندى سولاشقان بەرگى-ياپراقتا،
جاھان ھۆسنىدە سۆيگۈمدىن بولۇپتۇ زەپران پەيدا.
ناۋالار ئەيلىسە بۇلبۇل قىزىل گۈل ئىشتىياقىدا،
كى تاڭ چېھرىدە ھىجرەتنىڭ دالاسىدەك تۇمان پەيدا.
شەبىستان كۆيلىرى ئاستا يىراقلاپ كەتتى كۆلبەمدىن
ھىلالنىڭ كۆز يېشى تامغاچ چىمەندە مۇڭ-پىغان پەيدا.
بۇتەن پەرۋازىدىن قالدى، ئۇنىڭ مولجالى تىمتاسلىق،
سۈكۈت ئەۋجىدە روھىمدا ياراقسىز پەھلىۋان پەيدا.
خىيال دەپتىرىدىن زەرگۈن پەلەكنىڭ شولىسى يىتتى،
پەلەك دىشۋارىدىن بولدى گويا ئاخىر زامان پەيدا.
چېچەك زۇلمىتىدىن كۆيگەن كېچەڭگە ئاشنا چۈشلەر،
شۇ چۈشلەر سەتھىدە بولغاچ ھاۋا ② دەك مېھرىبان پەيدا.
ئىشق زەنجىرىدە مەڭگۈ بۇ ئۇيغۇن قەلبى باغلاقلىق،
نە ھاجەت ئىستىمەك ئەركنى يىنىدا ئول جانان پەيدا.

---

① بۇ مىسرا ناۋائىنىڭ.
② ھاۋا ئاننى دېمەكچى.

## 2

جان يېتىپ ئاغزىمغا تاپمان دەردۇ ھىجراندىن خالاس، ①
نەكى ھىجران بەلكى بولدۇم ئابىھايۋاندىن خالاس.
كىرپىكىڭ ئوقياسىدىن سۇندى چېچەكلەر جىلۋىسى،
ئەيلىگەي كىم باغىباننى ئۇشبۇ غەلياندىن خالاس؟
زۇلپى قەللابىڭ مېنى ئالدى بوغۇپ، يوق ئىختىيار،
كۆزلىرىم بولماس نېرى بىرلەھزە توپاندىن خالاس.
ئاھ، ئىشق زىندانىغا ھەيدەلگۈچى بىر مەن ئەجەب،
خۇددى قۇش بولغان كەبى پەرۋازى جەۋلاندىن خالاس.
ئىزدىبان سۆيگۈ گۈلىستانى زىمىستان قوينىدىن،
ئىشقى گۈللەرنىڭ دىلىمدا بولمىدى قاندىن خالاس.
بۇ جۇنۇن سەھراسىنىڭ خىلۋەت راباتى قايدىدۇر،
جىلۋىسىز ئازغۇن ۋىسال قىلماس سەراتاندىن خالاس.
مۇڭدىشىم بولدى پىراقىنىڭ ئەۋجىدە تەنھالىقىم،
ۋەھدىتىم جامىدا مەي بولماستا شەيتاندىن خالاس.
بۇ ھاياتقا ساختىلىقتىن ياپما پەردە ئەي پەلەك،
قىل مېنى جاندىن خالاس قىلغۇچە جانىدىن خالاس.

① بۇ مىسرا ناۋائىنىڭ.

ماخمۇت مۇھەممەت

# قىس ۋە قۇش

(ھېكايە)

تاكسى شوپۇرى ئابدۇسەمەت ھاجىم تۇرۇپلا قۇش بېقىشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى. بۇ يىل ئوتتۇز بىر ياشقا كىرگەن ياش ھاجىمنىڭ ھەۋەس، خۇمارلىرى بۇرۇن قۇمدەك تولا بولىدىغان. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەھەللىسىدىكى ئوقەتچى ئاغىنىلىرىنىڭ دالالتى بىلەن ئاز-تولا دەسمايە ھازىرلاپ، چەت ئەلگە ئوقەت قىلغىلى كەتتى. «خۇدا دېسەڭ پۈتسەن، مەخلۇق دېسەڭ يۈتسەن» دېگەندەك، ھە دېمەيلا ئىشلىرى يامان ئەمەس يۈرۈشتى. ئاشۇ تېرىقىدە ئۇ چەت ئەلدە توپتوغرا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. ئارىلىقتا، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە ھېچبىر ھەرەج تارتمايلا مەككە-مۇكەررەمەگە بېرىپ بوۋىسى ئابدۇللا ئەھەت قارىم بىر ئۆمۈر كېپىنى قىلىپ تۈگىتەلمىگەن مىنا تېغىدىكى شەيتانغا بوۋىسى ۋە ھازىرمۇ ھايات دادىسى ئابدۇللا مۇتەللىپ ساتىراچ ئۈچۈن ئۈچ كىشىلىك تاش ئاتتى. ئابدۇسەمەت ھاجىم تېخى ياش ۋە كۈچتۈڭگۈر بولغاچقا، مىنا تېغىنىڭ ئوتتەك ھارارەتلىك باغرىدا يۈگۈرەپ كېتىۋېتىپ، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ كەلگەن ۋە ھېلىمۇ ئازدۇرىمەن دەپ يۈرگەن شەيتان لەئىنتىگە چىن ئىخلاسى بىلەن بىر نەچچە تال تاشنى ئارتۇق ئاتتى... يۇرتىدىن ئايرىلغانىنىڭ تۆتىنچى يىلى ئابدۇسەمەت ھاجىم يۇرتىنى سېغىنىپ خېلى يامان ئەمەس تاپاۋەت بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭدىكى قانائەت، شۈكرانىچىلىق مىجەزىنى ئابدۇلئەھەت قارىم ۋە تولىراق ئابدۇمۇتەللىپ ساتىراچ يىللار داۋامىدا ئاز-ئازدىن قوندۇرۇپ، يېتىلدۈرگەنىدى. خەيرىيات، ياش ھاجىم يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەلدە تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇلىغا ئالدى بىلەن «سانتانا» ماركىلىق بىر پىكاپ سېتىۋالدى. قولىدا ئېشىپ قالغان پۇل بىلەن ئاتا-ئانىسىنى، خوتۇن-بالىسىنى ۋە يېقىن-يورۇق قېرىنداشلىرىنى رازى قىلدى. يەنى تاكسى شوپۇرلىق ھاياتىنى باشلىۋەتتى. چەت ئەلدە ۋاقتىدا ئۇ شوپۇرلۇقنى خېلى يامان ئەمەس ئۆگىنىگەنىدى.

تاكسى ھەيدەيدىغان ئابدۇسەمەت
ھاجىمدا ئەمدىلىكتە ھەرقانداق غەيرىي
ھەۋەس، خۇمار قالمىغانىدى. يىگىت
مەزگىللىرىدە بىرنەچچە يىل ئويۇن-تاماشى-
نى يېتەرلىك قىلىۋالغان بولۇپ، كېيىنچە
ئۇقەت كويىدا چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.
ئۇنىڭ يېشىدىكى ئادەم ئۈچۈن يات ئەل
ھەر قانداق ئويۇن-تاماشا، ھەۋەسنىڭ
تېمى يوق بېغى ئىدى. بىراق ئابدۇسەم
ەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالىدى. كىچىكىدىن
تارتىپلا ئۇ مۇھتاجلىقتا، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە بىر خىل قانائەت تۇيغۇسىدا
ئۆسكەنىدى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە
ۋاپادارلىق، ئىنساب ئۇرۇقى بىخلاپ ياتاتتى.
ھەر ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يېڭى
بىر كۈننىڭ قۇياشى ئىللىتقىنىدا، ئۇ قەتئىي
قىلىپ: كېتىمەن، بىر كۈنى ئۆزۈمنىڭ
يۇرتۇمغا، ئۆز ئۇۋامغا قايتىپ كېتىمەن،
دەپ پىچىرلايتتى.

ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى. شۇنداق
قىلىپ تاكسى شوپۇرى ئابدۇسەمەت ھاجىم
كۆڭلىدە يېڭى بىر ھەۋەسنىڭ ئوتى تۇتىشىپ
يېنىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى كۈچلۈك ھېس
قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ھەۋەس
بىر ھەپتە ئىلگىرى، قۇش بازىرىدا ئاپىرىدە
بولغانىدى. شەھەرنىڭ شەرقىي-شىمالىغا
جايلاشقان، يېڭى قۇرۇلغان تەنتەربىيە
مەيدانىغا يېقىن جايدا ئىككى-ئۈچ يىلدىن
بېرى ئىت، قۇش بازىرى پەيدا بولغانىدى.
يەنە تېخى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كۆلىمى
تازىمۇ چوڭ توخۇ سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسىمۇ
ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ پائالىيەتنى تەنتەربىيە
مەيدانىنىڭ ئىگىسى بولمىش تەنتەربىيە

كومىتېتى ئۇيۇشتۇراتتى ۋە بۇنى « ئاممىۋىي
تەنتەربىيە پائالىيىتى » دەيدىغان نام
بىلەن ئىزاھلايتتى. مىشكاپلاپ دوللار
تاپقان ھەر-ھەر « لاۋبەن » لەر يەكشەن-
بە كۈنى ئېسىل پىكاپلاردا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ
بۇ يەرگە كېلىشىپ — نەدىكى بىر
چىشقاق خوراز ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭنى
دو تىكىشىپ، بىر-بىرىگە بايلىقى، كۈچىنى
كۆز-كۆز قىلىشاتتى. بىر كۈنى ئابدۇسەمەت
ھاجىم بىرنەچچە خېرىدارنى توخۇ سوقۇش-
تۇرۇش مەيدانىغا ئاپىرىپ-ئەكىلىدىغانغا
سۆزلەشتى. ھاجىملىق سالاھىيىتى بىلەنلا
ئەمەس، كىچىكىدىن سىڭگەن ئائىلە
تەربىيىسى تۈپەيلى ئۇ توخۇ سوقۇشتۇرغاننى
قىمار، ھەتتا بىر خىل گۇناھ ھېسابلايتتى.
شۇڭا بايىقى توخۇۋازلارنىڭ ئىشى تۈگىگىچە
ئۇ چوڭ يول ياقىسىدىكى ئىت-قۇش بازىرىدا
ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئىت دېگەن
نەرسىگە ئۇ ئەزەلدىن ئۆچ ئىدى. ھەتتا
ھەر قانداق چوڭ-كىچىك ئىت زاتىدىن
قورقۇنچ ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
مەخسۇسلا قەپەسلەر تىزىلغان ئاجايىپ
بىر يېقىملىق ۋە ۋاڭ-چۇڭلۇق دۇنياغا
قەدەم باستى. بۇ دەل ئىيۇننىڭ ئاخىرقى
بىر يەكشەنبە كۈنى، ئەتىگەن سائەت
توققۇزدىن سەل ئاشقان مەزگىل بولۇپ،
شەھەردىكى قۇش ساتىدىغان، قۇش
ئالماشتۇرىدىغان، قۇش كۆز-كۆز قىلىدىغانلار-
نىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغانىدى.
ئەتراپنى نەچچە يۈزلىگەن قەپەسنىڭ
ئىچىدە خىلمۇ خىل ئاۋازلار بىلەن سايراۋات-
قان تۈرلۈك-تۈمەن، رەڭگا رەڭ قۇشلارنىڭ
ئاۋازى چاڭ كەلتۈرگەنىدى. قۇشلارنىڭ

بەزىلىرى كۆلگەندەك، گاھىلىرى يىغلاۋاتقان،
داد - پەريات كۆتۈرۈۋاتقاندەك، يەنە
ئايرىملىرى كىمنىڭدۇر ئۈستىدىن غەيۋەت--
شىكايەت قىلىۋاتقاندەك سايراشماقتا،
بازارنى باشقا كىيىشمەكتىدى. بۇ يەردە
يوپۇرماقتەك ياپپېشىل، قويرۇقى ئۇزۇن
كەلگەن جاغدا قۇشلارمۇ، تۇزنىڭ قانىتىدەك
رەڭگا رەڭ پەي تاقىۋالغان، قۇشقاچچىلىك
چوكۈلۈقتىكى دومبۇلاق قۇشلارمۇ، ئاختامىلىق-
نىڭ داگىلىدەك رەڭگى بىلەن پاختەكنىلا
ئەسلىتىدىغان، ئەمما يوغانلىقى كەكلىكتىن
قېلىشمايدىغان ئىسمى نامەلۇم قۇشلارمۇ؛
ئالدىرىماي، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سايراپ قويە-
دىغان، ئەمما شۇنچىلىك ئاۋازى بىلەنمۇ
ئادەمنى مەھلىيا قىلىۋالدىغان يەرلىك
تورغايلارمۇ؛ ھەتتا، قانداق تۇتۇپ كېلىن-
گەنلىكىنى بىر ئاللا، بىر قۇشنىڭ خوجايىنى
بىلىدىغان ئاشقىلار سىمۇولى بۇلبۇل دېگەن
جانىۋارمۇ بار ئىدى. ئابدۇسەمەت ھاجىم
ئۈستى يېپىق، ئۈستى ئوچۇق، يېرىم ئوچۇق
ياكى جالا-جالا پۆپەكلەر ئېسىلغان قەپەس-
لەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەھەل-
لە-كويىدا نام-ئابرويى بار ھاجىملىق
سالاھىيىتىنى ۋە سالاپىتىنى ئۇنتۇپلا كەتتى.
بۇ سالاپەت ھەردائىم، ئۇ ئالدى ئەينىكى-
گە «بىسمىللاھىرراخمانىررەھىم» دېگەن
نەقىشلىق ئويما خەت چاپلانغان «سانتا-
نا» سىنى ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلغىنىدىمۇ
بۇزۇلمايتتى. لېكىن شۇدەمدە ئۇ ھەتتا
ئۆزىنىڭ ھېلىلا خېرىدار تونۇشۇيدىغان
خىزمىتىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويدى.
خامسېمىز، پاينەكباش بىر بوۋاي ئۆگۈپ
كەتكەن قارا يوپۇقنىڭ بىر چېتىنى يېرىمغد-
چە قايرىپ قويۇۋېدى، توساتتىق ھاجىمنىڭ
يېنىدىكىلا قەپەستە قىپاشلىنىپ تۇرغان
بىر تورغاي ئۆزىنى قومۇش-تاملارغا
ئۇرغىنچە ئاجايىپ سېھىرلىك، مۇڭلۇق ۋە
ئۆزگە قۇشلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان
بوغۇقراق ئاۋازدا چۇچۇلاپ سايراپ كەتتى.
ئابدۇسەمەت ھاجىم يۈرىكى ئىختىيارسىز
جىغغىدە قىلىپ، شېرىن بىر ھېسسىيات
ئېقىمى بېشىدىن شۇرقىراپ قويۇلۇپ تاپىنى-
دىن سىرغىپ چىقىپ كەتكەندەك ھالەتنى
ۋۇجۇدىدا ھېس قىلدى. ئۇ بايىقى تورغاينىڭ
ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ياش ھاجىمنىڭ
كۆڭلىگە يېڭى بىر ۋەسۋەسە — قۇش
ۋەسۋەسىسى كىرىۋالدى. تاكسى ھەيدەپ
شەھەرنىڭ ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ئۇ
يەر-بۇ يېرى كولىنىپ تۇرىدىغان ئاسفالىت
يوللىرىدا خېرىدار قىدىرىپ يۈرگەندىمۇ،
ئۆيىدە، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن تاماقنى كۆتۈپ
ئۈستەل ئالدىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇر-
غاندىمۇ، ھەتتا، ناماز خۇپتەن ئۈچۈن
تەرەددۇتلىنىپ، كىچىككىنە گىلەم جايناماز
ئۈستىدە قىيامدا (ئاللا ئۆنى كەچۈرگەي!)
تۇرغاندىمۇ لەنىتى قۇشنىڭ ئېزىنتقۇ ئاۋازى
قۇلىقى تۈۋىدە ياڭرايتتى، ياڭراپلا تۇراتتى.
ياندۇرقى ھەپتىسى ئۇ ئاخىرى قەتئىي
نىيەتكە كېلىپ، كىچىك ماشىنىسىنىڭ
تۇمشۇقىنى قۇش بازىرى تەرەپكە توغرىلىدى-
دە، باھاسىنىڭ ئۆرىلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر
ھېلىغىچە سېتىلىپ كەتمىگەن ھېلىقى
تورغاينى قەپىسى، يوپۇقى بىلەن ئىككى
يۈز ئەللىك يۈەنگە سېتىۋېلىپ جېنى ئارام
تاپتى.

پاراۋانلىق شىركىتى قارىمىقىدا بىر ئۆمۈر ھۆنەر قىلىپ ئاتمىش يەتتە يېشىدا، قولى تىترەيدىغان بوپقالغاندا پېنسىيىگە چىقىشنى خىيالىغا كەلتۈرگەن ئابدۇمۇتەللىپ ساتىراچىنىڭ ئارقا تېمى لەگزە بېشىدىكى يارداگىلىقتا تۇتاشقان سوزۇنچاق ھويلىسى يېڭى قىياپەت تاپتى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر تۇرىدىغان ئوغلى ئابدۇسەمەت تورغاي قەپىسىنى پېشايۋان ئالدىدىكى قېرى ئالما دەرىخىگە ئېسىپ قويغانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غولى بارغانچە پورلىشىپ، يىلىملىشىپ، مېۋىسىدە مەسلىھەت قالمىغان بۇ دەرەخنىڭ يانتۇ شاخلىرىنىڭ بىرىدە دىككىلداق تورغايغا ئۇۋا قەپەس پەيدا بولغانىدى. باجايىكى ھويلىغا قوڭغۇراق ھالقا ئاسقان سالاپەتلىك، ئەمما تەبەسسۇمچان جۇۋان كىرگەندەك تۈس ئورناشتى. تىنجىماس نەغمىدىن ئەمدى ھويلا-ئارام ئاۋاتلىشىپ، ھويلا پۇقرالىرىنىڭ قەلبىگە ناخشا ئورۇنلىشىپ ئالدى. ياش ھاجىمنىڭ بىر-بىرىدىن ئۆكىلا پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كەپسىز ئىككى ئوغلى ئەتىگەندىن تارتىپ تاكى كۆز باغلانغىچە قەپەسنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ ھارمايتتى. بۇنداق چاغلاردا تورغاي بىر ئەمەس، ئۈچ بولاتتى. قېرى ساتىراش تۆۋەنگە يامىرىغان ئاپئاق، ئۇزۇن قاشلىرىنى تېخىمۇ ھىمىرىپ، تورغاينىڭ بىتىنىم، چاقىلداق تۇرقىغا، ئاياغلاشماس ھەرىكەتلىرىگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ، دۇمچىيىپ تۇرۇپ كېتەتتى. بېشىنى ئېغىر چايقىغىنىچە «جانىۋار، جانىۋار!» دەيتتى.

تورغاينىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن تاماشىبىنى يەنىلا ئابدۇسەمەت ھاجىمنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ بىكار پەيت تاپسىلا قەپەسنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. تورغايغا دان، سۇ بېرەتتى. قەپەسنىڭ ئىچىنى تازىلاپ، تېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنۇتمايتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئىنتائەتمەن، كەمگەپ ئايالى ئۆگۈپ ھالى قالمىغان يوپۇقنى تازىمۇ ئاۋايلاپ، ئەمما ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ يۇيدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ھاجىمنىڭ تورغاي ئاۋازىدىن لەززەتلىنىشى ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ خۇمار چېكەرمەنلەر، ئىچەرمەنلەر دائىم گېپىنى قىلىدىغان خۇمارىدىنمۇ بەتتەر خۇمارغا ئايلاندى. ئابدۇسەمەت ھاجىم تاكىسىنى ھەيدەپ سىرتتا يۈرگىنىدە، كۆڭلىدە دائىم تورغىيىنى ئويلايتتى، سېغىناتتى. ئۆيگە قايتىپ، ماشىنىسىنى يامىغا ئەپكىرىۋېتىپلا قەپەسنىڭ يېنىغا ئالدىرايتتى. تورغايمۇ ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ كەچكىرگىچە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىنى دەۋېلىشقا ئالدىرىغانىدەك ئارقا-ئارقىدىن سايراپ كېتەتتى. بامبۇك شادىلارغا بۆزىنى تىنىمسىز ئۇراتتى. ئالما دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىقلىق قەپەس بۇنداق چاغلاردا بەجايىكى ئىككى-ئۈچ بال يەر تەۋرەۋاتقاندەك بوش پۇلاڭشىپ تۇراتتى.

ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشمەك تەس، ئېرىشكەندىن كېيىن قولدا ساقلاش تېخىمۇ تەس. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھاجىم بازاردىن «سانتانا» نى ھەيدەپ قايتىپ كېلىپ، ھويلىسىدا بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. شۇم خەۋەرنى ئالدى بىلەن پىكاپنىڭ تونۇش سىگنالىنى ئاڭلىغان ئىككى ئوغلى چاپقىداپ دەرۋازا

ئالدىغا چىقىپ، ئۆمچەيرىشىپ تۇرۇپ يەتكۈزدى: تورغاي قەپەستىن بوشىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ!

دۇنيادا، ئىنسان ھاياتىدا نېمە قىسمەت، نېمە پاجىئەلەر بولمايدۇ دەيسلەر؟ بۇلارنىڭ ئالدىدا بىر تورغاينىڭ قەپەستىن قېچىپ چىقىپ كېتىشى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرغۇسىز بىر ئىش ئەلۋەتتە. ئابدۇسەمەت ھاجىم باللىرىنىڭ چۇرقىراشلىرىنى ئاڭلاپ ئانچە جىددىيلىشىپ كەتمىدى، ئاپلا، دەپلا قويدى. قىزچاقلىرىنىڭ پەرىشان ھالىتىگە قىزىقسىنىپ، ھەزىللىك گەپلەر بىلەن ئۇلارنى بەزلىدى. ئىشىكى ئۇلۇغ ئېچىلىپ كەتكەن قۇرۇق قەپەس ئالما شېخىدا بولانغان ئۆيدەك ھۇۋۇلداپ، غېرىبسىنىپ تۇراتتى. ئۇنى شۇ تاپتا ئاۋاتلاشتۇرىدىغان، شادلىرىغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان، رەھمەت ئېيتقاندەك بۇغۇق چۇچۇلاپ ئەپلىك قاچىلىرىدىكى دان بىلەن سۇغا ئېغىز تەگكۈزىدىغان جانىۋار ئەمدى يوق ئىدى. ئۇ بەگباش، شۇ تاپتا ئاللىقەيەرلەردە قاڭغىرىپ يۈرمەكتىدى. ئۆزى ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەر ئۇنىڭ يادىدا تۇرىدۇ دەمسىز؟!

ئابدۇسەمەت ھاجىم ئېرەڭ قىلمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئىچى تىتىلداپ، بەڭگىنىڭ خۇمارىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئىستەك ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ، يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە، ھەس-ھەسچىلىككە تولدۇرغىلى تۇردى. ئۇ شوكىلىشىپ كەتتى. نېمىگىدۇر تەشنا بولاتتى. نەگىدۇر ئىنتىلەتتى. پات-پات بېشى ئىختىيارسىز كەينىگە تاشلىنىپ، كۆزلىرى ئاسمانغا تىكىلگىنىچە ھويلا ئوتتۇرىسىدا قېتىپ تۇرۇپ قالاتتى. قولاق پەردىلىرىدە بىرياڭراق، تونۇش، يېقىملىق سادا ئىسيان كۆتۈرەتتى. ئۇ ھېلىقى ئىككى يۈز ئەللىك يۈەن ئۈچۈن ئەسلا ئىچ ئاغرىتمايتتى. بۇنداق خىيالنى كۆڭلىگە كەلتۈر ب باققىنى زادىلا يوق ئىدى. ھەتتا يەنە شۇنچىلىك پۇل خەجلەپ - قوش بازىرىدىن يەنە بىرىنى سېتىۋالسىمۇ بولىۋېرەتتى. بىراق ئاشۇنىڭغا ئوخشايدىغان، يۈرەكنى شۇنچىۋالا ئۆگىنىۋەتكەن ۋە ئۈچ كېچە-كۈندۈزدىن بېرى ئوتى بېسىلمايۋاتقان قۇشنى قايتا تاپالامدۇ-يوق، بۇنى بىر نېمە دېيىش قېيىن ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا ھاجىم شۇ تاپتا شۇنداق ئويلايتتى ۋە ھەر قېتىم شۇنى ئويلىغىنىدا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئۆزىنى قەپەس تاملىرىغا ئۇرۇۋېرىپ، شۇنچە مىختا قەپەس ئىشىكىنى ئاخىرى ئېچىۋالىدىغان قەيسەر تورغايدىن قۇش بازىرىدا يەنە نەچچىسى باردۇر، ئۇ قايسىدۇر؟ ئارىلىقتا ئابدۇسەمەت ھاجىمنىڭ كاللىسىغا: قوش بازىرىغا بېرىپ قاراپ باقايمۇ-يا، تورغاي بۇ يەردىن قېچىپ بېرىپ كونا خوجايىنىنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالغان بولسا، پۇلغا ھېرىس خامىنىمىز ئۇنى باشقا قەپەسكە سولاپ، بازارغا قايتا ئەكىرىپ قالامدۇ-تېخى! دېگەن ئويمۇ كەلدى. لېكىن ھايال ئۆتمەي ئۇ بۇ خىيالدىن، توغرىسى، شۇنداق تەرەددۇتتىدىن يالتايدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇنداق ئېھتىماللىققا زادىلا ئىشەنمەيتتى. ياش ھاجىم كىچىكىدىن تارتىپلا ھەرقانداق ئىشتا يۈرىكىنى، قەلب رايىنى تىڭشاشقا ئادەتلەنگەنىدى. «كۆكۈل دېگەن ئۇلۇغ»

دەپ بىكارغا ئۈمىتمىغان كونىلار.

ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلدۇ. ئارىدىن پەقەت بارى-يوقى تۆت كۈنلا ئۆتتى. ئابدۇسەمەت ھاجىمغا كەلسەك بۇ تۆت كۈندە ھەم قېچىپ كەتكەن تورغىيىنى ئەسلىدى، سېغىندى، تىت-تىت بولدى، ئۆزىگە ھاي، تەسەللى بېرىپ جانىۋارنىڭ ئۆتىنى بېسىلدۇردى. يەنە بىر ياقتىن بۆلەك بىر خىيالغا، كېلەر يەكشەنبە كۈنى قۇش بازىرىغا بېرىپ، دىتىغا باققانراق، ئەرزانراق تورغايدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، بوش قالغان قەپەسنى تولدۇرۇپ، جانلاندۇرۇپ قويۇش، شۇنداقلا بالىلىرىغا يېڭى ئەمەك تېپىپ بېرىش خىيالىغا كەلدى. دەل شۇ خىيالغا كەلگەن كۈنى، يەنى تورغاي يىتكەندىن كېيىن توپتوغرا تۆت كۈن ئۆتۈپ، بەشىنچى كۈنىگە ئۆرۈلگەندە تۇساتتىن ھېچكىم خىيالغا كەلتۈرمىگەن بىر ئىش روي بەردى. تاڭ سەھەر مەزگىلىدە ناماز بامدات ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىپ چۆگۈن كۆتۈرۈپ تالاغا چىققان ئابدۇسەمەت ھاجىم پېشايۋانغا ئەمدىلا ئاياغ بېسىۋىدى، ئاجايىپ چاڭىلداق، شۇنچە يېقىملىق ۋە تونۇش بىر ئاۋاز سۈكۈناتتا چۆمگەن ھويلىدا بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يېڭىلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ چىققان ھاجىم ئۇندەرىگەندەك بىر قىياپەتتە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. قۇدرەت! پېشايۋان تۈۋرىكى قېرى ئالما دەرىخىنىڭ شېخىدا تېخىچە ئېسىقلىق تۇرغان، ھېلىقى كۈندىن بېرى ھېچىم تەگمىگەن قەپەس جان كىرىپ قالغاندەك پۇلاڭلىشىپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەندى. ئابدۇسەمەت ھاجىم قولىدا كۆزلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئۇۋۇلاپ، قەپەسكە مۆجىزە كۆرگەندەك ھەس-ھەيرانلىقتا قارىدى. قەپەستە بىر تورغاي، باشقىسى ئەمەس، نەق تۆت كۈن ئىلگىرى مۇشۇ قەپەستىن چىقىپ كەتكەن تورغاينىڭ ئۆزى تۇراتتى. شۇ تاپتا تورغاي خاتىرجەم، ئىلگىرىكىدەك سايرىماقتا، ئۆزىنىڭ كونا پاراڭلىرىنى قىلماقتا ئىدى. ياش ھاجىمغا تورغاي گويا «مانا مەن قايتىپ كەلدىم، مېنى كەچۈر، تېز كېلىپ قەپەس ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىۋەت» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئابدۇسەمەت ھاجىم پېشايۋاندا قەدىمىي ئالما دەرىخىدەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا قايتىپ كەلگەن تورغاي ئۈچۈن خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا نېمىشقىدۇر يىغلىغۇسى كېلەتتى. دېگەندەك، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ قاڭشىرى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. بۇ باش كۈزنىڭ گۈزەل بىر سەھىرى ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل



توختى سابىر

# زۆھرەخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى

(پوۋېست)*

## 9

— زۆھرەخان ئۇزۇن ئۆتمەي ئابلىمىت ئىمامنىڭ كىچىك ئوغلى سېيىتجانغا ياتلىق بولۇپ كەتتى، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئابلىمىت ئىمام، ئىبراھىم ئاكا ھەر ئىككىلىسى قول ئىلكىدە ئاز-تولا بار ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن تويىنى خېلى ھەشەمەتلىك قىلدى. ئۇلار ئىسمائىل ئاكام، قۇناخۇن ۋە مېنى تويغا ئېيتىپتۇ، مەن بۇنى شۇ ۋاقىتتا زۆھرەخاننىڭ گېپى بىلەن بولغان ئىش دەپ قالغانىدىم. ئىسمائىل ئاكامنى ئاتىسى ئېيتسىمۇ، قۇناخۇن ئىككىمىزنى چوقۇم زۆھرەخان ئېيتقان، ئىسمائىل ئاكام بىلەن ئىككىمىز باردۇق، قۇناخۇن ماڭا: «مەن نېمە دەپ بارىمەن؟ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسام، زۆھرەخاننىڭ ئالدىدا سەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغاندەك بولۇپ قالىمەن، مەن رازىلىق بەرگەن تۇرسام ئەمدى قوپۇپ ئۇنى رەنجىتسەم بولمايدۇ» دەپ بارغىلى ئۇنىمىدى.

زۆھرەخاننىڭ تويى بولۇپ يىرىم يىلدەك ئۆتكەندىن كېيىن قۇناخۇننىڭمۇ تويى بولدى. ئىككىمىزنىڭ تويىنى ئۇرۇق-تۇغقانلار بۇ ئىككى قوشماق كىچىكىدىن ئاكا-ئۇكىدەك چوڭ بولدى، دەپ بىر كۈندە قىلىپ قويىدى.

قۇناخۇن مەھەللىمىزدىكى رېشىت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن كىچىك قىزى ھاۋاخاننى ئالدى، ھاۋاخانمۇ چىرايلىق قىز ئىدى، چىراي-شەكلىدە زۆھرەخاندىن قېلىشمىسىمۇ، لېكىن زۆھرەخاندەك شوخ، گېپى ئوچۇق، جەلپ قىلارلىق ئەمەس ئىدى. خۇلقى كەمرەك، كۆڭۈل ياساشنى ئانچە بىلمەيتتى. ئۇ ئەرگە

---

* بېشى ئۆتكەنساندا.

تەگكىنىڭمۇ ئىزا تارتقاندەك دائىم دەككە-دۈككىدە يۈرەتتى. ئەتىدىن-كەچكىچە تەرلەپ-پىشىپ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى. مىجەزىمۇ ئېغىر بولۇپ باشقىلارغا ئانچە كۆپ گەپ قىلمايتتى. باشقىلار پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندا تىڭشاپ ئولتۇرۇشقا ئامراق ئىدى. بەزىدە گەپتىن-گەپ چىقىپ ئۇنىڭغا توغرا كېلىدىغان گەپلەر بولۇپ قالسا گەپ يانسۇرالماي تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە بىلىندۈرمەستىن ئۈن-تىنسىز ياش ئاققۇزۇپ قوياتتى.

— مىجەزى قۇناخۇنغا ئوخشايدىكەنە؟ — دېدى قادىر گەپ ئارىلاپ.

— تارتىنچاقلىقى ئوخشايدۇ، لېكىن كېيىنچە قۇناخۇن شوخلىشىپ كەتتى، قادىر زۇجاڭ، — دېدى مەھەممەت-ساۋۇت.

— ئۇنى زۆھرەخان شوخلاشتۇرۇۋەتتى دېسلە؟

— ھاۋاخاننىڭ ئاتا-ئانىسى قۇناخۇننى ناھايىتى چوڭ بىلىپ كەتتى، چىرايى بولغاندىكىن قۇناخۇنمۇ ھاۋاخاندىن چانمىدى. لېكىن زۆھرەخانغا قىلغاندەك قىلىپ كەتمىدى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە دەۋېرەي، قۇناخۇن ئۆمرىدە خوتۇن خارلىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ زادى خوتۇن ئۇرمايتتى. مەيلى ھاۋاخان بولسۇن ياكى كېيىنكى خوتۇن شەرۋان بولسۇن، بىرەر قېتىم ئۇلارنى ئۇرغان ئەمەس، ئەگەر خوتۇن بىلەن گېپى بىرىيەردىن چىقمىسا ئۇلار بىلەن تاكاللاشماي ئاستا سىرتقا چىقىپ كېتەتتى ياكى لام-جىم دېمەي سۇكۇت ئىچىدە تۇرۇپ ئايالى سۆزلەپ بولغاندا، گەپ تۈگىدىمۇ، بولدى، سىز دېگەندەك بولسۇن، دەپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئۇ ھاۋاخاننى سەتمۇ كۆرۈپ كەتمىدى ياكى بەك ئىجىل ئامراقلاردىن بولۇپمۇ كەتمىدى. قانداق بولمىسۇن بۇ ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۇ ئويىغا قاتىرىمىدى، لېكىن ئۇزاققا بارمايلا ھاۋاخاننىڭ ئېغىر مىجەز، «كۆزى ئېچىلمىغان» كىچىك ساددا تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ يەنە ئويىغا چاپىدىغان بولۇۋالدى.

ھاۋاخان ھېچنەرسىنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ ئۆزىنى يامان كۆرمىگەندىن كېيىن ئەتەي كارى بولمىدىمۇ بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ، ئىش قىلىپ قۇناخۇن زۆھرەخان بىلەن ھاۋاخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە، مەن ھاۋاخاننىڭ باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخان توغرىسىدا بىرنېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىغانىدىم.

— قازاننىڭ كۈۋاھچىسى چۆمۈچ، ئاڭلىسىلىمۇ ئاڭلىمىدىم دەيلا-دە؟ — چاقچاق قىلدى قادىر.

— راست، بىچارە ھاۋاخان ھېچ ئىشنى بىلمەي ئالەمدىن كەتتى دېسلە!

قادىر گەپ قىلمىدى.

— بىر كۈنى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا سۇ چېچىپ سالقىنلانغان ئۆز ھوجرىمىزدا كىگىزنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ھۆرىخان بىلەن يانمۇيان يانپاشلاپ يېتىپ قىزغىن مۇھەببەتلىك گەپلەرنى قىلىشۋاتقاننىڭ ئۈستىگە قۇناخۇن كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى خېلىغىچە ئاڭلىۋېلىپ ئاندىن ئىشىكنى ئۇرۇپتۇ، بۇ، ھەممە ئادەم ئاشۇنداق سۇ سەپكەن سالقىن ئۆيلەردە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتقان تومۇز كۈنلەر ئىدى. ھۆرنىخان دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ قۇناخۇننى كۆرگەندىن كېيىن ئىزا تارتقاندەك قىلىپ چىقىپ كەتتى. قۇناخۇننىڭ چېكە تومۇرلىرى ئۆرلەپ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر مۇشكۈلچىلىك چۈشكەنمۇ نېمە؟ دېگەن ئوي بىلەن مەن:

— نېمە بولدۇڭ، چۈشتە ئۇخلىماي دوكۇلداپ كىرىپسەنغۇ؟ — دېدىم توك تېگىپ.

— سىلەرنىڭ ئىشلارنى بۇزۇۋەتتىممۇ؟ ئەجەبمۇ چېچىلىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى.

مەن گەپ-سۆز قىلمىدىم. ئۇ باش-ئايىغى يوقلا بىر يەردىن گەپ باشلاپ، — زۆھرەخان تەلەيسىز چىقىپ قالدى. مەن ساڭا دەي دەپ يۈرگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. بۈگۈن زادى ئىچىمگە پاتمىدى، — دېدى ئۇ خۇشال بولغىنى ياكى ئىچ ئاغرىتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەلەپپۇز ۋە ئىپادىسىز چىراي بىلەن.

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ — دېدىممەن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي. ئۇ بىر دەم تۇرۇپ كېتىپ، بىردە ماڭا، بىردە ئىشىككە قاراپ قويۇپ:

— ھېلىقى سىيىتجان دېگەن بىر نېمەڭ بېلى بوش نېمىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— قانداقچە مېنىڭ بىر نېمەم بولىدىكەن، تېخى ياش بولغاندىن كېيىن بېلى بوش بولسا چوڭايغانچە چىڭىمامدۇ؟

— مەھەممەت، چۈشىنىپ تۇرۇپ خۇپسەنلىك قىلما دەيمەن، ئۇ ئايالللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆز تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىنى نامايەن قىلغاندەك چىرايىغا مەنستىمەسلىك كۈلكىسىنى يۈگۈرتۈپ.

— ئۇنداق بولسا ساڭا بولۇپ بېرىپتۇ-دە؟ بۇ ساڭا پايدىلىق ئىش ئىكەنغۇ؟ بۇنىڭغا خۇشال بولماي ئەجەب چېچىلىپ كېتىپسەنغۇ؟

— زۆھرەخاننىڭ باشقىلار بىلەن توي قىلىشىغا ئىچ-ئىچىمدىن چىدىمىسامۇ، مەن ئۇنى بەختلىك بولسىكەن دېگەنتىم. ئەمدى ئىچىم ئاغرىپ قالدى ئۇ بىچارىگە، — دېدى قۇناخۇن خۇددى ئۆزى ئەيىبكاردەك.

— سەن يەنە زۆھرەخان بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ يۈردۈڭما؟ — دېدىممەن ئۇنىڭ باردى-كەلدى قىلىپ يۈرگىنىنى بىلسەممۇ بىلمەسكە سېلىپ.

— بۇنى باردى-كەلدى دېگىلى بولامدۇ؟ زۆھرەخان ھۆرنىسادىن بىر كېلىپ كەتسۇن دەپ گەپ ئېيتىپ بەرگەنىكەن، مەن جۈمە كۈنى تۇراق بىلەن بىللە ئۇيىاغقا بارغانىدىم. تۇراقنىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئاتىسى ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ، ھۆرنىسا ھايال ئۆتمەي زۆھرەخاننى چاقىرىپ چىقتى. ئۇ ئازنىلىك قىلىشقا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىكەن، ئۇ، تۇراقنىڭ ئۆيىگە ئىنتايىن سۇس كەيپىيات، سولغۇن چىراي بىلەن

كىرىپ كەلگەندىلا بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلغانىدىم. بىر دەملىك پاراڭدىن كېيىن ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ پۈتۈن ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

— يالغان گەپ قىلما، خۇش بولغانسەن ھەقچان، ماڭا تەۋە بولدى دەپ... — دېدىممەن بايا دېگەن گېپىمنى يەنە تەكرارلاپ.

— مەھەممەت ئۇنداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال قىلغان بولسەن، مەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىدىم، ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، ئۇ ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئېرى تۇرسا، ئىككىمىز ئىككى جايدا تۇرساق، ئايدا-ئايدا بىر كۆرۈشۈپ، بىردەم پاراڭ قىلىشىپ يەنە ئايرىلىدىغان ئىش نېمىگە ھېساب بولىدۇ دەيسەن؟ ياش يىگىت-قىزلار ئۈچۈن بۇنىمۇ ھاجەتتىن چىقتى دېگىلى بولامدۇ؟

— سەن راستىنىلا كۆرۈشكەندە پاراڭ بىلەن بولدى قىلدىڭما؟

— مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرىمەن. زۆھرەخان رازى بولمىغىچە ھەرگىز ئۆزۈمنى ئۇنداق ئىشقا ئاتمايمەن.

بىز شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشۈپ ئۆتتى:

— ھەي قۇناخۇن، زۆھرەخان سېنى دەپ ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولمىسۇن جۇمۇ، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسىلا ھەر ئىككىڭلار ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىقتا ئوخشاش قارا يۈزلەردىن بولۇپ قالىسىلەر.

— زۆھرەخان ئاشۇنداق قىزلاردىنما؟ سەنمىچۇ مەھەممەت ئاغزىمغا كەلدى دەپلا سۆزلەپ يۈرىدىكەنسەن. بۇ گەپنى باشقا ئادەم دېسە بىر نۆرى، سەن ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ زۆھرەخاننى سەن چۈشەنمەيدىغان يەردىمۇ؟ ئۇ شوخ، كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق بولغىنى بىلەن ھەرگىز بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان قىزلاردىن ئەمەس، بۇنى بىلىپ قوي... — دېگىنىچە ئۇ قايناپلا كەتتى. مەنمۇ قىلغان گېپىمگە پۇشايمان قىلغاندەك ئويلىنىپ جىم بولۇپ قالدىم.

— زۆھرەخاننىڭ دېيىشىچە، — دېدى قۇناخۇن ماڭا تېخىمۇ ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ، — سىيىتجان باشقا تەرەپلەردە بولىدىغان يىگىت ئىمىش، زۆھرەخاننى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن ھەم كۆيىنىدىكەن. لېكىن «ھېلىقى تەرىپى» بولغىنى ئۈچۈن زۆھرەخاننىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇق بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇدائىم زۆھرەخانغا يېلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ يۈرۈيدىكەن، بۇنداق بولغاندىن كېيىن زۆھرەخانمۇ سىيىتجاننى بىر نېمە دېگىلى تىلى بارمىغان ئوخشايدۇ، ھەممە ئىشنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ كەپتۇ.

— ھوي، ئۇنداق بولسا زۆھرەخان تېخى قىز پېتىچە تۇرغان ئوخشامدۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيران قىلىپ.

— ئۇنداققۇ ئەمەس، — دېدى قۇناخۇن خۇددى گۇناھكاردەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي.

— سەن ئېرىشتىڭما؟

قۇناخۇن مېنىڭ بۇ گېپىمگە لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇۋالدى. كاللامدا بولسا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىۋاتاتتى. شۇڭا چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— ھوي مۇناپىق، سېنى ياۋاش، تارتىنچاق، سەممىي دېگەن ئادەمنىڭ ئېغىزىغا مىڭ كاچات، سەن تېخى ھېلىلا قەسەم قىلمىدىڭما؟

— نېمە-ئۇجۇر-بۇجۇرنى سوراپ كېتىسەن، خەقنىڭ كارى بولمىسا سەن ئۇنچە قىلىپ، زۆھرەخاننىڭ ماقۇللىقى... — دېدى قۇناخۇن غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا.

— راستىنلا خەقنىڭ كارى يوقمىكەن، — دېدىم مەن تېخىمۇ ھەيران قېلىپ.

— ئۆزى يارىمىغاندىن كېيىن، «خوتۇنۇم بار» دەپ يۈرسە بولمىدىمۇ؟

— قۇناخۇن مەن بۇ ئىشقا ساڭا ئىچى تارلىق قىلىپ ياكى باشقا مەقسەت بىلەن چېچىلىۋاتقىنىم يوق، ئەگەر كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئىش سېزىلىپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ جۇمۇ...

— چاتاق چىقسا كۆرمەمدۇق، مەن بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمەي كىمگە دەيتتىم؟— دېدى ئۇ ئەمدى يۈزىنى قېلىنلاشتۇرۇپ.

— مەن سېنى ئەمدى تونۇدۇم، تازا ئەسكىنىڭ ئەسكىسى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟— دېدىم ھەيرانلىق ئىچىدە چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي، كۆڭلۈمدە بولسا: بوپتۇ، ھەي، بىچارە زۆھرەخان، بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسا بولاتتىغۇ.. دەپ ئويلىدىم.

— بۇ ئىشلاردىن زۆھرەخاننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ خەۋىرى بارمىكەن؟ — يەنە سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئاپىسىنىڭ خەۋىرى بار ئوخشايدۇ، لېكىن ئىبراھىم ئاكامنىڭ خەۋىرى يوقكەن.

مېنىڭ كەيپىياتىم تېخى بېسىلمىغانىدى، شۇڭا: ما ئىشنى كۆرۈڭ، ياپىر! دۇنيا نېمە دېگەن كۆپ، خىلمۇ خىل قىسمەتلەرگە تولغان-ھە! كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ دېگىنى شۇكەندە، دەۋەتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىلەر؟ — دېدىم قۇناخۇنغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىپ.

— زۆھرەخانغا سىزمۇ ئاجرىشىپ كېتىڭ، مەنمۇ ئاجرىشىپ كېتەي، دېدىم، — دېدى قۇناخۇن، — ئۇنداق ئادەم بىلەن قانداقچە بىر ئۆمۈر ئۆتەلەيسىز، بىز ئەمدى بىللە ئۆتەيلى، بۇ ئىشنى ئىبراھىم ئاكام ئاڭلىسا قوشۇلۇپمۇ قالار، ئۆتكەندە يەنە بىر قىزىم بولسا قۇناخۇنغا بېرىمەن دەپتىكەنغۇ؟

— سىيىتجان بىلەن ھاۋاخانغا ئۇۋال قىلساق بولمايدۇ، — دەپتۇ زۆھرەخان، — ئۇلار بىزگە پۈتلاشمىسا بىز «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى خورلايمىز، مەن توي قىلغىلى تېخى بىر يىل بولمىسا، سىز توي قىلغىلىمۇ ئۇزاق

بولمىدى، بۇنداق قىلىدىغان بولساق خەلقى ئالەم نىمە دەيدۇ؟ يا بۇ گەپلەرنى خەلقنىڭ ئالدىدا ئۇچۇق-ئاشكارا دېگىلى بولمىسا، سىز نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن دېگەن قىز بالا. مەن نومۇس قىلىمەن. ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ھەر ئىككىمىزنى بۇزۇقتىن بۇزۇققا چىقىرىۋېتىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئويلاپ ئالدى-كەينىمىزگە قاراپ قىلمىساق بولمايدۇ. كونىلاردا كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھازىرچە مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرايلى، كېيىنچە قاراپ باقمامدۇق.

— مەھەممەت سەن زۆھرەخاننى ھەر نىمە دەپ باقتىڭ، مېنىڭچە ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل، نومۇسچان ھەم قانائەتچان قىز جۇمۇ، قارا يەنە ھېلىقى بېلى بوشقا ئىچ ئاغرىتىۋاتقىنىنى...؟ — دېدى قۇناخۇن.

— قۇناخۇن داۋاملىق بۇنداق قىلىپ يۈرسەك بولمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق ئاخىرى چاتاق چىقماي قالمايدۇ، سېنىڭمۇ خوتۇنۇڭ بار، ئۇنى ئالالمىساڭ بولدى قىل، — دېدىمەن نەسىھەت قىلىپ.

— سەن بىلمەيسەن مەھەممەت، زۆھرەخان ئەقىل جەھەتتە سەن بىلەن مەندىن ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ. ئىش قىلسام چاتاق چىقمايدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايمەن، ئۇ دېگەن چېچەن-زېرەك، دانا، پەرىزات دېگىنە! — ئۇ تازا ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرۇۋېدى، ئۇشتۇمتۇت ھۆرىخان كىرىپ كەلدى. ئۇ جىممىدە بولۇۋالدى.

— ئېتىزغا چىقىدىغان ۋاقىت بولدى، ئۆيدىكىلەر چىقىپ كەتتى، — دېدى ھۆرىخان ئىككىمىزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن.

قۇناخۇن بىزگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى-دە، گەپمۇ قىلماستىن ئىشقا ماڭدى.

## 10

ھەش-پەش دېگۈچە زۆھرەخاننىڭ توي قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى. ئىككىنچى يىلى نورۇز كۈنلىرى كەلگەندە زۆھرەخاننىڭ سىيىتجان بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى قۇناخۇندىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سىيىتجاننىڭ ئەيىبىنى ئۇزاققا قالمايلا ئىبراھىم ئاكام ئاڭلىغانمىش. ئۇ ئادەم دەسلەپتە تازا ئىشەنمەي كۆيۈغلى بىلەن ئارىغا ئىشەنچلىك ئادەم قويۇپ يۈزلەشتۈرۈپتۇ، سىيىتجان مەن ئۇنچە يارىماسلاردىن ئەمەس دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا تەكشۈرىدىغان دوختۇر بولمىغاندىن كېيىن نىمە چارە دەيلا؟

شۇنىڭ بىلەن يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ گەپ تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن سىيىتجانمۇ ئاخىرى خوتۇنىغا كۆڭلى بولغىنى بىلەن ئامالىنىڭ يوقلىقىغا ئىقرار قىلىپتۇ. ئىبراھىم ئاكا قىزىغا ئىچى ئاغرىپ، ناماقۇل بولۇپتۇ. لېكىن ئۇلار بىر جەمەت

خەق بولغانلىقى ئۈچۈن داۋراڭ قىلماي يەڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئىبراھىم ئاكا ئابلىمىت ئىمامنى تېپىپ ئىككىسى يالغۇز سۆزلىشىپتۇ. ئىبراھىم ئاخۇن ئابلىمىت ئىمامغا:

— ئەگەر بۇنداق ئەھۋالدا «قىز بالا بۇزۇلۇپ كەتسە» يۇرت-جامائەت ئالدىدا سىلىڭمۇ سەت، ماڭىمۇ سەت. بۇنداق ئىشنى ئازراق ئەقلى بار ئادەم ئاخىرى بىلمەي قالمايدۇ. بىز ئۇرۇق-تۇغقان بولغاندىكىن ياخشىلىق بىلەن بىر تەرەپ بولۇشۇپ كېتەيلى — دەپتۇ.

گەرچە سېيىتجان خېلى تارتىشقان بولسىمۇ زۆھرەخاننىڭ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچمىغان ياخشىلىقى ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ زۆھرەخاننىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي ماقۇل بولۇپتۇ. ئابلىمىت ئىمام بىلەن ئايالى بالىسىنىڭ «مىجەزى» نى بۇرۇنلا بىلىدىكەن، ئۆيلەپ قويساق تۈزۈلەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئىكەن، زۆھرەخان بىر يىلغىچە داۋراڭ قىلمىغاندىن كېيىن ئۆزىچە خاتىرجەم بولۇپ قاپتىكەن، مانا ئەمدى ئۇلارمۇ بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار «زۆھرەخان تۇغماس چىقىپ قالدى» دېگەن باھانە بىلەن ئاجرىشىدىغان بولۇپتۇ. بۇنىڭغا زۆھرەخانمۇ قوشۇلۇپتۇ. زۆھرەخان سېيىتجانغا سەن ماڭا يامانلىق قىلمىغاندىن كېيىن مەنمۇ ساڭا يامانلىق قىلمايمەن، دېگەندەك قىلىپ ئەقىل كۆرسىتىپ:

— مەن سىزنىڭ ئەيىبىڭىزنى ئۆلگۈچە ئېغىزىمدىن چىقارمايمەن، ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ ئىشىم ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن دېسىڭىز، مەن بىلەن ئاجرىشىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باشقا يۇرتلاردىن تەس كۈندە قالغان، بويىدا بار خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ تەييار بالىغا ئىگە بولۇڭ، مانا مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلمايدىغان ئىش بولىدۇ، دەپتۇ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر زۆھرەخاننىڭ ئاجرىشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ. كەينىدىنلا:

— قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، بۇ زۆھرەخان ياش ۋاقتىدىمۇ بەك چېچەن قىز ئىكەن. شۇنداق چېگىش ئىشنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئاسان ئىشمۇ؟ ئەگەر ئۇ كېيىنرەك تۇغۇلۇپ پارتىيىمىز كەلگەندە ياش قىزلاردىن بولۇپ قالغان بولسا چوقۇم ئىش تەۋرىتىدىغان قابىلىيەتلىك ئايال كادىرلاردىن بولۇپ چىقامدىكىن دەپ قالىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا 40 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئايال بولۇشىغا قارىماي ياشلار بىلەن بىرگە كەچ كۇرسلارغا بېرىپ ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ خېلى مەن-مەن دېگەن ئەرلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئېرى ئۇنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشتۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ كادىرلىقتىن كۆڭلى قالغان ئادەممىكىن، كادىر قىلغىلى زادى ئۇنىمىدى. بولمىسا ھازىر ھېچ بولمىغاندا گۇڭشې ئاياللار مۇدىرى بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن.

— قوناخۇننىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر زۆھرەخاننىڭ ئاجراشقاندىن

كېيىنكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ــ ئۇ ئاجراشقاندىن كېيىن قۇناخۇننى ئويىغا ئانچە كۆپ بارغۇزماپتۇ. ھازىر ئېرىم يوق، ئۇنداق قىلسىڭىز خەقنىڭ ئالدىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قالىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ، قۇناخۇن:

ــ ھاۋاخان بىلەن ئاجرىشىپ ئەمدى چوقۇم سىزنى ئالىمەن، ــ دېسە، زۆھرەخان:

ــ ھاۋاخان سىزگە شۇنچە سادىق تۇرسا، سىز بۇنىڭغا نېمە دەپ باھانە - سەۋەب تاپىسىز، ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ. مەنمۇ خەقنىڭ ئېرىنى بۇزۇپ، خوتۇننى قويدۇرۇۋېتىپ تېگىۋالدى... دېگەن سۆزنى ئاڭلاشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن، ئەگەر ھاۋاخاننى قويۇۋەتسىڭىز مەن سىزگە تەگمەيمەن ھەم ئىككىنچى يۈزىڭىزگە قارىمايمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قۇناخۇن دېگەن زۆھرەخاننىڭ گېپىنى « قانۇن » دەك بىلىدىغان بولغانلىقتىن ھېچ ئىلاج قىلالماي يۈردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇتلەق ئۈزۈلۈپ كەتمىسىمۇ بۇرۇنقىدەك ئانچە قويۇقمۇ بولۇپ كەتمىدى. ئۇ زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئۆيىدە يوق ۋاقىتلارنى پەملەپ كۈندۈز ياكى ئاخشاملىرى تۇراقنىڭ ئۆيىدە بىردەم - يېرىمدەم مۆكۈنۈشىپ ئولتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى دەپ يۈردى. بۇ گەپلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى مەنمۇ بىرنەرسە دېيەلمەيمەن.

زۆھرەخان سېيتجان بىلەن ئاجرىشىپ بىر يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە تويى بولدى. زۆھرەخان ئىككىنچى ئېرىگە تەگمەيمەن دەپ چىڭ تۇرسىمۇ سېيتجاننىڭ ئىشى قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ئىبراھىم ئاكام بۇ ئادەمنىڭ بەستىگە قاراپ ھەممە ئەزاسىنى پۈتۈن كۆردىمۇ زورلاپ دېگەندەك بېرىۋەتتى.

ــ سىلى بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەملا؟ ــ سورىدى مەھەممەت ساۋۇر قادىرغا خۇددى تېپىشماق تاشلىغاندەك قاراپ كۈلۈپ كېتىپ، ئارىلىقتا بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئۆزى جاۋاب بەردى:

ــ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېرى يەنە شۇ ئويىغلىق، ھازىر ۋەزىپىسىدىن چۈشۈپ دېھقان بولۇپ كەتكەن گوڭشېنىڭ بۇرۇنقى كاسسىرى ئارىپ شوپاڭ دېگەن ئادەم ئىدى. زۆھرەخان ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بىرىيلدەك بولغاندا قۇناخۇننىڭ ئايالى ھاۋاخان تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى.

ــ بالىچۇ؟ ــ دەپ سورىدى قادىر دەرھاللا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزنى يوغان ئېچىپ.

ــ بالىمۇ ئۆلۈپ قالدى. چۈنكى بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئاللىقاچان تۈنجۇقۇپ قالغاچقا ھاۋاخان تۇغالماي ئۆلۈپ قالغان. ئۇ زاماندا دوختۇر بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىلەلمەي ئانا - بالىسىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بىرگە قىلىۋەتتۇق.

قۇناخۇن بىچارە بۇ ۋاقىتتا تۈگىشىپلا كەتتى. نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي يۈردى. تالاي كۈنلەرنى ئۇنسىز يىغلاپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ھاۋاخان ئىككى قات بولغاندىن كېيىن قۇناخۇن ھاۋاخانغا باشقىچە ياخشى قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھاۋاخاننى ناھايىتى ئاسرايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆي ياكى تالانىڭ ئىشى بولسۇن ھەممىسىگە ئۆزى پايپاسلاپلا چېپىپ يۈرۈپ ئۇنى بىر نېمە قىلدۇرمايتتى. ھەربازار كۈنى ئۇنىڭغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈمدە: ئەمدىغۇ سېنىڭ كۆڭلۈك جايىغا چۈشۈپ تىنچلانغاندۇ... ئەمدى ئويناپ باقە قېنى؟ دەپ قالغانتىم. چۈنكى ئۇ يەنە ئويىاغقا چاپمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى مەن قۇناخۇننى بۇ ھەقتە گەپكە سالسام ئۇ:

— زۆھرەخاننىڭ ماۋۇ ئېرى ئارىپ شوپاڭ ناھايىتى كۈنلەمچى بىر نېمىكەن. بىركۈنى بازاردا زۆھرەخان ئېرى بىلەن بازار ئايلىنىپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدۇق، تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىشمىزغىلا ئېرى كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ماڭغۇ بىرنەرسە دېيەلمىدى، لېكىن زۆھرەخاننىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ تارتقىنىچە توختاتماي ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن زۆھرەخانغا خاپىلىق تېپىپ بەرمەي دەپ ئۇ تەرەپلەرگە بارمىدىم. تۇراقتىن ئاڭلىسام ئۇ زۆھرەخاننى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ كۆپ بارغىلى قويمايدىكەن. ئازىلىككە بارغاندىمۇ ئۆزى بىرگە بېرىپ بىرگە ئېلىپ كېلىدىكەن دەيدۇ، دېگەنتى. پەمىچە، زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇننىڭ مۇناسىۋىتى مۇشۇ مەزگىلدە بىر-ئىككى يىل ھەققەتەن ئۈزۈلۈپ قالدى بولغاي، ھاۋاخاننىڭ يىلى توشقاندىن كېيىنمۇ قۇناخۇن ئۆيدىكىلەرنىڭ زورلىشىغا قارىماي زادى ئۆيلەنگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ يەنىلا زۆھرەخانغا تارتىشۋاتاتتى، چۈنكى ئارىپ شوپاڭ ھەم ھاراق ئىچىدىغان، ھەم قىمار ئوينايدىغان، مىجەزى ئەسكى ئادەم چىقىپ قاپتۇ، زۆھرەخاننىڭ ئۆيدىكىلەر بارا-بارا ئۇنى چۈشىنىپ، ئىبراھىم ئاكا يەنە پۇشايمان قىلىپ زۆھرەخاندىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۇلار بىرقارارغا كېلىپ ئاجرىشىپ كېتىمىز دېيىشىپ تۇرغان كۈنلەردە زۆھرەخاننىڭ بويىدا قاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئىبراھىم ئاكا بىر نەۋرە كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەممە قارارلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاجراشمايدىغان بولۇپتۇ ۋە زۆھرەخانغا نەسىھەت قىلىپ:

— ھەرقانچە بولسىمۇ چىداپ تۇر، قىزىم، بالا تۇغۇلۇپ قالسا بالىنىڭ مېھرى بىلەن ئېرىڭ ئۆڭلىنىپ قالار، — دەپتۇ.

زۆھرەخانمۇ ئاتىسىنىڭ گېپىنى يىرالماي ئۆز نىيىتىدىن يېنىپ، بۇنىڭ بەزى ئەسكى قىلىقلىرى بولسىمۇ قانداق بولمىسۇن ئەرگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىمدا قالدى ئەمەسمۇ، دەپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپتۇ.

بۇ ئىشلارنى ئۇققان قۇناخۇن زۆھرەخاننى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاخىرى ئاتا-جەمەتىدىن بولغان تۇداخۇن دېگەن ئادەمنىڭ بىر ئەردىن چىققان شەرۋان دېگەن قىزىنى ئالدى. ئۇ بۇ چوكاننى ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي غىڭشىپ يۈردى. چۈنكى

شەرۋان چىراي-شەكلى ئانچە سەتلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن يولسىز، ئېملا بولسا گۇمان بىلەن گەپ قىلىپ، گۇمان بىلەن ئۆزىنىڭ دېگىنىنى يورغىلىدىغان چوكان ئىكەن. شۇنداقتىمۇ قۇناخۇن ئۆيدىكىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئىبراھىم ئاكامنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇچۇق-ئاشكارا بىر نەرسە دېيەلمەي چىشىنى چىشلەپ ئۇنىڭ بىلەن ئەلەڭگۇ-سەلەڭگۇ يۈردى. شۇنداق يۈرگەن كۈنلەردە شەرۋان بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن قۇناخۇننىڭ ئۆيدىكىلىرى ئالدىدا شەرۋاننىڭ ئورنى ئالاھىدە كۆتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇ چوڭ-چوڭ گەپ قىلىدىغان، دائىم كىيىم جېدىلى قىلىدىغان، تاماقنىڭمۇ ياخشىسىنى تاللاپ يەيدىغان بولۇۋالدى. قۇناخۇنمۇ بالىنىڭ رايى بىلەن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ بۇرۇنقىدەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇ يەنىلا زۆھرەخاننى ئويلايتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە زۆھرەخاننىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم بۇ ئىشنى مەن بۇ قېتىم قۇناخۇندىن بۇرۇن ئاڭلىدىم. ھەم ئۇنىڭغا مەن ئېيتتىم. بۇنىڭغا يەنە شۇ ئېرى سەۋەبچى بولغانىكەن، چۈنكى ئۇ قىمار ئويناپ، ئۇتتۇرۇۋېتىپ جان ئاچچىقىدا ھاراق ئىچىپ كېلىپ، زۆھرەخان بىلەن گەپ تالىشىپ قورسىقىغا بىرنى تېپىۋەتكەنىكەن، بىرقانچە كۈن ئۆتمەي بالا چۈشۈپ كېتىپتۇ. زۆھرەخان شۇ قېتىم يامانلاپ كەتكەنچە ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتا بارغىلى ئۇنىماپتۇ، ئاتىسى ئىبراھىم ئاكامۇ ئەمدى نەۋرە كۆرۈش ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن يالغۇز قىزىنى ئۇرغانلىقىنى قاتتىق ھار ئېلىپ، ئاچچىقىدا ئۆز جەمەتىدىكى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرقانچە كۈچلۈك يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ كۈيئوغلىنى قاتتىق ئۇرغۇزۇۋەتكەندىن تاشقىرى، جامائەت ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ قايناپ كېتىپتۇ:

— مەن بۇ ياشقا كەلگۈچە ئۆز ئايالىمنى تاك ئېتىپ باققان، قىزىمغە بولسا ئالىيىپ باققان بەندە ئەمەسمەن. مەن مۇشۇنداق ئەزىزلەپ چوڭ قىلغان بىردىن-بىر قىزىمنى ساڭا بەرسەم ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سەن ئۇنى خورلاپ ئۇردۇڭما؟ سېنىڭ شۇنچە ئەيىبىڭنى كۆرمەي-بىلمەي ياخشى گەپ، يالغان ۋەدە، پېتىر خوشامەتلىرىڭگە ئالدىنىپ ساڭا قىز بەرگەن مەن ئىبراھىمغا لەنەت، كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆزۈمگە، ئاڭلىماس بولۇپ قالغان مۇشۇ قۇلىقىمغا لەنەت، لەنەت...! — دەپ ئۆز ئېڭەكلىرىنى شاپىلاقلاپ، ئۆز كۆزىنى قوللىرى بىلەن نوقىلاپ غەزىپىنى باسالماي كەتكەنمىش.

ئىبراھىم ئاكامنىڭ ئادەتتە كىشىلەر بىلەن چېقىشقاق، ناھەقچىلىق بولمىسا ئاسانلىقچە بىر ئىشقا چېچىلمايدىغان دۇرۇس ئادەملىكىنى ھەممەيلەن بىلگەچكە جامائەتمۇ، ھۆكۈمەتمۇ، شەرىئەتمۇ ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ شۇنىڭ بىلەن زۆھرەخاننى مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇپتۇ.

مەھەممەت ساۋۇرنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قوشقا قاتقان كالىلار، ھارۋىغا قوشقان ئاتلار، سۆرەم ۋە قىغ توشۇشقا ئىشلەتكەن ئېشەكلەرنى دېھقان يىگىتلىرى كەينى-كەينىدىن ھەيدەپ ماخوغا ئەكەلگىلى تۇردى. مەھەممەت ساۋۇر

ئەمدى ئۆلتۈرالمىدى. ھېلى ئۇ كەلسە، ئەمدى بۇ كېلىپ گەپ گەپ بولماي قالدى.
قادىر سائىتكە قارىغان ئىدى، ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن خوشلىشىپ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئەتە ئاڭلايدىغان بولۇپ قايتىپ كەتتى.

## 11

ئەتىسى قادىرغا بۇ ھېكايىنى داۋاملىق ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بىر كۈنى قادىرنىڭ ئىشى چىقىپ قالسا، يەنە بىر كۈنى مەھەممەت ساۋۇرنىڭ قولى بوشىماي ئارىدىن يېرىم ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.
مەھەممەت ساۋۇرنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بىر-ئىككى قېتىم تولغىنىشۋېلىپ:
— بۇنىڭ كەينىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار قادىر زۇجاڭ، بولدى قىلمايلىمۇ؟ — دەپ باقتى. لېكىن قادىر ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر كۈن ماخونىڭ ئالدىدىكى ئېتىز بېشىدا قوناق تاقلاپ يۈرگەن جايدىن ئۇنى تېپىپ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەتتى.
قادىر چاقچاق قىلىپ:
— سىلىمۇ قوناخونىدەك زۆھرەخان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن «يولىۋرۇق» ئاپلا-ھە، قېچىپ يۈرگەنلىرىگە قارىغاندا، — دېدى.
— ياق ئۇنداققۇ ئەمەس، سىلىمۇ كولاپ سوراۋەردىلە، مەنمۇ بىلىپ-بىلمەي قاملاشمىغان گەپلەرنىمۇ قويماي دەۋېتىپتىمەن، شۇڭا سەل ئىزا تارتىپ قالدىم.
— ئەينى زاماندىكى ئىشلارنى ئەسلىگەندىن كېيىن ياشلىقلىرىغا يېنىپ كۆڭۈللىرى باشقىچە بولۇۋاتامدۇ-يا؟
— ياق-ھەي، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە ئۇ دەۋرگە قايتىپ بارىمەن دېيىشمۇ قاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ دېسىلە.
— سىلى بۇ ھېكايىنى ياخشى سۆزلىدىلە، ئەگەر ياشلىقلىرىغا يانسىلا نېمە يامىنى بار؟ مۇشۇنداق ئىشلارنى ئەسلەپ ياشىرىپ كەتسىلە ھۆرىخان ئاچام چېنىپ قالىدۇ دەپ قورقۇۋاتامىلا يا؟ — دېدى قادىر ئۇنىڭ ھۆرىخان بىلەن سۆ سەپكەن ئۆيىدىكى يېقىنلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقتىدا قوناخونىڭ ئۇنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ.
— سىلىزە چاقچاققا بەك ئۇستا جومۇ؟ شۇ يېرىنى تۇتۇۋاپلا-ھە! — دېدى مەھەممەت ساۋۇر كۆتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ.
— قېنى ئەمسە، — دېدى قادىر ھېكايىنى باشلاڭ دېگەننىڭ ئىشارىتىنى قىلىپ.
— سىلىزە مېنى ماختاپ يۈرۈپ ئاخىرى يەنە سۆزلەتتىدىغان بولدىلا-ھە! — دېدى

ئۇ تامىقىنى قېقىپ قويۇپ دەرھاللىققا سۆزلەپ نەگە كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەي، — نەگە كەلگەنىدۇق؟ — سورىدى قادىردىن.

— زۆھرەخان ئىككىنچى ئېرى ئارىپ شوپاڭدىن ئاجرىشىپ كەتتى، قۇناخۇننىڭ ئىككىنچى ئايالى شەرۋان پاقلاندەك ئوغۇلدىن بىرنى تۇغدى... دېگەن يېرىگە كەلدۇق، — دېدى قادىر.

— شۇنداق قىلىپ بۇ ئارىلىقتا قۇناخۇن زۆھرەخان بىلەن يەنە تېپىشۋالدى، لېكىن قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى ماڭا نامەلۇم، بۇنى نەدىن بىلدىڭ دېسىلە، قۇناخۇن ئويياغقا يەنە تولا قاترايدىغان بولۇۋالدى، ئۇلار بازاردا ئۇچرىشالمايتتى. چۈنكى شەرۋان قۇناخۇننى بازارغا ھەرگىز يالغۇز بارغۇزمايتتى، بازارغا بارىمەن دېسىلا، مەنمۇ بارىمەن دەپ بىرگە باراتتى.

ئىبراھىم ئاكا دەسلەپتىلا قىزى زۆھرەخاننى قۇناخۇنغا بەرمىگەنىگە پۇشايمان قىلىپتىمىش، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ، قۇناخۇننى ئۇيەر، بۇ يەردە كۆرسە ناھايىتى يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇنى-بۇنى سوراپتىمىش، بىرقېتىم ئۇنىڭ خوتۇنى بار-يوقلۇقىنى سوراپتۇ. قۇناخۇن بىر بالام بار دېگەن ئىكەن، ياخشى بوپتۇ ئوكام، دەپتۇ-يۇ، لېكىن لاسىسدە بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇ ۋاقىتتا شەرۋان قۇناخۇن بىلەن تولا جېدەللىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ گۇمانخور بولغانلىقتىن ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا كۈنلەيتتى. لېكىن بىرەر پاكىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جېدەلى ئۆز ھۇجرىسى ئىچىدىلا بولاتتى. بۇ كۈنلەردە قۇناخۇن بازارغا يالغۇز بارالمىغاندەك زۆھرەخانمۇ بۇ تەرەپكە كەلمىدى. ئۇنىڭ بىزنىڭ گۈلباغدا يىراقراق تۇغقانلىرىدىن بىرقانچىسى بولۇپ، پەقەت بىر ئۆرۈك پىشىقىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن كېلىپ مېھمان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا كەلمىگەنلىكىنى مەن قۇناخۇندىن ئاڭلىدىم.

بۇ كۈنلەردە ئۇ ئاغىنىسى تۇراقىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئانچە كۆپ بارالمايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقا دېسىلە، تۇراقىنىڭ سىڭلىسى زۆھرەخاننىڭ دوستى ھۆرنىسا ياتلىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئۆيگە بېرىش ئەمدى بىئەپ بولغانىدى.

قۇناخۇن مۇشۇ مەزگىلدە قورسىقى تولغاپ ئاغرىپ بوشىتىدىغانغا يەر تاپالمىغان ئادەمدەك تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ زادىلا ئىزىدا ئولتۇرالمايتتى، خوتۇنى بولسا تاپ باستۇرماي ئەگىشىپ يۈرەتتى. لېكىن قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، كۆيۈك ئوتى دېگەن باشقا بىرنېمە ئوخشايدۇ، قۇناخۇن بارغانسېرى قارام بولۇشقا باشلىدى. لېكىن زۆھرەخان ئۇنى تىزگىنلەپ ئىزىغا سېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇنداق ئىزدىنىپ، مۇنداق ئىزدىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى يەنە زۆھرەخان بىلەن ئۇچرىشىدىغان بىر ماكاننى تېپىپتۇ، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە خېلى ئۇزۇنغىچىلىك زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىنىڭ...

— زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ — سورىدى قادىر، گەپ ئارىلاپ.

— زومرەمخان، ئۇلار شۇنداق قىلىپ 2-دادۇي قارىباغنىڭ ئويىباغقا تۇتاش بىر ئەترىتىدە ئولتۇرىدىغان تۇل سىڭلىسى — مەرەمنىساخان دېگەننىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ يۈرۈپتۇ، بۇ ۋاقىتتا زۆھرەخان تۇل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەرەپتە كەلمىگەن بىلەن ئۇ تەرەپكە سەل ئەركىن بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بەزىدە مەرەمنىساخاننىڭ تېخى ياش قورامىغا يەتمىگەن ئوغلى مەھەللىسىدىكىلەر بىلەن ئوتۇنغا كەتكەندە ئارىلاپ قونۇپمۇ قېلىپتىمىش.

— بۇ ئايال ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىپ يۈرگىنىنى ھار ئالماپتىمۇ؟

— بۇ ئايال زۆھرەخاننى بەكلا ياخشى كۆرەرمىش، ئاچامنىڭ قىزى دەپ ھېچنەرسىنى ئايىماپتىمىش، لېكىن شۇنداقتىمۇ دەسلەپتە ھار ئېلىپ ناھايىتى كايىپتۇ. زۆھرەخانغا، ئىبراھىم ئاكامغا دەيمەن، سەن نېمە «بۇزۇقچىلىق» قىلىپ يۈرسەن دەپتۇ، قۇناخۇنغا ئايالىڭ بار تۇرۇقلۇق بۇ نېمە قىلغىنىڭ، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇنى ئەمرىڭگە ئېلىپ نېمە قىلساڭ قىلمامسەن، خەقنى يولدىن ئازدۇرغىچە. ئىككىنچى بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما، بولمىسا ئايالىڭغا دەپ رەسۋايىڭنى چىقىرىۋېتىمەن، — دەپ قاتتىق كايىپتۇ. لېكىن سىلى ھازىر زۆھرەخاننى خېلى بىلىپ قالدىلا، يەنە ھەممە ئىشنىڭ ئېپىنى شۇ قىلىپتۇ، زۆھرەخان ھامما ئاچىسىغا ئۆزۈندىن-ئۆزۈن چۈشەندۈرۈپ، دەسلەپكى كۆرۈشكەندىن تارتىپ كېيىن كۆيۈشۈپ-پىششىپ يۈرگەنلىكىچە، ھەتتا سىيىتجان بىلەن ئاجرىششىنىڭ سەۋەبىدىن تارتىپ قىزلىقىنىمۇ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغانغىچە سۆزلەپ، بىز ئاخىرى بىركۈن ئېلىشىپ-تېگىشىمىز، ئەر-خوتۇن بولىمىز دېگىنىچە ئىشەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇننىڭ بۇ ئىككىسىگە ئىچى ئاغرىپ، بولۇپمۇ زۆھرەخاننىڭ سىيىتجان بىلەن بولغان ئىشىغا ئىچى سىرىلغاندەك بولۇپ ئۇلارغا يول قويۇپتۇ، ئاخىرى قۇناخۇننى خۇددى كۈيئوغلىنى كۈتكەندەك كۈتىدىغان بوپتۇ. ئۇلار زۆھرەخان تاكى ئۈچىنچى ئېرى قاسىم ئەپەندىگە تەگكىچە ئاشىق-مەشۇقلىقنى ئەنە شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— مەھەممەت ساۋۇر سىلىنىڭ بىر گەپلىرىگە تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، زۆھرەخان ھامما ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە قۇناخۇن بىلەن قونۇپ يۈرسە بويىدا قالمامدۇ. شەرۋانچۇ؟ ئۇ گۇمانلانمامدۇ؟ — دېدى قادىر مەھەممەت ساۋۇرنىڭ ھېكايىسىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى نازۇك جايلىرىدىن گۇمانلىنىپ.

— مەنمۇ بۇ ئىشقا توۋا دەيمەن، مەن دەسلەپتە قاتتىق ئەندىشە قىلدىم دېسىلە. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ، قۇناخۇنغا سەن ئۇنداق قىلما، ئەگەر بويىدا قالىدىغان بولسا خەلقى-ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىسەن، دەپ نەچچە قېتىم ئەسكەرتتىم. قۇناخۇن بولسا ئەگەر بولىدىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى، توي قىلىمەن، دەپ يۈردى. لېكىن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن زۆھرەخان شۇ قېتىم بويىدىن ئاجراپ كەتكەندىن كېيىن زادىلا تۇغمىدى. بولمايدىغان بولسا بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا ئاشكارىلىنىپ،

ئۆزىنىڭ ھازىرقى سىرلىرىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ ھېكايە قىلىش قىممىتىدىن قالامدۇ؟
زۆھرەخاننىڭ ئۈچىنچى ئېرى قاسىم ئەپەندى ياخشى ئادەم ئىكەن، — ئۇ كېيىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئادەم ئەسلى بۇ يۇرتلۇق ئەمەس، كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ جىق ئوقۇغان بىلىملىك ئادەم بولۇپ، شۇ ۋاقىتدىكى ھۆكۈمەتكە ئانچە رازى ئەمەس گەپلەرنى قىلغانمۇ ياكى قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانمۇ بۇنىسى نامەلۇم، خېلى ئۇزۇن يۇرتلاردا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، ئاخىرى بىزنىڭ يۇرتلۇق ئۇرۇمچىدە بىرگە ئوقۇغان بىر ساۋاقداش تونۇشىنىڭ ھامىيسى بىلەن ھازىرقى 3-دادۇي — توغراقلىق كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە تاكى ئۆلۈپ كەتكىچىلىك مۇئەللىمچىلىك قىلدى.

ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن. ئۇ ئادەم بەكمۇ سىلىق-سىپايە ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇزاققا قالمايلا ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ياخشى ئىناۋەت، ئابروي تىكلەپ قالماي، يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ زۆھرەخاندىن 10 ياش ئەتراپىدا چوڭ ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ زۆھرەخان بىلەن توي قىلغان ۋاقتى تولۇق ئېسىمدە يوق. پەرەز قىلىشىمچە، 1946-، 1947-يىللىرىغا توغرا كېلەمدىكىن دەيمەن. زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن قاسىم ئەپەندىنىڭ خىسلەتلىرى كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ-دە، ئەلچىلىككە كەلگەنلەرگە ھېچقانداق تارتىشىپ ئولتۇرماي، ماقۇل بولۇپ، زۆھرەخاننىڭ دەسلەپتە سەل غىڭشىشىغا قارىتا:
— بالام، سەن ئىككى قېتىم تۇرمۇشلۇق بولۇپ بەختىڭنى تاپالمىدىڭ، بۇنىڭغا ئاتاڭ ئەيىبكار، پەمىمچە بۇ ئادەم دۇرۇس ئادەمدەك قىلىدۇ، يېشى چوڭراق، بىزنىڭ يۇرتقا مۇساپىر بولسىمۇ، ئۇ چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئادەم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، قورقماي تەگكىن، — دەپ ئۇنى قايىل قىپتۇ.

زۆھرەخان قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن خاتىرجەم بولۇپ قالدى. چۈنكى قاسىم ئەپەندى ئۇنى ئالغاندىن كېيىن ئادەتتە ئۇنىڭغا قاتتىقراق گەپمۇ قىلىپ باقماپتۇ. زۆھرەخانغا ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىكەن، بۇنداق ھۆرمەت بىلەن ئىززەتنى بۇرۇن قوناخۇندىنلا كۆرگەچكە زۆھرەخانمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنۈپ سەمىمىيلىك بىلەن خىزمەت قىلىپتۇ، زۆھرەخان قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلىپ بىر يىلدەك ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى قوناخۇنغا: — بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان كۈندىكىدەك ئىززەت-ئىكرام قىلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېگەنىكەن، قوناخۇن بۆلەكچە بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە زۆھرەخان يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا قارىماي بارغانسېرى روھلۇق-جۇشقۇن بولۇپ كەتكەنىدى. بۇرۇن بىلمەيدىغان جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان، سۆزمەن، كىشىلەرگە تېخىمۇ سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغان، خۇش خۇي، خۇلقلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ياخشى خىسلەت، ياخشى ئادەتلەر قاسىم ئەپەندىدىن

قالغان تەسىراتلار ئىدى. مەن بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر، — ياخشى ئادەم يېنىڭدا بولسا، نۇرغۇن تەرەپلىرىڭنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن، قاسىم ئەپەندى ئۆزىنىڭ ياخشى خىسلەت، ئەخلاقلىرى ئارقىلىق زۆھرەخاننىڭ دىلىنى ئاقارتىشتىن تاشقىرى قۇناخۇن-شەرۋانلارنىڭمۇ دىلىنى ئاقارتىپ، يورۇتقان دېسىلە...

بۇ مەزگىلدە زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇن باردى-كەلدىسىنى ئۈزمىدى. لېكىن ئەمدى ئۇلار ئاشىق-مەشۇقلۇقتىن دوستلارغا ئايلانغانىدى. بۇ دوستلار يالغۇز زۆھرەخان بىلەن قۇناخۇن بولۇپ قالماستىن، بەلكى كېيىنرەك ئۇلارغا قاسىم ئەپەندى بىلەن شەرۋانمۇ قوشۇلدى.

مەن دەسلەپتە يەنە بۇرۇنقى كۆز قارىشىم بويىچە قۇناخۇنغا ناھايىتى ئاچچىقلاپ: سەن ناھايىتى پەس بىر نېمىكەنسەن، ئەمدى يەنە پەدەڭنى يۆتكەپ ئالدىدا ئېرى بىلەن دوست بولۇپ، ئاندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن دوست بولىدىغان ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ داۋاملىق زۆھرەخان بىلەن ئويناپ ئەمدى قاسىم ئەپەندىنى ئاياغ ئاستى قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟ بىز ھەممىمىز باللىق بولۇپ قالغان ئەرلەردىن تۇرساق نومۇس دېگەننى بىلمەسمەن؟ قاسىم ئەپەندى ئەۋلىيا، خىزىردەك ياخشى ئادەم تۇرسا، نېمانداق قارا يۈزلۈك قىلىسەن؟ — دەپ چېچىلدىم. لېكىن قۇناخۇن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ:

— مەن زۆھرەخان بىلەن باردى-كەلدى قىلغىنىم بىلەن «يېقىنچىلىق» قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم، زۆھرەخانمۇ قەتئىي نىيەتكە كەپتۇ، ئەمدى بىز قاسىم ئەپەندىگە خىيانەت قىلمايلى، پەقەت كۆڭلىمىزدىلا بىلىشىپ دوستلاردىن بولايلى. قاسىم ئەپەندىمۇ خۇددى سىزدەكلا ئاق كۆڭۈل ئادەم، مېنى بەك ھۆرمەت، ئىززەت قىلىدۇ. ئەمدى ئۇنداق قىلساق سەت بولىدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ زۆھرەخاننى پات-پات كۆرۈپ تۇرغانغا شۈكۈر قىلىپ ئاستا-ئاستا بۇ يولدىن توختاپ قالدىم، — دەپ مېنى ئىشەندۈرمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈرگەنىدىم، قارىسام بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆرۈك پىششىقى، قوغۇن پىششىقى، ھېيت-بايرام كۈنلىرى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن باردى-كەلدى قىلغىلى تۇرۇشتى. بەزىدە قۇناخۇن خوتۇنى، بالىسىنى ئېلىپ قاسىم ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارسا، بەزىدە قاسىم ئەپەندى بىلەن زۆھرەخان قۇناخۇنلارنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئۇلارنىڭ راست دوستلارغا ئايلانغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم. چۈنكى بۇ ئارىلىقتا كېيىنكى پاجىئە بولغانغا قەدەر مەيلى شەرۋان بولسۇن ياكى قاسىم ئەپەندى بولسۇن ئۇلاردىن باشقىچە گەپ چىقمىدى. بەزىدە تېخى زۆھرەخان بىلەن شەرۋان بىر-بىرىنى ئاچا-سىڭىل دېيىشىپ يۈردى. زۆھرەخان شەرۋاننى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، قۇناخۇننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپمۇ قالاتتىم. قاسىم ئەپەندى بىلەن قۇناخۇن راستتىن ھەقىقىي دوستلاردىن بولۇپ، زۆھرەخان بىلەن

قۇناخۇننىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىدىن باشقا دېيىشمەيدىغان گېپى قالمىغانىدى. قاسىم ئەپەندى خۇددى زۆھرەخانغا نۇرغۇن ياخشى خىسلەت، ياخشى ئادەتلەرنى يوقىتۇرغاندەك قۇناخۇننىمۇ يوقىتۇرغانىدى. قۇناخۇن دېھقانلار ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشى، بالا ئوقۇتۇش توغرىسىدا گەپلەر بولغاندا قاسىم ئەپەندىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن قاسىم ئەپەندىدەك ئادەمنى ئىشلەتمەي ئاران ئىلمىي مۇدىر قىلىپ قويغاندۇ. ھېلىقى شىياۋجاڭ بولغان بىرنېمە ھە دېسىلا بالا ئۇرغۇدەك، ئاتا-ئانىلارنىمۇ سوراق، قىستاققا ئېلىپ دائىم كۆڭۈللىرىگە ئازار بەرگۈدەك، قاسىم ئەپەندى بۇنىڭ ئەكسىچە بالىلارغا ئۆز بالىسىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاتا-ئانىلارنى ئۆز تۇغقانلىرىدەك ھۆرمەتلەيدۇ. مۇئەللىملەر بىلەنمۇ شۇنداق ئىناق ئۆتۈۋاتسا، بەزى كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىغا تېخى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بېرىۋاتسا، بالىلار مەكتەپكە كەلمىسە ئۆيلىرىگە بېرىپ بالىلىرىدىن تارتىپ ئاتا-ئانىسىغىچە نەسىھەت قىلىپ قايىل قىلىۋاتسا، دەپ ئاغزى بېسىلمايتتى، ئۇلارنىڭ بۇ مۇناسىۋىتى ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ، تاكى 1959-يىلى قۇناخۇننىڭ ئايالى شەرۋان بىلەن سەككىز-توققۇز ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى قاۋۇلجان يۇرتىمىزدا كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

— بۇ يىلى پۈتۈن گوڭشې بويىچە ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر چىرايىغا قايغۇ يۈگۈرتۈپ، — شەرۋاننىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ھېچكىم قالمىدى. پەقەت ياقا يۇرتقا ياتلىق بولۇپ كەتكەن بىر ئاچىسىلا قاپتۇ. بۇ ئايال ھازىرمۇ بار، بىزنىڭ جەمەتتىنمۇ ئىسمائىل ئاكا، سىڭلىم-بەختاخۇننىڭ ئاپىسى ئايىمخانلارمۇ ئۆلۈپ كەتتى. قۇناخۇننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكام بىلەن قۇناخۇنمۇ تاس-تاس قالدى. ئاغرىپ يېتىپ كەتكەنلەر شۇنچە كۆپ بولۇپ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىپ، ئىچى سىرىلىپ كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىككى-ئۈچ ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن ھۆرىخان بىلەن ئىككىمىزگىلا بۇ كېسەل يۇقمىدى.

— قارىسىلا، مەن بۇنداق ئۇرۇق تۇرغىنىم بىلەن ئۆمرۈمدە كېسەل بولۇپ باقمىغان ئادەم، بىر بالىمىزمۇ قاتتىق ئاغرىپ، ئاخىرى ساقىيىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولدى. بۆلەك چىقىرىپ قويدۇم.

— جۇماخۇنمۇ، — دېدى قادىر ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ.

— جۇماخۇننىڭ مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپلا-ھە؟

— ھوي، مەھەممەت ساۋۇر، — دېدى قادىر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — بىز ھازىر بۇ يەرگە كەلگىلى ئالتە ئايدەك بولۇپ قالغان تۇرسا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى جۇماخۇننىڭ سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك قانداق بولىدۇ؟ بىز ھازىر بۇ شاۋدۈيدىكى ھەممە چوڭ-كىچىك ئادەملەرنىڭ ئېتىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ

بالا-چاقىلىرى، ئائىلە ئەھۋالى، سىياسىي-ئىدىيە، ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن تارتىپ بىلىپ كەتتۇق، بەزىلەرنىڭ تېخى ھۇجرىسىدىكى ئىشلارنىمۇ بىلىمىز دېسىلە! مەسىلەن، جۇماخۇن بىلەن تۇرسۇنخاننىڭ قىزىق-قىزىق ئىشلىرىنىمۇ بىلىمىز جۇمۇ.

— ئۇ نېمىلەرنىڭ مەن ئاڭلىمىغان ئىشلىرىمۇ بارمىكەن؟

— بولماي، تۇرسۇنخاننىڭ جۇماخۇننى دائىم باشقىلاردىن گۇمان ۋە پەرەز بويىچە ئاساسسىز كۈنلەپ، جېدەللىشىپ، جۇماخۇن كېچىدە سۇ تۇتقىلى چىقسا بىر ياشقا كىرگەن بالىسىنى قوينىغا سېلىۋېلىپ بىرگە سۇ تۇتقىلى چىققانلىقىنى، تاغقا ئوتۇنغا بارغاندا بىر قېتىم بىرگە بارغانلىقىنى، خامان باققاندا بىر كېچىمۇ ئۇنى يالغۇز قالدۇرماي بىرگە يۈرگەنلىكىنى، ئورما ئورغاندا جۇماخۇن ئەرلەر بىلەن سول ئېلىپ ئورما ئورۇۋاتسا، تۇرسۇنخان ئاياللار بىلەن سول ئالغىلى ئۇنىماي، يېنىدا بولمىسام يىراقتىن باشقا ئاياللارغا قاراپ كۆز بېقىشىدۇ، دەپ ئۇنىڭ يېنىدىن سول ئالغانلىقىنىمۇ بىلىمىز دېسىلە!

— يائاللا زۇجاڭ، سىلە بىزنىڭ تىنتاڭ تومۇرىمىزدىكى ئىشلارنىمۇ بىلىۋاپىلا-ھە؟ باشقا گەپلەرنىغۇ ئاز-تولا ئاڭلاپ يۈرگەنتىم، ھېلىقى ئوتۇنغا بارغىنى بىلەن ئورمىدا سول ئالغاندىكى ئىشلارنى بۈگۈن سىلىدىن ئاڭلاپ قالدىم. ھەر قايسىلىرى بۇنى قانداق بىلىۋالدىلا؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ئىككى قولى بىلەن ئىككى يوتىسىغا بىرقانچىنى شاپىلاقلاپ.

— بىر قېتىم ئۇ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالغاندا جۇماخۇن داۋاغا كىرىپتىكەن، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى سەۋەبسىز قاتتىق كۈنلەيدىغىنى، ھەرقانداق ئايال بىلەن سۆزلەشتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئاياللار توغرا كېلىپ قالسا يەرگە قاراپ ئۆتمىسە ئۆيىگە بارغاندا، سەن ئۇنىڭغا قارىدىڭ، كۈلدۈڭ، دەپ جېدەل چىقىرىدىغانلىقىنى ئۆزى دەپ بەرگەن.

— بۇ قىز بالا شۇنداق چىقىپ قالدى، ئۇ جۇماخۇنغا بەك كۆيىدىغان ئوخشايدۇ، ئۆيىدىمۇ قولتۇقىدىن نېرى كەتمەيدۇ، ئۇ يەنە ئىككى قات بوپتۇ، ھازىر ئېغىرلىشىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ بىكار تۇرماي ئىشلەيدۇ. ئۆزى سەترەڭ بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى، بەك ئىشلەمچى دېسىلە، جۇماخۇن ماڭا ئوخشاش سەت ئەمەس، ئاپىسىغا ئوخشاش خېلى چىرايلىق، شۇڭا بىزنىڭ بۇ كېلىنىمىز ئاشۇنداق دەككە-دۈككىدە يۈرەمدىكىن، جۇماخۇننى تاپ باستۇرمايدۇ. بازارغا بارسىمۇ بىرگە بېرىپ بىرگە كېلىدۇ، ئاڭلىساق جۇماخۇن بازاردا ھاجەت قىلغىلى كىرىپ كەتسە، ھاجەتخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ساقلاپ تۇرغانمىش، — دېدى ئۇ يەنە كۆتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ، — ئۇنداق قىلغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ، بولمىسا قۇناخۇندەك بولۇپ قالسا جىق ھەلەكچىلىك بولۇپ، ياكى خاتىرجەم ئۆي تۇتالمىغان، ياكى ئۆمۈر بويى مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. قۇناخۇن بىچارىنىڭ زۆھرەخاننىڭ تەمەسىدە شۇنچە يىللار قىلمىغان

قىلىقى، ماڭمىغان يولى قالمىدى دېسىلە، باللارنىڭ ئاپىسى كېلىنىمىزنىڭ بۇ ئىشلىرىغا سەل نارازى بولغانىدى، مەن ئۇنى توسۇپ، — نېمە قىلاتتىڭ، كەينىگە كىرىۋالسا، كىرىۋالامدۇ، دېسەم، ئۇ ئاچچىقلىنىپ، جۇماخۇن يا بۇزۇقچىلىق قىلمىسا، چوپچوڭ بىر ئوغۇل باللىنى دوست-ئاغىنىلىرى ئالدىدا ئىزاغا قويسا بولامدۇ، ھېلىمۇ مەھەللىدىكىلەر جۇماخۇننى كۆرگەن يەردە زاڭلىق قىلىدىكەن، ھەتتا تۇرسۇنخاننىڭ يېنىدىمۇ زاڭلىق قىلىدىغان بوپتۇ، تۇرسۇنخان بولسا تېخى نېمە كارىڭ ئۆزۈمنىڭ ئېرى، ئەر دېگەننى چىڭ تۇتمىسا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئاپام شۇنداق دېگەن، دەپتۇمىش دەيدۇ.

مەن ھۆرىخانغا:

— ھەي ئەخمەق، سەنمۇ مېنى ياش ۋاقتىدا شۇنداق چىڭ تۇتاتتىڭغۇ، مانا ئەمدى ئۆمۈرلۈك بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ، كېلىنىڭ ئوغلۇڭنى چىڭ تۇتسا نېمە يامىنى، بولمىسا قۇناخۇن... دەپلا ئاغزىمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ قۇناخۇن نېمە بوپتۇ دەپ بىپەرۋالىق بىلەن سورىماسمۇ، چېكەمدىن پۇررىدە تەر چىقىپ كەتتى، ئىچىمدە ئىم! دەپ قېلىپ دەرھال گەپ يۆتكەپ، قۇناخۇن ئىككى قېتىم ئۆيلىنىپمۇ ياخشىراق ئۆي-ئوچاقلىق بولالمىدى ئەمەسمۇ...؟

— شۇڭا دەيمىنا، — دەپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققىلى ماڭسام ئۇ، قاچان مەن سىلىنى چىڭ تۇتۇپتىكەنمەن، ئاشۇ ئەپتىلىرى بىلەن قوللىرىدىن كەلسىچۇ چوكان ئوينىسىلا، ئويناپ-ئويناپ يەنە مۇشۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىرىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي... دېمەمدۇ، ھەي سېنىڭمۇ تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ؟ — دېسەم، تىلىم چىقماي مەن بىر گاچىمىدىم، ئوھۇش، باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىم، ئۆيۈمنىڭ ئىشىنى تۈگىتەلمەيۋاتسام، دەپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى.

— ھۆرىخان ھېچنەرسە بىلمەمدا؟ — سورىدى قادىر.

— ئۇ بىلمەيمۇ قالماس، قولۇڭدىن كەلسە چوكان ئوينا دېگىنىگە قارىغاندا بىلىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن بىلسىمۇ خەقنىڭ ئىشىغا پەرۋايى-پەلەك ئۇنىڭ، مەن بۇ خوتۇننى ئاق كۆڭۈل دېسەممۇ بولىدۇ، ساددا، دۆتەك دېسەممۇ بولىدۇ. قانداق دېسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا، باشقىلارنىڭ ئۇنداق-مۇنداق ئىشلىرى بىلەن ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كارى بولۇپ كەتمەيتتى. قېرىغانچە تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە ھاردىم-تالدىم دېمەي چۈمۈلىدەك بىكار تۇرماي مىدىرلاپ جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، گۇڭشې، داداۋىلەردە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ كارى بولمايدۇ، پالانى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ دېسە، ئۇرۇشسا-ئۇرۇشامدۇ دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ. بەزىدە بىرقانچە خوتۇن بىريەرگە كېلىپ ئۆزئارا غەيۋەت باشلىنىشىغا، ئىشىم بار ئىدى دەپ گەپ-سۆزمۇ قىلماي چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تولا سۆزلەيدىغان بولسا بۇ ئۆي ئۆي بولارمىتى دەيلا؟ ئۇ خېلى ئېغىر ئىشلارنىمۇ سوراپ-كولاپ ئولتۇرمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ مىجەزىگە قاراپ

بىلسىمۇ-بىلمەسكە سېلىپ، مېنىڭ نېمە كارىم دەپ يۈرەمدىكىن دەيمەن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ئايالىنىڭ مىجەزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— ئەمدى ئۆز كېيىمىزگە كەلمەمدۇق؟ — دېدى مەھەممەت ساۋۇر بۇ قېتىم قادىرنى ئالدىرىتىپ خۇددى ئۆزى ئۆيدىكى ئىشلارنى يەنە كولاپ-سوراپ يۈرمسۇن دېگەندەك قىلىپ.

— سىلى مېنى بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىشلارنى يەنە كولاپ سورايدۇ، دەپ قورقۇۋاتاملا؟ — دېدى قادىر چاقچاق قىلىپ.

— ياقەي، بىزنىڭ ئۆيدە قىزىقىدىغان نېمە ئىشلار بار دەيلا، يەنە دېسەك يەنە شۇ، ئوغلۇم بىلەن كېلىنىمنىڭ ھېلىقىدەك ئەخمىقانە كۈلكىلىك ئىشلىرىدىن باشقا...

ئۇ قولىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ كۈنگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، — يەنە كەچ بولغىلى تۇردى. بۇ گەپنى بۈگۈن تۈگىتەيلى، — دېدى-دە، ئۆز كېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇشۇ كېزىك كېسىلى تۈپەيلىدىن بىزنىڭ جەمەتىمىزدىمۇ كۆپ پات-پاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. قۇناخۇن بىچارە بۇ ۋاقىتتا ھەممىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنچە، چۈشتىمۇ ئۆيگە كىرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بولۇۋاتقان ياز كۈنلىرى بولسا ئىشلەپ قەيەردە ھارسا شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ، كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە كىرىپ ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ قورساق تويغۇزىدىغان، قىش كۈنلىرى بولسا كىشىلەر توپلىشىۋالغان يەرگە بىر بېرىۋالغانچە تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ كىشىلەر خۇپتەنگە ماڭغاندا ئاندىن ئۆيگە كىرىپلا ئۇخلىۋالىدىغان بولدى. ئۇ راست ئۇخلىدىمۇ ياكى ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپ ياتتىمۇ بۇ بىزگە قاراڭغۇ، چۈنكى ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشكنى ئىچىدىن تاقىغاندىن كېيىن بىرى كېلىپ ئۇرسىمۇ ئاچمايتتى. مەن بىرقانچە قېتىم شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ يېنىپ كەتكەندىن كېيىن ئەتىسى نېمىشقا ئىشىكنى ئۇرۇپ ۋارقىرىساممۇ ئاچمايسەن؟ دېسەم ئۇخلاپ قاپتىمەن، دەپ بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ناھايىتى كەم سۆز بولۇپ كەتتى. ئۇ سەۋدايىنىڭ ئۆزىلا بولغانتى. چاچ-ساقاللىرىنىمۇ ئۆزۈن-ئۆزۈندا ئالدۇرىدىغان بولۇۋالدى. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنىدى. بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ بالا ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك قاتارلىقلىرىدىن ئايرىلاپ خەۋەر ئېلىپ تۇردى. قىيىنچىلىق چاغلار ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ھالىمىزمۇ ياخشى ئەمەستى، شۇنداقتىمۇ ھۆرىخان ھېچبولمىغاندا بىرەر زاغرىسىنى بولسىمۇ باللاردىن كىرگۈزۈپ، بەزىدە كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. بۇ ۋاقىتتا قاسىم ئەپەندى بىلەن زۆھرەخانلار ھەققەتەن ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزدى. قاسىم ئەپەندى ھەپتە ئايرىلاپ كېلىپ يەپ-ئىچكۈدەك نەرسىلەردىن ئەكىلىپ تۇردى. زۆھرەخانمۇ بىرئايدا بىر قېتىم دېگەندەك قاسىم

ئەپەندى بىلەن بىرگە كېلىپ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن گۆشتە ئۇ سېغىنغان تاماقلاردىن ئېتىپ بېرىپ ھال-مۇڭ ئېيتىشىپ كېتەتتى. بەزىدە مېنىمۇ چاقىرىپ تۆتىمىز بىرگە تاماقلىنىپ، كەچلەپ ئاندىن تارقىلاتتۇق. قۇناخۇنمۇ پات-پاتلا بەزىدە قاسىم ئەپەندىنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆزى زۆھرەخانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەتتى. بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى قىلىدىغان ئىش بولمىغاندىن كېيىن ئۇ كۆپ باراتتى. قۇناخۇن ئەمدى ھەقىقەتەن زۆھرەخان بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن راستلا قالغانتى. يېقىنچىلىق قىلمەن دەپمۇ قىلالمايتتى. پەقەت كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ ئالغانغا شۈكۈر قىلاتتى.

— شۇ چاغلاردىمۇ ھەممە يەردە دوختۇرخانا، داۋالاش پونكىتى بار ئىدىغۇ، يۇقىرىدىن ئادەم كەلمىدىمۇ؟ ۋاقتىدا تەدبىر كۆرمىدىمۇ؟ — دېدى قادىر گەپنى كېزىك توغرىسىدىكى ئەھۋاللارغا يۆتكەپ.

— يۇقىرىدىن ئادەم كەلدى، ناھىيە-ۋىلايەتتىن دوختۇرمۇ ئەۋەتتى. ئەگەر ئۇلار كەلمىگەن بولسا بۇ گۇگشېدىكى ئادەملەر قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، بۇ كېسەللىكنى بىزنىڭ گۇگشېدىكى بىر «بىلەرمەن» دوختۇر خولېرا دەپ ئاتاپ، يېرىم ئايدەك دورا بېرىپ ئوكۇل ئۇرۇپ داۋالىسىمۇ ئادەملەر كەينى-كەينىدىن ئۆلۈۋەردى، گۇگشېنىڭ باشلىقى ئارىپ ئاخۇن ناھىيىگە بېرىپ دوكلات قىلغاندا، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ، ۋىلايەتكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن بىر دوختۇرلار گۇرۇپپىسى كېلىپ، كېسەلنىڭ مەنبىئىنى ئېنىقلىدى، ئاندىن بۇ كېسەل توسۇپ قېلىندى. بولمىسا ھەممىمىز تۈگەيدىكەنمىز...

## 12

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتىغۇ دەيمەن. ھېلىقى ئاچارچىلىقتىن كىشىلەر كېپەك، جىغان مۇنچىقى، سۆگەت پوستى، قارىياغاچ يوپۇرمىقى... دېگەنگە ئوخشاش يېگىلى بولىدىغانلا نەرسە بولسا يېگەن يىللىرى قاسىم ئەپەندى تۈگەپ كەتتى. ئۇ ئادەم غورىگىلچىلىككە بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى ئىچىدىن چوڭراق كېسەل چىقتىمۇ ئۇنى بىلەلمىدۇق، دەسلەپتە زۇكام بولغان باھانە بىلەن كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېتىپ قالغانچە ساقىيالماي ئاخىرى ئالەمدىن ئۆتتى. مەن بىر قېتىم ئۆيىگە يوقلاپ بارغانىدىم. ئۇ ۋاقتىدا ئۇنچە ئەمەستى. كېيىن قۇناخۇن پات-پات بېرىپ ھەر قېتىم باشقىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كېلىپ يۈردى.

بارا-بارا ئۇ ئادەمنىڭ ناھىيىمىزدىمۇ ئاز-تولا ئاتىقى چىققانىدى. شۇڭا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالاندى. ئۇ يەردىمۇ ياخشى بولالماي ئاندىن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ياتتى. ئۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ياتقاندا قۇناخۇن ئىككى قېتىم زۆھرەخان بىلەن بېرىپ يوقلاپ كەلدى. كېيىنكى قېتىم بېرىپ يوقلاپ كەلگەندىن

كېيىن مەن قۇناخۇندىن قانداقراق دەپ سورىسام، قۇناخۇن:

— ئۇ ئادەمنىڭ ئىشى چاتاقتەك قىلىدۇ. دوختۇرلار زۆھرەخانغا قان بېسىمى بەك يۇقىرى ئىكەن، 250، 260 دىن چۈشمەيۋاتىدۇ. ھازىر يەنە يۈرەك كېسىلى پەيدا بوپتۇ، بۇ يۇقىرى قان بېسىمىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىش، بۇرۇنراق ئەكەلگەن بولساڭلار يۈرەك كېسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى، شۇنداقتىمۇ بىز تىرىشىپ داۋالاپ باقايلى، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، دەپتۇ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر يۇقىرىدىكى گەپلەرنى قىلغاندا قاسىم ئەپەندىگە ئىچ ئاغرىتىپ خۇددى ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگەن تەلەپپۇز بىلەن.

— قۇناخۇننىڭ يەنە كۆنى تۇغۇلۇپتۇ ھە، — دېدى قادىر ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىدىكى مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئالغاندەك قىلىپ.

— توۋا خۇدايىم، ئىككىمىزنىڭ خىيالىنىڭ بىر يەردىن چىقىپ قالغىنىنى قارىسىلا، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر مېنىڭ ئەقلىمۇ سىزنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، دېگەندەك كۈلۈپ كېتىپ.

— مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا خۇددى سىلى ھازىر دېگەندەك ئويلاپ سىلى دېگەن گەپلەرنى قىلغانىدىم، لېكىن قۇناخۇن يېرىلىپ كەتكۈدەك تېرىكىپ:

— مەھەممەت، سەن قارىسىغا سۆزلەۋەرمە، ياغلىق قاپاق قاچانلا بولسا ياغلىق قاپاق بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇيەردە سەكراتتا ياتسا، مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلغىلى ھايۋانمۇ. ئاغزىڭغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرىدىكەنسەن، مەنمۇ ئۇنداق خىياللاردا بولمىدىم. شۇنداق خىياللاردا بولغان ھالەتتىمۇ، سەن زۆھرەخاننى بىلەمتىڭ؟ ئۇ ھەرگىز ماڭا ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. مەن ساڭا راست گەپنى قىلسام، ھازىر مەن زۆھرەخان بىلەن خۇددى ئاكا-سىڭىلدەك بىر خىل تۇيغۇدا بولۇپ قالدىم. مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆيۈنۈش، ئاسراش، قوغداشتىن باشقا خىياللار بولۇپ باقمىغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. راست، زۆھرەخان قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللىرى خېلى ئۇزۇنغىچە تەمە قىلىپ يۈرگەنىدىم. لېكىن زۆھرەخان ئۇنىمىدى. زۆھرەخان بۇ ئېرىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ھەم ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇ ماڭا بىرقانچە قېتىم بۇ ئادەمنىڭ مىجەزىمۇ سىزگە ئوخشايدىكەن، ئۇ مېنى بەك ئىززەتلەيدۇ، دېگەن گېپىنى يىرمايدۇ. سەممىي ئادەمكەن، ماڭا بەك ئىشىنىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام بولمايدۇ، بىز ئەمدى بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنى بولدى قىلايلى دەپ نەسىھەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ ھېلى مەن ساڭا دېگەندەك يېقىنچىلىقىمىزنى ئاكا-سىڭىلدەك تۇغقانچىلىق تۇيغۇسىغا ئۆزگەرتىۋالدىم ۋە شۇنىڭغا شۈكرى قىلىپ يۈردۈم، دەپ ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلىغانىدى.

بىر كۈنى قۇناخۇن مېنى خالىي جايغا ئاپىرىپ:

— مەھەممەت، مەن ئەمدى قېرىغاندا بولسىمۇ زۆھرەخان بىلەن توي قىلايمىكىن دەيمەن، — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

مەن دەرھاللا جاۋاب بېرىپ:

— مەنمۇ شۇ خىيالدا بولۇۋاتاتتىم. ئەمدى سىلىگە پۇتلىشىدىغان ھېچقانداق ئىش قالمىدى. ئەمدى قېرىغاندا ئۇنداق ئوغرىلىقچە يۈرسەڭلارمۇ سەت بولار، توي قىلىۋالساڭلار نېمىشقا بولمايدۇ، ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ مۇراد-مەقسىتىڭلارغا يەتمەمسىلەر، ھەر ئىككىڭلارنىڭ بىرەر بالىسىمۇ يوق، قېرىغاندا ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارغا ھەمدەم بولارسىلەر، زۆھرەخان نېمە دەيدىكەن، — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— مەن تېخى بۇ خىيالىمنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم. ئالدى بىلەن سېنىڭ مەسلىھەتىڭنى ئالاي دېگەنىدىم. سەن قوشۇلساڭ، ئۇنىڭغا دەي، — دېدى قۇناخۇن خېلى تىتىكلىشىپ.

— يەنە باردى-كەلدى قىلغىلى تۇردۇڭلارما؟

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بىزنىڭ باردى-كەلدىمىز ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق، — دېدى ئۇ گەپ يورغىلىتىپ.

— سەن تولا گەپ ئويناتما، مەن سېنى يەنە تېپىشىۋالدىڭلارمۇ دەۋاتىمەن.

ئۇ لام-جىم دېمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— سېنىڭ ئاكا-سىڭىللىقىڭ يەنە ئۆزگەردىمۇ؟ مەن سېنىڭ گېپىڭگە ئەمدى زادى ئىشەنمەيمەن. راستىنلا مۇڭگۈزۈڭ ئىچىڭدە بىرنېمىكەنسەن.

ئۇ مېنىڭ گېپىم توگىمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ-سۆز قىلماي كېتىپ قالدى.

ئارىدىن بىرئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە قۇناخۇن بىر كۈنى قاپىقىنى ساڭگىلىتىپ يەنە مېنى ئىزلەپ كەلدى.

— نېمە بولدۇڭ، قاپىقىڭ ساڭگىلاپ بېشىڭ تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتىغۇ، — دېدىم ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ.

— زۆھرەخان ئۇنىمىدى.

— نېمىشقا ئەمدى، يەنە باشقا ئادەمگە تەگكۈسى بارمىكەن؟ سەنمۇزە خۇددى ئەپەندىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان ئوقۇغۇچىدەك ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەيدىكەنسەن. سېنى قورچاق قىلىۋالدىغۇ بۇ خوتۇن، — دەپ قايناپ كەتتىم جۇدۇنۇم تۇتۇپ.

— نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ گەپنىڭ باش-ئايىغىنى ئاڭلىماي. ئۇنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ، — دېدى قۇناخۇن ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، ياندۇرۇپ ماڭا نەسىھەت قىلىپ،— ئۇنىڭ دېيىشىچە، — دېدى قۇناخۇن ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — بىز شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئەر-خوتۇن بولمايمۇ شۇنداق ياخشى ئۆتتۇق. خۇددى بىر-بىرىمىزگە مېھماندەك مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق. سىز بىرەر قېتىممۇ مېنىڭ گېپىمنى يېرىپ، كۆڭلۈمنى ئاغرىتمىدىڭىز، ماڭا شۇنداق ھۆرمەت قىلىپ ئىززەتلىدىڭىز، مېنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەسلىكتىكى سەۋەبمۇ دەل سىزنىڭ ماڭا سەممىي

سادىقلىقىڭىز، كۆيۈنۈشىڭىز، ئاسرىشىڭىزدىن بولغان. نەچچە قېتىم شۇنداق كۈچلۈك ھېسسىياتىڭىزنى بېسىۋېلىپ، بىر مەزگىل يىراق تۇرۇڭ دېسەم يىراق تۇردىڭىز، بۇمۇ مېنى كۆڭلى ئازار يەپ قالمىسۇن، يامان ئاتلىق قىلىپ قويماي دەپ مەن ئۈچۈن كۆيۈنگىنىڭىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كۈندە دېگۈدەك ئويلاپ تۇرىمەن، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە بىز مۇشۇ مېھرىبانلىقىمىزنى ساقلاپ قالالايمىزمۇ يوق، مەن شۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن. بىر ئۆيلۈك بولۇپ قالغاندىن كېيىن شۇنداق بولسىغۇ مەيلى، ئەگەر ئۇنداق بولماي ئايرىلىقتا سەن-پەن دېيىشىپ قالساق شۇنچە يىللار ساقلاپ كەلگەن مۇھەببەت، ھۆرمەت، ئەقىدە، ئېتىقادىمىزغا دەز كېتىپ قالسا قېرىغاندا ھەرىكىتىمىزگە ھار كېلەمدىكىن دەيمەن. سىزنىڭ مىجەزىڭىز ھازىر بىر ئاز ئۆزگىرىپ قاپتۇ، شۇنچە يىللار سىزدىن بىرەر ئېغىر تۈك گەپ ئاڭلىماي، ئەمدى ياش قۇرامىغا كەلگەندە پالاق-پۇلۇق بىر نەرسە دەپ سالسىڭىز، بىلىسىز مېنىڭ كۆڭلۈم بەك نازۇك، ئۆزئارا بۇتىنىشىپ قالساق، مەن ئۆز ئۆيۈمگە كېتىپ قېلىشتىن يانمايمەن. ئۇنداقتا سىزگىمۇ، ماڭىمۇ ئەلەم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇرۇنقىدەك ئۆتۈۋەرگىنىمىز ياخشى. بىز ئەمدى قېنى قايناپ تۇرغان ياشلاردىن بولمىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشساق بولمامدىمۇ، دەپ تۇرۇۋالدى.

— سەن قوشۇلدۇڭما؟

— مەن ئۇنىڭغا نەچچە ئېيتتىم. ھەتتا بىز يېقىنچىلىق قىلىشىۋاتقان پەيتىمۇ دېدىم. ئۇ دەسلەپتە ماقۇل دەپ كەينىدىنلا يەنە يېنىۋالدى. ھەتتا ئەگەر سىزنىڭ بەك ئۆيلەنگىڭىز كەلسە ئۆيلىنىڭ، لېكىن مەن ئەرگە تەگمەيمەن. سىز ھازىرقى ھالەتكىمۇ قانائەت قىلمامسىز؟ سىزنىڭ ھازىرقىدەك بىر دېگەننى يەنە دەپ تۇرۇۋېلىشىڭىزغا قارىغاندا بىز توي قىلساق مەن دېگەن ئىش چىقماي قالمايدۇ، دەپ ئاخىرىدا گەپنى ئۈزۈۋەتتى، — دېدى قۇناخۇن بوي سۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— سەنلەرگە ئوغرىلىقچە قىلىسىپ يۈرگەن ئىش بەك تاتلىق تېتىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بولۇپمۇ ھېلىقى خوتۇنغا... دەۋەتتىم ئاچچىقىمغا پايلىماي، قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ياقىسىنى تۇتقان ھالدا، — ھەيرانمەن، ھەيرانمەن، بۇ خوتۇننىڭ تاكتىكىسىدىن، قۇناخۇننىڭ قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىقىدىن ھەيرانمەن، — دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

— قۇناخۇنچۇ؟ — دېدى قادىر، قۇناخۇننىڭ مەھەممەت ساۋۇرنىڭ سۆزىدىن كېيىنكى پوزىتسىيىسى بىلمەكچى بولۇپ.

— ئۇ نېمە دەيتتى. تېخى ماڭا ئالىيىپ: نېمە گۇركىرەيسەن، ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ. ئۇ دېمىسىمۇ ئۆزۈمگە ئايان، ھازىر مېنىڭ مىجەزىم سەل قوداڭشىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۆي تۇتقاندىن كېيىن بىلە-بىلمەس ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قويۇپ شۇنچە يىللار ساقلاپ كەلگەن ياخشى مۇناسىۋەتنى

يىرىكلەشتۈرۈپ قويسام چاتاق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا ماقۇل دېدىم، دەيدۇ. تېخىمۇ ئاچچىقىم كېلىپ: يەنە ماڭا ئالىيىۋاتىسەنغۇ؟ يالغانمۇ ئەمەسە، سەن نېمىلەرگە ئوغرىلىقچە قىلىشىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭ تاتلىق تېتىمىسا نېمىشقا توي قىلماي مۆكۈپ يۈرىشىسەن، ھۆتۆت-پۆتۆت دېيىشىپ. بۇ خوتۇنمۇزە شەيتاننىڭ ئۆزىلىكەن. ئادەمنى ئۇسسۇلغا سالغىلى، قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ئەمدى بۇ ياشقا كىرگەندە ئوغرىدەك كېچە-قاراڭغۇدا ئوغرىلىقچە ئۇچرىشىپ يۈرۈشكە قانداق يۈزۈڭلار چىدايدۇ. شۇنچە يىللار كۆيۈپ-پىشقاندىن كېيىن ھازىرقىدەك پۇرسەت كەلگەندە خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئاشكارا يۈرۈشسەڭ بولمامدۇ، تازىمۇ بىر گەپ بولدى-دە، مەيلى نېمە قىلىشساڭ، قىلىشماسەن. ئەمدى مېنىڭ سەنلەرنىڭ ئىشىڭلار بىلەن كارىم يوق، دەپ پېشىمنى قېقىپ چىقىپ كەتتىم. بۇ بۇنىڭدىن بەش-ئالتە يىل بۇرۇنقى ئىش دېسىلە، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر گەپنى يىغىنچاقلىماقچى بولۇپ، — ئۇلار تاكى قۇناخۇن ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇنداق ئۆتتى. مېنىڭ بۇ ئايال توغرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر تەسىراتىم بار. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئايال ئۆز گېپىگە كىرگەن ئەرنى قەۋەت ياخشى كۆرىدىكەن.

— سىلىمۇ ئۇنىڭ يولىيۇرۇقىدىن چىقالمايدىكەنلىغۇ؟ — دېدى قادىر چاقچاق قىلىپ.

— مەن قۇناخۇننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلدىم.

## 13

بۇ يەردىكى سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى تۈگەپ، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن «ب» ناھىيىسىنىڭ X گۇڭشېسىغا يۆتكىلىپ بارىسىلەر دېگەن ئۇقتۇرۇش چۈشكەندىن كېيىن، قادىر قانداق قىلىپ بولمىسۇن ۋاقىت چىقىرىپ توغراق كەنتىگە بېرىپ زۆھرەخان بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. چۈنكى مەھەممەت ساۋۇرنىڭ «ھېكايە» سىنىڭ بەزى جايلىرى چالىدەك، بەزى جايلىرى ئېنىق ئەمەستەك، يەنە بەزى جايلىرى يالغاندەك بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ قېتىم قادىر ئۆزى يالغۇز باردى. زۆھرەخان قادىرنى سەل سۇلغۇن چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ قادىرنىڭ گەپ ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا:

— بالام قېرىغاندا ئادەمنى نومۇسقا قويۇپ، كولاپ يۈرۈپ ھەممىنى بىلىپ بوپلا، يەنە نېمىدەپ كەلدىلە؟ ئۆيگە كەلگەن مېھمانىغىغۇ بۇنداق دېمىسەم بولاتتى، — دېدى چىراي ئاچماي.

— زۆھرەخان ئاچا، مەن سىلىنى نومۇسقا قويىدىغان ئىش قىلمىدىم. سىلە بىلەن قۇناخۇننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ سىلىگە بەكمۇ ھەۋەسىم كەلدى. ھۆرمىتىم ئاشتى دېسىلە، سىلە ھەقىقەتەن كۆڭۈل بەرگەنگە جان بېرىدىغان، مىسكىن يۈرەككە قان

بېرىدىغان قالتىس ساداقەتمەن، ئىرادىلىك ئايال ئىكەنلا، ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى غېرىب-سەنەم، تاھىر-زۆھرەگە ئوخشاتساق بولغۇدەك. ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببەتلىك ئوتلىرى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىردە ۋاللىداپ ئۇلغىيىپ كۆيسە، بىردە ۋىلىلداپ ئۆچەي دەپ ئۆچەلمەي، پەيتى كەلگەندە يەنە قايتىدىن يالقۇنجاپ ئۇلغىيىپ قىرىق نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ قالتىس مۆجىزە دېسىلە، — دېدى قادىر ئۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى ماختاپ.

— بالام، بىزنى قانداقمۇ تاھىر-زۆھرە، غېرىب-سەنەملەرگە ئوخشاتقىلى بولسۇن. بۇ ئىشلار شۇ ۋاقىتتىكى جاھاننىڭ تارلىقىدىن، بىزنىڭ ياش، ساددا، بىر نېمىنى بىلمەسلىكىمىزدىن بولغان، بىز دەسلەپتە ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى نەدىن بىلىمىز. ھە دېگەندە ئويناشقاندەك ئىش قىلىپ قويۇپ ئاقىۋىتىدە قىرىق نەچچە يىلنى خۇددى ئوغرىدەك ياشاپ ئۆتكۈزدۇق، نومۇس قىلاي دېسە كۆڭۈل قويمىغان. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ نېمە بولسا-بولمامدۇ دەي دېسە ئەل-يۇرتتىن قورقۇۋاتقان، يوشۇراي دېسە يوشۇرالمىغان، ماختىناي دېسەك كىشلەر ئالدىغا ئېلىپ چىققىلى بولمىغان، شۇنداق بىر يولغا كىرىپ قاپتىكەنمىز دېسىلە، مانا ئەمدى ھەممىسى ئاخىرلاشتى، — دېدى ئۇ مۆگىلىنىپ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى چىرايى ئېچىلغانىدى. چۈنكى قادىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاساسلىق تەرىپىگە ئادىل باھا بەرگەنىدى. ئۇنىڭغا ئۇ ھەم خۇشال ھەم رازى بولدى.

— بالام مەن سىلىگە پولۇ قىلىپ بېرەي دېسەم ھەقچان ئۇنىمايلا، چۈشمۇ بولۇپ قالاي دېدى. خېمىرمۇ يۇغۇرۇپ قويغانىدىم. بىرقانچە خوشاڭ پىشۇرۇپ بېرەي، يەپ ماڭسىلا، ئۆتكەن قېتىممۇ قۇرۇق كەتتىلە. ئەمدى قورقمىسىلا، بىزنىڭ بۇ يەردە تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى تۈگىدى، كادىرلارمۇ كەتتى، — دېدى ئۇ قادىرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ياندىكى ئۆيگە مېڭىپ.

— ماقۇل، خوشاڭ پىشۇرىمەن دېسىلە ئولتۇراي، مەھەممەت ساۋۇرمۇ سىلىنى خوشاڭغا ئۇستا دەۋاتقان ئىدى، — دېدى قادىر يالغاندىن مەھەممەت ساۋۇرنىڭ گېپىنى چىقىرىپ. ئۆزىنىڭ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئۇنىڭ قانداق بىلىۋالغانلىقىنى ئۇقماقچى بولۇپ.

— ھەممىنى قىلغان مەھەممەت ساۋۇر دېگەن قاقباش، — دېدى ئۇ يالغاندىن خاپا بولغان بولۇۋېلىپ.

— مەھەممەت ساۋۇرنىڭ دېگىنىنى سىلى قانداق بىلىۋاللا؟

— قوناخون بىلەن ئىككەيلىزنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى شۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىم بىلىدۇ دەيلا؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى قېتىم بازاردا ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇ سىلىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقىنىمۇ ماڭا دەپ قويدى. شۇڭا سىلىدىن سەل خاپا بولۇپىمۇ قالدىم. نېمە قىلاتتى بۇ بالا، بۇ ئىشلارنى كولاپ يۈرۈپ، دەپ ئىچىمدە

سىلىنى تىللاپمۇ قويدۇم.

— نېمدەپ تىللىدىلا؟

— بېشىڭنى يەيدىغان ئۇرۇمچىلىك دەپ.

— راست تىللىدىلىمۇ ياكى يالغاندىن؟

— راست تىللىدىم، — ئۇ داستىخانغا قويۇۋاتقان مەزەنى قولىدا تۇتۇپ قالغانچە بېشىنى كۆتۈرۈپ قادىرغا پىسسىگىدە كۈلۈۋەتتى.

— يالغان تىللاپىلا ھە، — دېدى قادىر ئۇنىڭ ھېلىقى كۈلكىسىنى كۆرگەندىن كېيىن. زۆھرەخاننىڭ چىرايى ئېچىلغانىدى. ئۇ ئەمدى نومۇس قىلىدىغانىدەك ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىدىغان قىياپەت بىلەن قادىرغا سۆزلىگىلى تۇردى. قادىر بەزى ئىشلارنى ئىچكىرىلەپ سورىسىمۇ زۆھرەخان دەپ بېرىدىغانىدەك قىلاتتى. لېكىن قادىر «بەك قىلىن» بالىكەن بۇ دەپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئەمدى بەزى نازۇك ئىشلارنى ئىچكىرىلەپ سوراشنى بىئەپ كۆرۈشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇسەل دەر گۇمان بىلەن:

— زۆھرەخان ئاچا خېمىرلىرىمۇ تېخى بولمىغاندۇ، مۇشۇ ئارىلىقتا سىلىدىن سورايدىغان بىرقانچە ئىش بار ئىدى، مەھەممەت ساۋۇر ئېنىق دەپ بېرەلمىدى. سىلىدىن سورىسام بولارمۇ؟ — دېدى سىناش نەزەرى بىلەن.

— ۋاي بالام «ئاناڭنىڭ ئايغىچىلىكى قالغانمىدى» دېگەندەك سىلىدىن يوشۇرىدىغان نېمە قالدى. بىرلا گېپىم بۇ ئىشلارنى سىرتقا يېيىۋەتمىسىلە بولدى. چۈنكى سىلى بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى بىلىدىغان تۆتىنچى ئادەم بولۇپ قالدىلا، — دېدى زۆھرەخان قادىرنىڭ چىنىسىگە چاي قويغاچ.

— مەن بىر نەرسىگە ھەيران قالدىم ھەم مەھەممەت ساۋۇرنىڭ بۇ ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە تازا ئىشەنگۈم كەلمىدى. سىلى قۇناخۇن بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يىللار بىرىش-كېلىش، يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرۈشۈپسىلەر، ياش ۋاقىتلاردىمۇ جاھان تار، ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بولماپتۇ، لېكىن نېمىشقا كېيىن ھەر ئىككىڭلار تۇل بولۇپ ئالدى-كەينىڭلاردا توسقۇن بولىدىغان ھېچقانداق ئامىل قالمىغاندىن كېيىن شۇنداق ياخشى شارائىتتىمۇ توي قىلىپ ئۆيلۈك-ئۇچاقلىق بولمىدىڭلار؟ مەھەممەت ساۋۇرنىڭ دېيىشىچە، سىلى ئۇنىماپىلا، شۇنداقمۇ؟ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە 60 ياش ھەتتا ساغلام بولسا 70 ياشقىچىمۇ توي قىلسا بولىدىغان تۇرسا؟ — دېدى قادىر، سوئالدىن سوئال چىقىرىپ.

— مەھەممەت ساۋۇر ھەممىنى سىلىگە دەپ بېرىپتىغۇ.

— مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە قانائەت قىلمىدىم. ماڭا خۇددى يەنە باشقا سەۋەبلىرى باردەكلا بىلىنىپ كەتتى.

— مېنىڭ بۇ ۋاقىتتا توي قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقىم راست. سەۋەبى، بىرى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە قۇناخۇن بۇرۇنقى قۇناخۇن ئەمەس، باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ

قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇلايىملىقىدىن ئەمدى ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ ناھايىتى تېرىككەك بولۇپ كەتتى، تۇرۇپلا غوززىدە ئاچچىقلىنىپ يوقلاڭ ئىشلارغا چېچىلىپ بىرقانچە كۈنگىچە خۇيلىنىپ قاپىقى ئېچىلمايدىغان بولۇۋالدى. يەنە بىرى بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇنىڭ قولى بارغانچە قىسقىراپ جان بېقىش تەس بولۇپ قالدى. ماڭا قاسىم ئەپەندىدىن خېلى بىر نېمىلەر قېپقالغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام قىينىلىپ قالاتتىم. ئۇ نومۇس قىلىپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى بىزنىڭ بۇ يەردە بۇ ياشقا كەلگەن ئەرلەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۆيىگە كۈيئوغۇلچىلاپ كىرىشىنى يامان ئالىدۇ. كىم-كىمنى ئالدى دەپ مازاق قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىڭ غورۇرى ئۇنىمايتتى. شۇڭا مەنمۇ ئۇنى زورلىمىدىم. ئۇ مېنى كۈندۈرەلمىگەندىن كېيىن زورلىمىدى. پۇتتۇشەلمىگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ئۆتەيلى دېيىشتۇق، — دېدى زۆھرەخان بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قىلىپ، — بىز شۇنچە يىللار، شۇنچە توساقلار تۇرۇپمۇ مېڭىپ مۇشەققەت-جاپالار ئىچىدىمۇ بىر-بىرىمىزنى ئىززەتلىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ، رىشتىمىزنى ئۈزۈشمەي ئۆتتۈشكەندۇق، لېكىن ئەمدى تېخى توي قىلماي تۇرۇپلا گېپىمىز بىر يەردىن چىقماي قالدى. ئويلاپ باقسام، ئەگەر بىر ئۆيىگە كىرسەك دائىم جاڭجاللىشىپ ئاخىرى ئۈزۈلۈشۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا شۇنچە يىللار قەدىرلەشكەن سۆيگۈمىز بىكار بولۇپ، قىلغان ئەجرىمىز نابۇت بولۇپ كەتكۇدەك. ھەممىنى دەۋەتتىم-ھە! ھەي، يامان بالا ئىككىنلا شەيتاننىمۇ سۆزلىتىدىغان، قېرىغاندا توي قىلىپ ئاجرىشىپ يۈرۈشمۇ خەلق ئالەم ئالدىدا ياخشى نام بەرمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مەھەممەت ساۋۇر سىلىگە دەپ بەرگەندەك قۇناخۇننى كۈندۈرگەنىدىم. لېكىن مەن بىرەر قېتىممۇ قۇناخۇننىڭ مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا تەگمە سىلىكمىدىكى مۇھىم سەۋەب دەپ يۈزىگە سالمىدىم. تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە شۇنداق بولدى. توي قىلماسلىقتىكى ھەقىقىي سەۋەب مانا مۇشۇ ئىدى، — دېدى ئۇ ئەمدى پۇشايمان قىلغاندەك چىراي بىلەن.

— سىلى ناھايىتى دىتلىك، كۆيۈمچان ئايال بولغاندىن كېيىن توي قىلىشقان بولسىلا، بەلكى ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپمۇ قالارىدى.

— بۇنىڭغا كۆزۈم يەتمىدى. قۇناخۇننىڭ مىجەزى بارغانچە يامانلاشتى. مەن ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. پەقەت ئۇ ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن يەنە ياۋاشلىشىپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىچىم ئاغرىپ توي قىلغان بولسام بۇ بىچارە بۇ ھالغا چۈشۈپمۇ قالماستى، دەپ پۇشايمان قىلىپ قويغان چاغلىرىممۇ بار.

— مۇنداق دېسىلە، مۇشۇنداق ئۇزۇن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشتا كۆپ ئەقىل ئىشلىتىپلا.

— بالام، ئىلاجسىزلىقتىن كىرىپ قالغان يولىمىزدىن چىقالماي ماڭغانچە ئۆزىراپ كېتىپ، يا كەينىمگە يانالماي ياكى بۇ يولنى باشقا ئېلىپ چىقالماي ئاخىرىدا گۆرنىڭ

ئاغزىغا بارغاندا ئاندىن توختىدۇق. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئىشلار سىلىنىڭ دەپتەرلىرىگە چۈشۈپ بىر تاغار گەپ بولۇپ كەتتى. بۇنداق بولارىنى بىلسەم، دەسلەپتە قۇناخۇن بىلەن قېچىپ كەتكەن بولسامۇ بۇنچە كۆپ گەپ-سۆز بولماستى، بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە گەپلەر تۈگەر ئىدى، دەپ قالىمەن.

— قۇناخۇن بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇ ئۆز كېسىلىدىن باشقا سىلىگە بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ سىلەر قانداق خوشلاشتىڭلار؟

— بالام ئۇ ئادەمنىڭ شۇ ۋاقىتدىكى ھالىنى سىلى بىلمەيلا، ئۇنىڭدا بىر نەرسە دېگۈدەك ماغدۇر قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ دېمىنىڭ سىقىشىغا چىداپ تۇرۇپ، گەپنى ئۈزۈپ، ئۈزۈپ نەچچە قېتىم توختاپ، يەنە ئىسىگە كېلىپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى:

— زۆھرەخان مەندىن رازى بولسىلا، — بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە بىز سىز دېيىشتىن ئۆزلىرى دېيىشىدىغان بولۇپ قالغانىدۇق، — سىلى بىلەن بىر ئۆمۈر سىرداشلاردىن بولغىنىمغا پەخىرلىنىمەن، لېكىن توي قىلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولالمىغىنىمغا ئارماندا كېتىدىغان بولدۇم. شۇنداقتىمۇ سىلى مېنىڭ مۇشەققەتلەر، خەتەرگە قارىماي باشتىن ئاخىرغىچە ئۆمۈر بويى بېشىمنى سىلاپ كەلدىلە. سىلىگە نۇرغۇن كۆڭۈل ئاغرىقى، خاپىچىلىق، ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردىم. بۇنىڭغا رازى بولسىلا، بىزنىڭ ئوتىمىز ۋالىلداپ كۆيگەندىمۇ ئۇنى سىلى ئۇتاشتۇرغان ئىدىلە، بەزىدە ۋىلىلداپ ئۆچەي دەپ قالغاندىمۇ كۆزلىرىگە تۇتۇن كىرىپ ئېچىشتۇرۇشتىن قاچماي پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن پۈۋلەپ، يەنە ئۇلغايتىپ ياندۇرغان ئىدىلە، مانا ئەمدى بۇ ئوت پۈتۈنلەي ئۆچەي دەپ قالدى. ئاللانىڭ بۇيرۇقى شۇ ئوخشايدۇ، ئىلاھىم، ئۇ دۇنياغا بارغاندا يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەنىدى قۇناخۇن ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، بالام — دېدى زۆھرەخانمۇ كۆز يېشى قىلىپ. ئۇ نەپەسنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋالاشتۇردى:

— ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، يۈزىنى يۈزۈمگە تەگكۈزگەنچە ئېككىلىرىگە-چېكىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ مەنمۇ رازىلىق بەرگەنىدىم. ئۇ سەل ئارامغا چۈشتى. لېكىن مەن كېتىدىغان چاغدا قولۇمغا ئېسىلىۋېلىپ خېلى يەرگىچە سۆرۈلۈپ مېڭىپ خۇنى كەتكەن كۆزلىرىنى ماڭا تىككەنچە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇۋالدى. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ئەسلى تۇيدۇرماي يىغلاۋاتقان كۆزلىرىمدىن ئەمدى تارام-لاپ ياشلار ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. ئۆز كۈچۈمگە زورلاپ ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ جايىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ مىڭ تەسلىكتە ئىچكىرى ئۆيدىن ھويلىسىغا چىققاندا قايتا-قايتا كەينىمگە قاراپ كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، بىرەرى كۆرسە نېمە بولدۇڭ دېمىسۇن، دەپ يۈزۈمنى ياغلىقىم بىلەن يېرىم يېپىپ كېتىپ قالدىم. ئۇ بىچارىنىڭ شۇ ۋاقىتدىكى ھالىتى زادىلا كۆز ئالدىمدىن

كەتمەيدۇ. بەزى كېچىلىرى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماي خىيالغا چۆكۈپ كېتىمەن. بەزى كېچىلىرى يېرىم كېچە ئويغىنىپ كېتىپ ئورنۇمدا تاكى توخۇ چىللىغۇچە ئولتۇرۇپ كېتىمەن. بەزىدە مەن بۇرۇن كەتكەن بولسام بوپتىكەن دەپمۇ قالىمەن، — دېدى زۆھرەخان ئۈچ سوئالغا بىراقلا جاۋاب بېرىپ، — بۇ گەپلەرنى ئەمدى بولدى قىلايلى. مەن سىلىگە تاماق ئېتەي، — دەپ ئورنىدىن تۇرغىلى تەمشەلگەندە، قادىر يەنە ئۇنى توسۇپ:

— زۆھرەخان ئاچا يەنە كىچىككىنە ئىككى سوئالىم بار. ئاندىن سىلىدىن بۇ ھەققىدە زادىلا گەپ سورىمايمەن، — دېدى ئۆتۈنۈپ.

— بوپتۇ ئەمىسە سورىسىلا بالام، — دېدى زۆھرەخان قادىردىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك مىدىرلىغان جايىدا شىپپىدە ئولتۇرۇپ.

— قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن سىلىنىڭ تۇرمۇشلىرى ئىزىغا چۈشۈپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەن. ئوخشايدۇ، راستمۇ؟

— راست، ئۇ ئادەم مەندىن ئون ياشتەك چوڭ ئىدى. ئۆزى بەك سىلىق-سىپايە ئادەم ئىدى. ئۇ خۇددى قۇناخۇندەك، بىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق تۇرمۇشىمىزدا ماڭا بىرەر قېتىم سوغۇق تېگىپ ئالىيىپ باققان ئەمەس. ئۇ مېنى بەك ئىززەتلەيتتى، كۆتەتتى. بەزىدە ئازراقلا ئاغرىپ قالسام خۇددى پەرۋانىدەك ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ كېتەتتى. ئۇ بىلىملىك، ئىلمىي ئادەم بولسىمۇ لېكىن ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايتتى. يەر ئىسلاھاتىدا ئۇ مېنى بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە مەيلى كۈندۈز بولسۇن ياكى كەچ بولسۇن قاچان قاتنىشىمەن دېسەم ياق دېمەي قاتناشتۇردى. لېكىن مېنى شۇ ۋاقىتدىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاياللار مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ سايلىمىز دېگەندە تاكى يۇقىرى ناھىيىگىچە بېرىپ، ئۇ «چالا ساۋاتلىق» بۇنداق ئەھۋالدا بۇ خىزمەتكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ قارشىلىق قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتدا ئۇ ئادەمگە بىر ئاز ئاچچىقىم كېلىپ:

— نېمىشقا بۇنداق قىلىلا؟ — دېسەم، ئۇ ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— زۆھرەخان سىلى بىلمەيلا، چوڭ بولۇپ كىچىك بولماق تەس، دۇنيادا جاھان تىنچ، ھۆكۈمەت ئادىل بولسا پۇقرا بولماقتىن ياخشى ئىش يوق. ئاياللار مۇدىرى بولدۇم دەپ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن باش ئاغرىقى تېپىۋالىلا، بىزنىڭ يا بالىمىز بولمىسا، ئەمەل تۇتۇپ نېمە قىلىمىز. ھازىر جاھان تىنچ، ھۆكۈمەت ئادىل بولغاندىن كېيىن بىز-بىرىمىزنىڭ غېمىنى قىلىشىپ، ئۆزئارا ئاسرىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ ياخشى پۇقرا بولۇپ ئۆتكەنگە يەتمەيدۇ. مېنىمۇ مەكتەپكە مۇدىر بول دېگەنىدى. ئۇنىمىدىم، مۇئەللىمچىلىك قىلىپ بالىلارنىڭ دىلىغا ئىلىم سالسام ماڭا شۇ كۇپايە، دېسەم ئاخىرى يەنە ئىلمىي مۇدىر قىلىپ قويدى. بۇمۇ مۇئەللىمدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغۇ دېگەن ئوي بىلەن شۇنى قىلىۋاتىمەن ئەمەسمۇ، — دەپ مېنى قايىل قىلىپ توسۇپ قويغانىدى. كېيىن

قارىسام ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنى راستكەن. مەن ئۇنىڭغاندىن كېيىن گۈلباغدىن بىر چوكانىنى ئاياللارنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ قويغانىدى. ئاخىرىدا يا ئېرى رازى بولماي، يا ھۆكۈمەت بىلەن خەلقمۇ رازى بولمىدى. ئاخىرى ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ مۇدىرلىقنىمۇ قىلىپ يەنە دېھقان بولۇپ كەتتى. شۇلارنى ئويلىسام قاسىم ئەپەندى ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرىدىغان بىلىملىك ئادەمكەن دەپ كېتىمەن ئىچىمدە.

— ساۋاتلىرىنى شۇ ئادەم چىقىرىپ قويغانمۇ؟

— كەچ كۇرسىدىمۇ دېھقانلارغا شۇ ئادەم دەرس بەرگەنىدى. ئۆيگە كەلگەندە ئۇ ئادەم مېنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىرىنچى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشاش ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۆگىتىپ بىرىپلا قالماي ساۋادىمنى چىقارغانىدى.

— زۆھرەخان ئاچا، قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قاسىم ئەپەندى قۇناخۇن بىلەن، سىلى شەرۋانىخان بىلەن يېقىن دوستلاردىن، ئاچا-سىڭىللاردىن بولۇپ كېتىپتىكەنسىلەر، راستمۇ؟

— ۋاي بالام سىلى بەك گۇمانخور ئىكەنلا جۇمۇ، سوئاللىرىدىن مەقسەتلىرىنى تۇيدۇم، — دېدى زۆھرەخان سەل ئاچچىقى كېلىپ، — سىلى مېنى مۇشۇ مەزگىلدىمۇ قۇناخۇن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن دېمەكچىمۇ؟ ئۇنداق ئىش يوق. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەن قاسىم ئەپەندىنى قۇناخۇندىن چوڭ كۆرسەم كۆردۈمكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىش نىيىتىدە بولمىغان. شۇڭا مەن قۇناخۇننى تاشلىدىم، قۇناخۇن مەندىن مەيلىنى ئۈزەلمەي جامالىمنى بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرسام، دەپ قاسىم ئەپەندى بىلەن دوستلىشىپ باردى-كەلدى قىلىشىپ يۈردۇق. بۇنىڭدىن ھەرگىز گۇمان قىلغۇچى بولمىسىلا، ئەگەر ئىشەنمەي زۆھرەخان ئاچىلىرىنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق بۇزۇق ئايالغا چىقىرىۋەتسىلىمۇ مەيلى دەيمەن، — دېدى ئاخىرىدا تېرىكىپ تۇرۇپ.

— قاسىم ئەپەندى تەكتى نەلىك ئادەم ئىكەن؟

— ئەسلى كۇچارلىق بولۇپ، ئاشۇ ئەنىسىز يىللاردا نۇرغۇن يۇرتلارنى كېزىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرى كۆڭلىگە ياقماي، ئىشلەي دېسە كۆڭلى ئۇنىماي، ئىش تەۋرىنەي دېسە ئۇنداق ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمەي قاچقىپ بىز تەرەپكە كېلىپ قاپتىكەن. شۇ ۋاقىتتا توغراقلىقتا ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقدىشى كامىل ئەپەندى دېگەن كىشى يار ئىكەن. ئۇ شۇ كىشىنى پاناھ تارتىپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغانىكەن، بىرقانچە ئاي كامىل ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كېيىن ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلىپتۇ. بىزنىڭ توي ئىشىمىزغىمۇ كامىل ئەپەندى ماڭغانىدى. كامىل ئەپەندى ئاتام بىلەن تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى سايە قىلىپتۇ. ئاتام خېلى ئويلانغاندىن كېيىن قاسىم ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ئاندىن ماقۇل بوپتۇ. لېكىن، مەن بۇ قېتىم قىزىمنىڭ مەيلىگە قارايمەن، سىلى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈشتۈرسىلە، دەپ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن كامىل ئەپەندى ئۆز ئۆيىدە

بىرىنچى قېتىم قاسىم ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزنى كۆرۈشتۈردى. ماڭا ئۇ ئادەمنىڭ چىراي، مىجەز-خۇلقى ياققان بولسىمۇ يېشى سەل چوڭراق كۆرۈندى. ئاتام بىلەن ئاپامغا دېسەم ئۇلار: سەككىز، ئون ياش چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ، ئادەم ياخشى بولسىلا بولدى. ئەر كىشى چوڭراق بولسا تېخى كۆيۈمچان بولىدۇ. مەنمۇ ئاپاڭدىن خېلىلا چوڭ، ئۆمرۈمدە ئۇنىڭغا چوڭچىلىق قىلىپ ئالايسام ئالايغاندىمەن، لېكىن ئەرچىلىك قىلىپ تاك ئېتىپ ئۇرۇپ باقمىدىم. ئەلۋەتتە، ئاپاڭمۇ مېنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. گېپىمدىن چىقمايدۇ، شۇڭا ئىككىمىزنىڭ گېپى دائىم بىر يەردىن چىقىپ شۇنداق سىلىق-سىپايە ئۆتتۇق بالام. قورقماي توي قىل، دېگەندىن كېيىن بىز توي قىلغاندۇق. قاسىم ئەپەندىنىڭ بۇ ۋاقىدا قولىدا توي قىلغۇدەك پۇلى يوق ئىدى. ئاتامغا بۇ ئادەم ياراپ كەتكەندىن كېيىن ھەممىنى ئۆزى تەييارلاپ تويىمىزنى قىلىپ قويغانىدى. ئاتام توي بولۇشقا يېقىن قالغاندا قاسىم ئەپەندى بىزنىڭ ئۆيگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرسە قانداق، دېگەنمۇ بولدى. لېكىن قاسىم ئەپەندى: مېنىڭ يېشىممۇ خېلى چوڭ ئادەم، بۇنداق بولغاندا قېيىن ئاتامنىڭ ئالدىدا بىئەپ بولماسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىر توغراقلىقتا مۇئەللىمچىلىك قىلىۋاتىمەن. قېيىن ئاتام، قېيىن ئانام خاتىرجەم بولسۇن، مەن زۆھرەخاننى چوقۇم ئۇلار رازى بولغۇدەك ھۆرمەت، ئىززىتىنى قىلىمەن، بەختلىك ئۆي تۇتىمەن، دېگەندىن كېيىن ئاتاممۇ ئارتۇق گەپ قىلالمىدى، بىچارە رەھمەتلىك ئاتام قاسىم ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز تاكى تۇرمۇشىمىزدا ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالغۇچە مەندىن قالسىمۇ شۇ قىزىمغا قالىدۇ، دېگەندەك قىلىپ بارى-يوقىنى بىزدىن ئايىماي يۆلەپ تۇرغانىدى.

— ئاخىرقى سوئالىم، — دېدى قادىر سائەتكە قاراپ ئۆزىمۇ ئالدىرىغاندەك قىلىپ، — ئىبراھىم ئاكام قاچان تۈگەپ كەتتى.

— مەن قاسىم ئەپەندى بىلەن 1947-يىلى توي قىلدىم. ئاتام 1953-يىلى تۈگەپ كەتتى، بۇ تازا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يىللار ئىدى.

— ئىبراھىم ئاخۇنئاكام نەچچە ياشلاردا چىقتى؟

— شۇ چاغدا جامائەت 70 ياشتا چىقتى دېيىشكەنىدى. ئاتام تۈگەپ تۆت يىلدىن كېيىن ئاپام ئالەمدىن ئۆتتى.

— مەھەممەت ساۋۇر ئاتىلىرى بىلەن ئاپىلىرى ناھايىتى ئوبدان ئادەملەر ئىدى. بولۇپمۇ ئىبراھىم ئاخۇنئاكام مەرد، كەڭ قورساق، ئادىمگەرچىلىكى چىڭ، دېگەن گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، دەپ ناھايىتى چوڭ بىلىدىكەن، — دېدى قادىر.

— ئاتام ئەركىشى بولغىنى بىلەن مېنى ئاپامدىنمۇ ئىززەتلەيتتى. مەن بىرىنچى، ئىككىنچى نىكاھىمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا يۈرەك-باغرى سىرىلىپ كېتىپ ئوچۇق دېمىسىمۇ بىرقانچە قېتىم دارتىملاپ تۇرۇپ دەسلەپتىلا قوناخۇنغا بەرمىگەنگە بىرئاز پۇشايمان قىلغانىدى. كېيىن قاسىم ئەپەندى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن بۇ گېپىنى

ئۇنتۇپ كەتتى.

قادىر زۆھرەخان بىلەن بولغان سۆھبەتنى تۈگىتىپ سائىتىگە قارىسا ۋاقىت چۈشتىن كېيىنكى بىر يېرىم بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇ زۆھرەخانغا رەھمەت ئېيتىپ، چۈشتىن كېيىن بىر مەجلىسىم بار. مەن قوپاي دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، زۆھرەخان داستىخاننىڭ بىر چېتىگە تىزلانغىچە قادىرنىڭ پېشىنى تارتىپ ئولتۇرۇشقا زورلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بالام سىلى بەك ئادەم گوللايدىكەنلا، ھېلى تېخى مېنى خېمىرلىرى بولمىدى، مەن خوشاڭلىرىنى يەپ كېتىمەن دەپ گەپكە سېلىپ، ئەمدى نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ مەن سىلىنى قويۇۋەتمەيمەن، مېنىڭ ھەممە سىرلىرىمنى بىلىۋېلىپ خوشىڭمنى يېمىسىلە، سىلىنىڭ ياخشى نىيەتلىرىدىن گۇمانلىنىمەن، خۇشاڭ پىشقىچە باغقا كىرىپ ئۈجمە يەپ تۇرسىلا، — دەپ قادىرنى ئىتتىرگەندەكلا باغقا كىرگۈزۈۋەتتى-دە، خوشاڭ سېلىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتتى.

## 14

1980 - يىلى قېيۇم سابىر خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا تۇرغان ناھىيىگە بېرىپ قالدى. ئۇ ناھىيىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ مۇئاۋىن ھاكىمغا:

— گۈلباغقا بىر بېرىپ كەلسەك، مەن سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتىدە شۇ يەردە تۇرغانىدىم، — دېگەن تەلەپنى قويغاندا، ھاكىم ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ:

— ئۇ مېنىڭ يېزام، مەنمۇ گۈلباغلىق سىلى بۇرۇن قايسى كەنتتە تۇرغان، — دەپ ھەيران بولغان ھالدا سورىدى.

— مەن گۈلباغنىڭ ئۆزىدە تۇرغان، سىزمۇ گۈلباغلىق؟ — ئۇمۇ ھەيران قېلىپ ياندۇرۇپ سورىدى مۇئاۋىن ھاكىمدىن.

— ھە، مەنمۇ گۈلباغدىن، ئۆز ۋاقتىدا گۈلباغدا قادىر زۇجاڭ دېگەن، 30 ياشلاردىكى بىركىشى تۇرغان، ئەجەپ سىلىنى كۆرمەپتىكەنمىز؟

— قادىر دېگەن كىشى مەن بولىمەن، — دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭغا قاراپ. ئۆزىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ياشلارنى قانچە ئەسلىسىمۇ بۇ مۇئاۋىن ھاكىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي.

— سىز شۇ ۋاقىتتا نېمە قىلاتتىڭىز؟

— مەن ئۇ ۋاقىتتا تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم.

— ئۇنداق بولسا بىلمەيسىز.

— ئەمسە ھازىرقى ئاتلىرى ئوخشمايدىغۇ، ئۆزلىرىمۇ جىق ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلىلا؟

ــ ھازىرقى ئېيتىم ئاتام قويغان راست ئات، ئۇ ۋاقىتتىكى «تاۋيۈەن تەجرىبىسى» بويىچە سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيىگە قاتناشقان چوڭ-كىچىك كادىرلارغا ئوخشاش يالغاندىن قويۇۋالغان ئېيتىم ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى ئىسمنى بىرىەرگە ئەپكىلەلمەيۋاتىسىز.

ــ تاۋيۈەن تەجرىبىسى دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟

ــ ھەي بۇ گەپنى قىلساق بىر تاغار گەپ: قىسقىسى، يۇقىرىدىكى چوڭ كادىرلار شۇ چاغدا تۆۋەنگە چۈشكەندە خەقلەر ئۇنىڭ چوڭ كادىرلىقىنى بىلىپ قالسا سۈر بېسىپ گەپ قىلالماي قالىدۇ، بىخەتەرلىككىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ئىسىم-فامىلىسىنى ئۆزگەرتىدىغان، دېھقان بار يەردە ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېمەي، دېھقانلار بىلەن ئوخشاش يەيدىغان، پۇل بولسىمۇ بازاردىن بىرنەرسە ئېلىپ يېگىلى قويمايدىغان، ئۇچىسىغا يامىقى بار كىيىملەرنى كىيىدىغان، دېھقانلار بار يېزىغا يېقىن قالغاندا ماشىنىسىنى قايتۇرىۋېتىپ، يېزا-كەنتكە پىيادە كىرىدىغان بىر ئىش چىققان، شۇنى دوراپ ھەممە كادىرنى ئىسىملارنى ئۆزگەرتىشلار، دېگەندە بىز ئادەتتىكى كادىرلار، ئۆزگەرتىسەك، ئۆزگەرتمىسەكمۇ بىزنى كىم تونۇيتتى، دېسەكمۇ ئۇنىماي ئېتىمىزنى ئۆزگەرتكەن، ــ دېدى قېيۇم سابىر شۇ ۋاقىتتىكى سولچىللىق، شەكىلۋازلىقنىڭ ئىپادىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ.

ــ توغرا، توغرا، كېيىنچە بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر ھېلىقى قادىر زۇجاڭ دېگەن ئادەمنىڭ ئېتى قادىر ئەمەسكەن، ئۇ ئۇرۇمچىدىكى بىر مۇھىم ئىدارىدە باشلىق بولۇپ ئىشلەيدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. راستىكەندە.

قېيۇم سابىر ماشىنىدا كېتىۋېتىپ مۇئاۋىن ھاكىمدىن گۇلباغدىكى ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى، كىمنىڭ بار، كىمنىڭ يوقلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ مەھەممەت ساۋۇر دېگەن ماخوچىنى تونۇيدىغان-تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى، مۇئاۋىن ھاكىم:

ــ ئۇ ئادەمنى تونۇمامدىغان، ئۇئادەم ھازىرمۇ بار، خېلىلا قېرىپ قالدى. ھازىر ماخۇغا ئوغلى جۇماخۇن قارايدۇ، ــ دېدى ئۆزلىكىدىن تونۇشتۇرۇپ.

ــ جۇماخۇننىڭ تۇرسۇنخان دېگەن ئايالى بار ئىدى، ھازىرمۇ بارمۇ؟ ــ يەنە سورىدى قېيۇم سابىر، ئۇلارنىڭ كۆلكىلىك ئىشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ. مۇئاۋىن ھاكىم:

ــ شۇ ئايالى ھازىرمۇ بار، سىلى بۇ يەردىكى خېلى كۆپ ئادەملەرنى تونۇيدىكەنلا ئەمەسمۇ؟ شۇنچە يىللار ئۆتتۇيمۇ ئۇنتۇپ قالماپلا-ھە؟ ــ دېدى ھەيران قېلىپ. قېيۇم سابىر بۇ ئايالنىڭ جۇماخۇنغا يېگى تەگكەندە كۆنلەپ، قىلىپ يۈرگەن ئەخمىقانە ئىشلىرىنى قىسقىچە ھېكايە قىلىپ بەردى. مۇئاۋىن ھاكىم ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ دېدى:

ــ بۇ گەپلەر شۇ ۋاقىتتا سىلىدىن تاراپ كەتكەن ئىكەندە...؟ تۇرسۇنخان كىشىلەرگە: ھېلىقى قادىر دېگەن كادىر نەدىن ئۇقۇپ قاپتىكى، ئۇ ئىشلارنى قېيىن ئاتامغا دەپ قويۇپ، كېيىن مەھەللىمىزدىكى خەقلەر مېنى مازاق قىلىپ: تۇرسۇنخان

جۇماخۇن بىلەن تۇغمەنگە بىرگە بارماپسىزغۇ؟ جۇماخۇن تاغقا ئۇتۇنغا بارىدىكەن سىزمۇ بارامسىز؟ دېگەن گەپلەرنى قىلىپ ئاغزىمنى ئاچۇرمايدىغان بولدى، دەپ قاقشاپ يۈرگەنىكەن. سىلى قانداق بىلىپ قالغان.

— تۇرسۇنخان تولا كۆنلەمچىلىك قىلىپ ئۇرۇشۇۋەرگەندىن كېيىن جۇماخۇن بولالماي بىزنىڭ پېنىمىزغا ئەرز قىلغىلى كىرگەنىدە، بۇ ئىشلارنى پاكىت قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىركۈنى گەپتىن-گەپ چىقىپ قېلىپ مەن بۇ ئىشنى مەھەممەت ساۋۇرغا دېگەنىدىم. بۇ گەپ تاراپ كېتىپ قاپتۇ ھە، ئاپلا، — دەپ قالدى قېيۇم سابىر.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشتى. شۇيۈرمۇ كۈلۈپ كەتتى.

—ئۇلارنىڭ ھازىر ئۈچ بالىسى بار، جۇماخۇن ئاتىسىدەك چاغدا ئادەم ئوخشايدۇ. ھېچنەرسە بولمىدى. لېكىن تۇرسۇنخان يېشىغا باقماي قېرىپلا كەتتى. نېمە ئىشكىن دېسەك، جۇماخۇنغا «مۇداپىئە» قۇرىمەن دەپ خىيال بىلەن قېرىپتىكەندە؟ — دېدى مۇئاۋىن ھاكىم چاقچاق قىلىپ.

— ھاكىم ئۇ ۋاقىتتا سىز تېخى كىچىك، بىرنەرسىنى تازا ئاڭقىرىپ كەتمەيتتىڭلار، ئۇ ئاجايىپ زامانلار ئىدى. ھەممە يەرلەر «سولچىللىق» بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار بىرنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ تۇراتتى. ئادەملەر ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قىلغۇسى كەلمىگەن گەپلەرنى، قىلغۇسى كەلمىگەن ئىشلارنى مەجبۇرىي قىلاتتى. قىسقىسى بازاردىن موخۇركا ئېلىپ چەكسەك بولاتتى. لېكىن پاپىروس ئېلىپ چېكىشكە بولمايتتى. قېتىق، كەمپۈت، سامسا دېگەنلەرنى ئالساق بولمايتتى. لېكىن جىگدە ئېلىپ يېسەك بولاتتى. بىر قېتىم مەن ئىككى موچەنلىك كەمپۈت ئېلىپ قويۇپ ئىككى ھەپتىدە بىر ئېلىپ بارىدىغان «ئوغۇچىلىق» قا قارشى تۇرۇش ئۆگىنىشىدە ئۆزۈمنى تەكشۈرگەنىدىم، دېھقانلىڭ ئۆيىدە بىرنەرسە يەپ قويۇش دېگەن چوڭ ئىش ئىدى، مەيدان مەسىلىسىگە، يول مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلاتتى. لېكىن بىز شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ دېھقانلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك بولۇپ كەتكەن، شۇڭا بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئىسمى-فامىلىسى، بالا-چاقىلىرى ئەمەس، ئۆي ئەھۋالىنىمۇ پىششىق بىلىپ كەتكەنىدۇق، — دېدى قېيۇم سابىر مۇئاۋىن ھاكىمغا شۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ.

ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق يول مېڭىپ گولباغقا كېلىپ قالدى.

چوشلۇك تاماققا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن، قېيۇم سابىرنىڭ بۇ يەردە بېجىرىدىغان ئىشى بولمىسىمۇ، شۇ يەرنىڭ يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبىرىي كادىرغا خىزمەت دوكلات قىلىدىغان ئادىتى بويىچە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ «يولىيورۇق» بەرسىلە، دېگەنلىرىگە قارىتا ئىشلىرىڭلار «ياخشى» كېتىۋېتىپتۇ دېگەن بىلەن گەپنى تۈگەتتى.

تاماقتىن كېيىن قېيۇم سابىر، مۇئاۋىن ھاكىم، يېزا باشلىقى، يېزىلىق پارتكوم

شۇجىلىرى بىلەن بىللە بۇرۇن ئۆزى تۇرغان كەنت گۈلباغقا باردى. بۇ ئارىلىقتا بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بولغانىكەن، ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياش، ياش ۋە بىر قىسىم ئاياللارمۇ كەنت ئىشخانىسىغا بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا كىشىلەر توپلىشىپ كەتتى. قېيۇم سابىر ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى. ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىرىنچى بولۇپ مەھەممەت ساۋۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن قېيۇم سابىر دەرھال ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ كەتتى. ھەممە ئادەم بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ كۆز ياشلىرىنى يەڭلىرى بىلەن ئېرتىشتى. مەھەممەت ساۋۇر بولسا رەسمىي يىغلىغانىدى. ئۇ قېيۇم سابىردىن ئاجراپ ئىككى مەگزىگە ئېقىپ چۈشكەن خۇشاللىق ياشلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى.

قېيۇم سابىرنىڭ بۇ يەردىكى بۇنداق تونۇشلۇق دوستلۇق-يېقىنچىلىقىدىن ھەيران قېلىشقان مۇئاۋىن ھاكىم، يېزا باشلىقى، پارتكوم شۇجىلىرىمۇ بىر-بىرىگە قاراشقانچە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى. قېيۇم سابىر ھەممىگە تەڭ قاراپ چىققاندىن كېيىن بىر-ئىككى كىشىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندەك قىلىسمۇ دەرھاللىققا كىملىكىنى ئەسكە ئالالمىدى، بىردىنلا قاۋۇل قاسىمنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇلاردىن سورىدى.

— ئۇ رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتتى، — دەپ جاۋاب بەردى مەھەممەت ساۋۇر.

— ئۇ تېخى ياش ئىدىغۇ؟ — ھەيران قېلىپ سورىدى قېيۇم سابىر.

— كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۇنى ئۇنتۇماپلا ھە؟ ئۇنىڭ گېپى توغراق بولغان بىلەن كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ئادەم ئىدى. شۇڭا ئەسلىرىدە مەھكەم ئورۇنلىشىپ قاپتىكەندە، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر يەنە.

— ئىشىمىزنى تۈگىتىپ شەھەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەندە بىر قېتىم ئۇ شەھەرگە بېرىپ يېرىم كۈن ئىزدەپ مېنى تېپىپ، — سىلىنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، دەپ بىر سېۋەت توقاچ شاپتۇل ئېلىپ كەلگەنىكەن. مەن بولمايدۇ، ھازىر يەنىلا شۇ ئىنتىزام بار دېسەم، ئەمىسە بەش موچەن بېرىپ «سېتىۋالسىلا» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئاران دېگەندە ئۇنى ئۇنىتىپ شۇ ۋاقىتتىكى بازار نەرقىدىن ئەرزانراق بولسىمۇ ئىككى يۈەن بەردىم. قانداقچە قىلغىنىنى بىلمەيمەن، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغانىدىم، ياتقىمدىن چىقىۋېتىپ بەش موچەننى ئېلىپ، بىر يېرىم كويىنى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ كېتىپتۇ، ئاخشىمى ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا بۇ ئىشنى ئاندىن بىلدىمە، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىدىن قاتتىق سۆيۈنگەنىدىم. كۆڭلۈمدە بولسا دېھقان خەق دېگەن يالغۇز ئەمگەكچان، جاپاكەش بولۇپلا قالماي يەنە پاك-ۋىجدانلىق، كۆيۈمچان رەھىمدىل كېلىدۇ، دەپ قالغانىتىم. ئۇ رەھمەتلىك ياخشى ئادەم ئىدى. ئەلھۇكمىللا، — دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ. قېيۇم سابىرلار دېھقانلار بىلەن پاراڭغا چۈشكىلى تۇرۇۋېدى، كەنت باشلىقى كادىرلارنى

كەنت ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، دېھقانلارنى ئەمدى تاراتقىلار، دېدى. دېھقانلار تارالغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ۋاقىتنىڭ ... قىيۇم سابىر مەھەممەت ساۋۇر بىلەن بىرگە ئۈچ دېھقاننى ئېلىپ قېلىپ كادىرلار بىلەن بىرگە ئىشخانىغا باشلىدى. كەنت باشلىقى بۇنداق قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمىسىمۇ، بىرنەرسە دېيەلمىدى. قىيۇم سابىر كەنت باشلىقىنىڭ بۇ خىيالىنى سەزگەندەك قىلىپ:

— بىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدىغان ئىشلار بولسا بۇنىمۇ ئاڭلايمىز، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار كەتسە بولىدۇ، — دەپ قويدى.

ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلىق قىلىپ قويغان مېۋىلەرنى يېگەچ پاراڭغا چۈشكىلى تۇرغاندا قىيۇم سابىر ھاجەتكە چىققان بولۇپ، مەھەممەت ساۋۇرغا «سىرتقا چىق» دېگەن ئىشارەتنى قىلىپ قويدى. لېكىن قىيۇم سابىر قوزغىلىشقا مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن كەنت ياچېيكا شۇجىسى تەڭلا قوزغىلىپ مەھەممەت ساۋۇردىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى.

— قىيۇم سابىر:

— سىلەر چىقمىساڭلارمۇ بولىدۇ، مېنىڭ مەھەممەت ساۋۇر بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدىغان بىر-ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئىزاھلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئورنىدا ئولتۇرۇشتى.

قىيۇم سابىر بۇگۈنلا يەنە ناھىيىگە قايتىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇھەممەت ساۋۇر بىلەن پاراڭ قىلىشىۋالمىسا، باشقا پۇرسەت تاپالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، شۇنداق قىلغانىدى.

## 15

ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشخانا ھويلىسىنىڭ ئېتىزلىققا تۇتىشىدىغان تېمى تەرەپكە مۇھەممەت ساۋۇرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇدۇللا:

— زۆھرەخان ئاچام بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ رەھمەتلىك بۇلتۇر تۈگەپ كەتتى، — دېدى مۇھەممەت ساۋۇر.

— كېسەل بىلەنما؟

— شۇنداق، ئۇ مەزلۇم يىتىپ-قوپۇپ يۈرگىلى ئىككى يىلدەك بولغانىدى، بۇلتۇر ئەتىيازدا تۈگەپ كەتتى.

— نەچچە ياشتا چىقىپتۇ؟

— 75 ياش دېگەن ئوخشايدۇ.

— سىلى نامىزىغا بارغانلا؟

— بارمامدىغان، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا ئىككى قېتىم بېرىپ يوقلاپ كەلگەنىدىم.

— سىلىگە بىرنەرسە دېمىدىمۇ؟

— كېيىنكى بارغىنىمىزدا يېنىمىزدا ھېچكىم يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، زۆھرەخان: مۇھەممەت ساۋۇر، مەن ئەمدى ئۆرە بولالمايدىغان ئوخشايمەن، مېنىڭ تارتىشىدىغان ھېچكىمىم يوق، بىرەر غېمىممۇ يوق، لېكىن بىر ئىشنى ئويلىسام سەل خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، سىلى ماڭا چوڭ چاتاقتىن بىرنى تېرىپ بېرىپلا، ئاڭلىسام ھېلىقى قادىر دېگەن كادىرىمىزنىڭ ئېتى ئەسلى قادىر ئەمەس ئىمىش، ئۇ بىزنىڭ ھاكىملىدىنمۇ چوڭراق كادىر ئىمىش، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندە چوڭ كادىر دېسە، دېھقانلار قورقۇپ، سۇر بېسىپ، پىكرى بولسا بېرەلمەيدۇ دەپ شۇنداق ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىگە كىرىپ، كىچىك كۆرۈنۈپ يۈرگەنىكەن. ئۇ بىزنىڭ قۇناخۇن بىلەن بولغان ئىشىمىزنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە بىلىۋېلىپ، يېزىپ كەتكەنىدى. بۇرۇنمۇ ئانچە قىلىپ كەتمىگەنىدىم. بۇ قېتىم كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشلارنى دەپ يۈرگەنگە پۇشايمان قىلىپ قالدىم. دەپ بەرمىسەك بوپتىكەن دېگەن ئوي كاللامغا كىرىۋالدى. بۇ ئىشلار قاچانلا بولمىسۇن يېيىلىپ كەتسە، بۇ دۇنيادىكى خەق نېمە دەر، ئۇ دۇنياغا بارغاندا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن، دېگەن غەمدە قالدىم. بىر تۇرۇپ ئۇ بالا بىزنى پاھىشۋازلارنىڭ ئۆلگىسىكەن دەپ قالارمۇ، دەپ كېتىمەن، بىر تۇرۇپ ئۇ خېلى ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرىدىغان كادىردەك قىلىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بىزنى تېخى غېرىب-سەنەم، تاھىر-زۆھرەگە ئوخشاتقان، ئۇنداقمۇ ئويلاپ كەتمەس دەپمۇ قالىمەن. يەنە تۇرۇپلا، ئۇ سېنى شۇ ۋاقىتتا سۆزلىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق گوللاپ ماختاپ قويغان بولمىسۇن دەپ قالىمەن، ھەممىنى قىلغان سىلى، مەن شۇ ۋاقىتتا ھېچ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايمەن دېسەم، بەختاخۇنغا ئۇۋال بولىۋاتىدۇ: سىلى گۇۋاھلىق بەرمىسە، ئۇ بىچارە بىكاردىن-بىكار قارىلىنىپ كېتىدۇ دەپ ئېغىز ئاچۇرۇپ، ئاخىردا ئىشنى يوغىنىتىپ دېمىگەن گەپ، يازمىغان خەت قالمىدى، دەپ ھەم قۇناخۇن بىلەن بولغان ئىشنىڭ يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى، ھەم مېنىڭدىن ئاغرىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن: زۆھرەخان، سىلى ئۇنداق ئويلاپ كەتمىسىلە، سىلى ساپ ئايال، ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك ئايال، مۇھەببەتكە سادىق ئايال، ئۇ ئادەمنىڭ مۇھەببەتكە سادىق ئايال بىلەن شاللاق، بۇزۇق ئاياللارنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار، ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ ئىككىڭلاردەك ئاشىق-مەشۇقلارنى مەيلى ھۆكۈمەت، قانۇن، ياكى خەلق بولسۇن بۇزۇقلار دەپ قارىغىنى يوق. شۇڭا ئاخىرەتتىمۇ سىلىگە سوراق كەلمەس دەپ ئۆزۈم بىلگەن گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ قويغانىدىم. مەن چىقىپ كەتكىلى تۇرغاندا زۆھرەخان: مەن ئۇ بالامنىڭ ماڭا سىلى دېگەندەك توغرا قارىشىغا ئىشىنىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا دەپ كۆز يېشى قىلدى، — دېدى مۇھەممەت ساۋۇر ئاخىرقى بۇ گەپنى ئۆزى ياساپ چىقىپ.

— ئەمدى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى يازسام بولىدىكەن-ھە، — دېدى قېيۇم سابىر، ئۇلارنى ئۆيگە قايتىپ كىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مۇئاۋىن ھاكىمغا مانا، ھازىر دەپ ئىشارە قىلغاچ.

— بۇ دېگەنلىرىنى چۈشەنمەي قالدىمغۇ، — دېدى مۇھەممەت ساۋۇر.

— زۆھرەخان ئاچام بىلەن بىز كېتىدىغان چاغدىكى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە مېنى ئۈزىتىپ چىقىۋېتىپ: — بالام، ئاڭلىسام مۇھەممەت ساۋۇرغا بۇ ئىشلارنى كېيىن ھېكايە قىلمەن دەپلا، ھېكايە دېگەننى بىلمەن، ھېكايە دېگەننىڭ يېرىمى راست، يېرىمى يالغان بولىدىغان نېمە، ئادەملەرنىڭ ئېتىنى ئۆزگەرتىم دېگىنى بىلەن، شۇنىڭغا يېقىنلا ئاتلارنى قويىۋالغاچقا يەنىلا چاندۇرۇپ قويۇشىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنداق قىلمىسىلا، ئەگەر زادى يازغۇلىرى كېلىپ كەتسە، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يازسىلا، بۇ ئىشلارنى مەنمۇ ئاڭلىماي قالاي. خەقلەرمۇ نەدە بولغانلىقىنى بىلمەي قالسۇن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاندىن ھېكايە بولىدۇ، قانداق، ھېكايىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمدىكەنمەن دەپ جېكىلىگەنىدى، — دېدى قېيۇم سابىر مۇھەممەت ساۋۇرغا ئىزاھلاپ ۋە، — بۇ ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئىدى، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

— سىلىمۇ قۇناخۇندەك، ئۇ خوتۇنىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانمۇ نېمە، ئەمدى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندايمەن دېگىلى تۇردىلىغۇ، — دېدى مۇھەممەت ساۋۇر ئەمدى بىرمۇ چىشى قالمىغان كومۇك ئېغىزىنى هاڭدەك ئېچىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئەمەس، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىش دەيمىز، — دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭ غولىغا قېقىپ قويۇپ.

— مەيلى، ئەمدى ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ تۈگىدى، نېمە قىلمەن دېسىلە ئۆز ئىختىيارلىرى. مېنى يازسىلا، يازىۋەرسىلە، مېنىڭ قورقىدىغان يېرىم بولمىغاندىن كېيىن، — دېدى ئۇ مەردانىلارچە قىياپەتكە كىرىپ، — ھاكىم سىلىنى ئالدىرىتىپ كەتتى، گەپلىرى تۈگىسە مەن كېتەي، سىلى ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرسىلە، بۇ قېتىم ئوبدان كەپلا. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرى يېرىم يىلدىن ئارتۇق تۇرغان جاي، هازىر ھەممىزنىڭ ھال-كۈنى ياخشى بولۇپ قالدى. ئەمدى بىر ۋاخ تاماق ئۈچۈن ئۆزىنى تەكشۈرىدىغان ئىشلار بولمىغاندىن كېيىن، بىر، ئىككى كۈن تۇرۇپ مېھمان بولۇپ كەتسىلە، ھەممەيلەننىڭ سىلىنى بەك كۆرگۈسى كەلدى. ھۆرىخانمۇ سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، قادىر زۇجاڭنى ئۆيگە باشلاپ كېلىڭلار. بىزمۇ كۆرۈشەيلى دەپ قايتا-قايتا دەپ كەتتى، — دېدى مۇھەممەت ساۋۇر خوشلىشىش ئالدىدا.

— قېنى قاراپ باقايلى، بەلكى بۇگۈن كەچرەك بولسىمۇ كېتىمىزغۇ دەيمەن. ناھىيىدە ھەمراھلىرىم قالدى. مېنىڭ بۇ يەردە باشقا ئىشىم يوق ئىدى. پەقەت ھەرقايسىلىرىنى يوقلاپ، بىر كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم، يۈز كۆرۈشتۇق، ئەگەر پەتلەپ بارالمىساق خاپا بولمايلا، كۆرگەن-بىلگەنلەرگە سالام دەپ قويسىلا، — دېدى قېيۇم سابىر ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ ئۇزاقىچە قول سىقىشىپ.

1995-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر | ئارسلان ئالىپ

قه‌لبنۇر ئابلىمت

# ئاخىرقى تاللاش

(هېكايه)

— سىز مېنىڭ ياز ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزۇم، باهاردىكى ئاپئاق بۇلۇتۇم، كۆزلىرىڭىز سۈزۈك بۇلاق، چاچلىرىڭىز دەريا سۈيىدەك دولقۇنلۇق. ئۇماق كۈلكىڭىز قەلبىمنى ياشارتقۇچى يېقىملىق ناخشا... مەن مەڭگۈ سىزگە مەنسۇپ، گۈزەللىكىڭىز ماڭا...

مانا بۇ مەن بىرىنچى قېتىم كۆڭۈل بەرگەن يىگىتنىڭ هەر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا تەكرارلاۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن كىتابىي سۆزلىرى. مەن تۇرلۇك باهانە سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتتىم...

خېلى مەزگىللەر ئۆتتى. كېيىن بىر دوستۇمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باج ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئېگىز بويلۇق يەنە بىر يىگىت بىلەن ئارىلىشىپ قالدىم.

تەبىئەت سۈت بىلەن يۇيۇلغاندەك گۈزەل ئايدىڭ كېچە. كۆل بويىدىكى يېشىل چىملىق. سۇ يۈزىدە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى كىشى قەلبىدە ئاجايىپ شېرىن هېسلارنى قوزغايتتى. ئۇ يۈزلىرىمنى سىلىغاچ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، تويدا بېشىڭىزدىن ئايىغىڭىزغىچە ئالتۇنغا پۈركۈۋەتمىسەم... ئۆي جاهازلىرىنى ئىچكىرىدىن ئەكەلدۈرىمەن... تويدىن كېيىن ئىشلىمەي چىرايلىق ئۆيدە بولسىز، مەن ئۈچ قەغەز ئۈچۈن خوتۇنغا بور توزانلىرىنى يېگۈزىدىغان چۆپە يلەردىن ئەمەس. دادامدەك خوجايىننىڭ بىساتى هەم مېنىڭ ئىشتىن سىرتقى تاپاۋىتىم قانداقسىگە خەجلىسەكمۇ يېتىدۇ. مەن ئاز ئۆتمەي بىر كاتتا زاتقا كۈيئوغۇل بولىمەن... مېنى سۆيۈپ قويۇڭ، جېنىم!

مەن تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭغا قادالغان كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي هەممە نەرسىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان بۇ «مەرد» يىگىت بىلەن ئىككىمىز قارىمۇ قارشى ئىككى يۆلىنىش بويىچە يول تۇتتۇق...

دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۆتكۈزۈلگەن كۆكۈل ئېچىش پائالىيىتىدە تونۇشۇپ قالغان تەرجىمان يىگىت كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈندى. باردى-كەلدى قىلىشىمىز خېلى قويۇقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇددىئاسىنى ئېنىق ئېيتالماي، تارتىنىپلا تۇراتتى.

بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزمۇ ئىككى-ئۈچ جۈملىلىك سوئال-جاۋاب بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن... مەن دۇنيادا ئاپامنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى مېنىڭ بۈگۈنۈم ئاپامنىڭ ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇش بەدىلىگە كەلگەن. لېكىن ھازىر ئاپام كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. پۈتىمۇ ئاجىز. ئەگەر شۇ بىچارە ئاپامنى قەدىرلەيدىغان قىز بولسا، مەن بارلىقىمنى شۇ قىزغا بېغىشلار ئىدىم...

ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كېيىنكى سۆزلىرىنى ئېيتالماي قالدى. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەنىدى. ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا قارىغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل شېرىن سېزىم چۇلغىۋالدى. ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدىم...

بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاللىشىم ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئوسمانجان ساۋۇت

# مېنىڭ ۋەسلىم خۇشتارلىقنىڭ زېمنى

## ئدىقۇت

بر تالاي ئەسرگە گۇۋاھ ئدىقۇت
ئۆرۈلمەس قەلئەلەر كەتسمۇ سزىپ.
قەدىمي بر روھلار ئوقۇيدۇ دۇرۇت
ئشكى ئېچلغان دىللارنى كېزىپ.
دېيىلەر ئۆزەكسز ھېكمەتنى ئۇنتۇپ،
ئىچ لېكن توپراقتن تۇتيا ئىزىپ.

كەچمشلەر قوينىدا نۇرغۇن چېگش بار،
ھېچكمگە ئاي ئەمەس ئۇنىڭ سرلرى.
تاملارنىڭ تلى يوق، سۆزلمەس زنھار،
دېمەككى سۇنمايدۇ سرنىڭ قىرلرى.
يىللارنىڭ ئىزنى قىلاي دەپ ئىزھار،
تلسمنى تلىدۇ تلسم پىرلرى.

ئدىقۇت سەن بلەن قالدىم سۆزلشىپ،
بر سۆزۈك ئۇيۇقنى بەردىڭ دەل ماڭا.
تەنلرىڭ تېنمگە كەتتى ئۆزلشىپ،
تەگداشسز قسمەتلەر يار ئىكەن ساڭا.

چالملار ياتىدۇ كۆكنى كۆزلشىپ،
ئالتۇنۇ جاۋاھر تەڭ كەلمەس ئاڭا.

يۈرەكلەر مۆھرى بار سەندە ئەي توپراق،
سېنى دەپ ھەمشە بولمز ئادا.
ئەجدادلار ئاھىغا سالمەن قۇلاق،
ھەر يەردىن چقىدۇ ھەيۋەتلك سادا.
پەخرلەن ئەۋلادىم، منسەن بۇراق ①
بالقلار ئۈستگە باغرىڭنى قادا.

خانلارنىڭ خۇي-پەيلى قىزىل گۈل بولسا،
قەلبمدەك قەلئەلەر بولارمدى گۇم.
كۆزلەرگە قان تولماي تاڭ نۇرى تولسا،
قىياقلق چمەننى باسارمدى قۇم.
يالغان ۋە ھەسەتلەر ساماندەك سولسا،
دىللاردا مۇز تاغدەك ئۇيارمدى غۇم؟

ھېچقانداق تۈگمەس كۆيدەك ئدىقۇت،
پېژغىرىم ئاپتاپتەك قويۇلدۇڭ جانغا.
ھېكمەتلك ئۇيلارنى سالدىڭ تېگى قۇت،
بر ئلھام چاپچىدۇ تومۇردا، قاندا.



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتغا قوبۇل قلىنغان ئەسەر

① پەيغەمبەر منگەن دۇلدۇل.

قۇياشنىڭ كۆزىگە قارىدىم مەزمۇت،
ئۇندا سەن چۆكۈپسەن دەريايى شانغا.

ئىدىقۇت، ئىدىقۇت، ئەزىز ئىدىقۇت،
ئۆلگەن بىر ئەسىرنى تىرىلدۈردۈڭ سەن.

ئىدىقۇت گۈزەللى ئاق چېچەك مەرغۇپ،
كۆڭۈللەر تۆرىگە تىزىلدۇردۇڭ سەن.
ئالىي بىرنە سەپتىن يايراپ كەتتىم خوپ،
نەزمەمنىڭ كۆكىگە كۆتۈرۈلدۈڭ سەن.

1996-يىل 28-سېنتەبىر، تۇرپان

## كونا كۆزلەر

كونا كۆزلەر، ئاسقىماڭلار كېتىشكە،
دۇنيا خىرە بىزلەر ئۈچۈن سىلەرسىز.
بولار ھەردەم مەنزىللەرگە يېتىشكە،
تېخى بالدۇر، خوشلاشمايلى بىز ھەرگىز.
بىز جاۋابكار يوچۇقلارنى ئېتىشكە،
ئەجەل كىرمەس قەسرلەرنى سالدۇق بىز.

ئالدىڭلاردا تاي-تاي باستۇق ھەممىمىز،
مېھرىڭلارغا تويدۇق تاشتىن تاغ بولدۇق.
قەلبىڭلەرگە چىك چاپلاندى قەلبىمىز،
ياپراق ئىدۇق، ھارارەتتىن باغ بولدۇق.
ئارچىلارنى ئەسكە سالدى قەددىمىز،
قامقاقلارنىڭ يۈرىكىدە داغ بولدۇق.

بېشىمىزنى سىيلاپ ئۆتتى خىزىر قول،
شور تۆكۈلدى قەۋەت-قەۋەت ماڭلايدىن.
ئەتىرگۈلگە تولۇپ كەتتى ئۇچۇسۇل،
تەمى كەتمەس سۆزۈڭلەرنىڭ تاڭلايدىن.
پېشىڭلارغا تۇتاشقاندۇر داغدام يول،
بەلگە قويغان يېرىڭلاردا تاڭ، ئايدىڭ.

باغرىڭلاردا باردۇر ئاتا-ئانىمىز،
تەگدىشى يوق دىلى كۆيۈك، شەپقەتلىك.
بار سىلەردە شەرىپىمىز-شانىمىز
ۋە جەننەتنىڭ دەرەخلىرى شەربەتلىك.

كۆزىمىزدە كۆزۈڭلار بار، يانىمىز،
سىلەردىكى ھەممە نەرسە بەرىكەتلىك.

مۇزئارتلارنى بۆلمەك بولساق ئىككىگە،
كەينىمىزدە يۆلەپ تۇرغان سىلەر بار.
تاڭ كۈيىنى ئۆگەتكەندە كېچىگە،
ئىشكىلەردە تۇرسىلەر خوپ بىدار.
دۇئايىڭلار دەل تېگىدۇ كىشىگە،
تەگرى دەملىك ئۇدۇمۇڭلار زۇلپىقار.

تالا-تۈزدە قارىساڭلار قايرىلىپ،
كۆچ ئالىمىز، تاغۇ تاشنى تىلغايمىز.
بىرىڭ كەتسەڭ، بىر ئالەمدىن ئايرىلىپ،
كۆز ياش دېڭىز، كۆز ياش دېڭىز يىغلايمىز.
شۇنداق كېتەر بىسلىرىمىز قايرىلىپ،
ياق سىلەرنى قىيالمايمىز، قىيمايمىز.

كونا كۆزلەر، ئاسقىماڭلار كېتىشكە،
دۇنيا خىرە بىزلەر ئۈچۈن سىلەرسىز.
يىگىنە كېرەك زەردىن زەرتون تىكىشكە،
ئېسىل سىلەر شۇڭا ئېسىل ئوغۇل-قىز.
تەشنا بىزلەر ھامان ھېكمەت ئېمىشكە
گۈل كۆركىگە ئانا دايىم ئوق يىلتىز.

1996-يىل 4-نويابىر، ئۈرۈمچى

## سېغىنىش

* *

ھۆسن كىرگەن بوشلۇقلاردا تۇرسەن يالغۇز،
چۈشىنىشلىك ھالىڭ سېنىڭ ماڭىلا پەقەت.
چۈشلىرىمدە تەگدى ئاخشام ۋە بولدى يالپۇز
تۇرنىلارنىڭ قانتىغا ئۆزۈڭ ئاسقان خەت.
قۇياش باغرى سېنىڭ باغرىڭ چۈشتى باغرىمغا،
توزۇپ كەتتى دوستلار دىلغا قوندۇرغان ھەسرەت.
يادىڭ سېنىڭ كەۋسەر تەمى بەردى ئاغزىمغا،
كۆتۈرۈلدى ھوشلىرىمدىن مەڭگۈگە غەپلەت.
كەتمىشلەرنىڭ كەلمىشلىرى ئالەمدە بەرھەق،
بۇنچە ئۆزۈن بولمىسمۇ بولاتتى ھىجران.
ئۇنىڭ سالغان ئازابلىرى دەھشەت نەقمۇنەق
چىدىمايدۇ ھېسلار ئاڭا، چىدايدۇ ۋىجدان.
سۆيگۈ بىلەن ياشاش پەرھىز تۇرسا بەندىگە،
سۇنئەت بىلىپ ئۇنى قانداق ياشايمىز دىلدار؟
شاھانە تون ئايلانسا گەر جۇل-جۇل جەندىگە،
قىيامەتلەر كۆزنەكلەردىن ئاچامدۇ دىدار؟
قاقىرىلار پەرلىرىڭنى تاراپ قويايمۇ
ئاتلانغاندا ھەيۋەت بىلەن يىراق سەپەرگە.
ئۇنلىرىڭنى سېغىنىشىم، مۇڭغا ئورايمۇ
بەلگە تاشلاپ ئۆتكىن ساڭا ئېيتقان شەھەرگە.

1996 - يىل 5 - نويابىر، ئۈرۈمچى

* *

مەن تۇرىمەن بوسۇقتا ئىزا چېچىپ،
ئىشىكىڭنى مىڭ تەستە قىيا ئېچىپ.
ئاي ماڭلىيىڭ نۇر چاچتى مەن تەرەپكە،
كەتتىم گويا شۇ تاپتا زىيا كېچىپ.
كىپرىكىڭنى نەلەرگە تاشلىۋەتتىڭ،
خۇش خۇيلۇقنى دەرھاللا باشلىۋەتتىڭ.
رۇھىم ئۆزرە تاڭ ئاتتى زەپمۇ ئايپاق،
ئېرىپ كەتتىم، كۆزلەرنى ياشلىۋەتتىڭ.

بۇدەملەرنى ئۇنتايمەن قانداق قىلىپ،
سەن يوق يەرنى قالىمەن دوزاخ بىلىپ.
تەگدىن تولا ئۆمرۈم ئۆتتى، ئەمدى
يۈرەكلەرنى كەتمىسۇن ھىجران تىلىپ.
ئىشىكىڭنى ھەر كۈنى ئاچاي قىيا،
تۇرغىن كۈلۈپ، دىلدارىم، تۇرغىن كۈلۈپ.

1996 - يىل، 6 - نويابىر، ئۈرۈمچى

*　　*

ھەرنە سۆز ئەگىشۇر كەينىمدىن،
ئازماستىن كېلمەن ئەينىمدىن.
ھەر نېمە دېيىشسۇن خالايىق
كۆكلەملەر ياغدۇ پەيلىمدىن.
تىلسمۇ نەشتەرلەر يۈرەكنى،
كەتمەيدۇ كەۋسەرلەر لەيلىمدىن.
ئاشىقمەن دوستلىرىم سىلەرگە،
جەننەتلەر تۆكۈلەر مەيلىمدىن.
لاي ئاقماس ھەرگىزمۇ نەھرىمدىن،
نۇركەتمەس تولۇنئاي بەھرىمدىن.
قۇياشتەك يانىدۇ روھىمۇ،
چاڭ قونماس ھېچكىمگە قەھرىمدىن.

1996 - يىل 6 - نويابىر، ئۈرۈمچى.

## دىل ئەمرى

مەن سېنى ئۇلۇغلاپ تۇرىمەن ئەركەم،
ئېتىڭغا قوشمەن ئالىي سۈپەتنى.
كۆركى بار سۆز چىققان قەلبلەر كۆركەم،
شۇ ھېكمەت بويىچە تاللا ئۇلپەتنى.

كۆزۈڭنى يۇلتۇزغا ئوخشىتىپ دائىم،
ئۆزۈڭنى قۇياشقا، ئايغا تەڭ دېدىم.
ئەيىبىڭ ئۇچۇنمۇ يانمىغان رايىم،
دوستىغا دوستىنىڭ كۆكسى كەڭ دېدىم.

باغرى كەڭ دىللاردا كەزگەيسەن ھامان،
ئاپتاپتەك ھېسلارغا پۈركەيمەن سېنى.
بىر زەررە مېھرىدىن چاقنايدۇ جاھان،
مىڭ زەررە مېھرىڭگە غەرق قىل مېنى.

1996 - يىل 7 - نويابىر، ئۈرۈمچى

*　　*

چىمەنلىك يوللار، ئۇچقۇراپ گويا يەلدەك ماڭسەن،
بىپەرۋالىق كەيپىڭدە، يوللاردا تۇغۇلغان بالسەن.
ئوتقاشتەك يانغان يۈرەكنى، تاشلاپ قويدۇم ئالدىڭغا،
دەسسىمەيسەن ئېھتىمال، ئالقىنىڭغا ئالسەن.
شۇندا ئېيتار ئۇ ساڭا ساقلاپ كەلگەن سىرىنى:
(سىر ئىماندۇر ھاياتتا، نوچىلىقنىڭ گېمىنى.)
تاغلاردىن ئالدىم يۈكسەكلىك، باغلاردىن ئالدىم شەربەتنى،
مېنىڭ ۋەسلىنىم مەڭگۈلۈك خۇشتارلىقنىڭ زېمىنى.
چايقاتما ئۇنى چايقاتما، نۇرلارنى تۆكۈپ ئالسەن،
تۆكۈۋالساڭ ناۋادا ھەممىدىن قۇرۇق قالسەن.
ئەڭ يامىنى زۇلمەت قونار ئۆزۈڭ ھەمدە كۆزۈڭگە،
ئۇ چاغدىچۇ ئۇ چاغدا ئەركىمنى ئالغان لېۋەنىم،
تىمسقلاپ، تەمتىرەپ زۇلمەتتە نەگە بارىسەن؟

1996 - يىل، 7 - نويابىر، ئۈرۈمچى

* *

ئەستى سەلكىن، كۆز ياپرىقى تۆكۈلدى،
تەپچەپ تىككەن تىكىشلىرىم سۆكۈلدى.
بۇلۇتلارغا باش تەگكۈزگەن تاغلارغا
پۈكۈلمىگەن بۇ بەللىرىم پۈكۈلدى.
ياپراق سېنىڭ تېخى كۆڭلۈڭ توشمىغان،
سېنى ھېچكىم خازانلارغا قوشمىغان.
نەزەرىمدە يېشىللىقنىڭ يۇمرانى،
ئىدىڭ گويا ئۆمرۈمگە ئوخشىغان.
كۆمۈلسەن تۇپراقلارغا تۆكۈلۈپ شان،
ياپراق بولماي ياپراقلارغا بولۇپ جان.
تاڭلا كۆكلەم ياپراقلار چاقنايسەن
يېشىل ھۆسن، يېشىل جىلۋە جانجان.

1996-يىل 10-نويابىر، ئۈرۈمچى

## رۇبائىيلار

1

ئايرىلدۇ سىردىن ھامان سىرلىق تىجارەت،
كونىرايدۇ يەل-يېشىندىن يېڭى ئىمارەت.
بورانلاردا كۆلدەك توزار مىسقال يالغاندىن
قان-ياش بىلەن ئۈيۈپ پۈتكەن پاتمان ئىناۋەت.

2

تامچە سۇغا تەڭ ئەمەستۇر دېڭىز رىۋايەت،
نىقابىنى ئالۇر ئالەم يۈزدىن نىھايەت.
ۋاقىت دېگەن ئادىل ھەكىم، بىلىنەر ھامان
بېلىق قارنى پاناھ بولغان قىلدەك خىيانەت.

3

سۈتتەك ئاق دېدىڭىز قارامنى ئانا،
نۇردەك ساق دېدىڭىز يارامنى ئانا.
ئالەمنىڭ چىرايى ئېسىڭىزدە يوق،
كۆلكەمدىن ئالدىڭىز ئارامنى ئانا.

4

داۋانلىق يوللاردا ئاستا كېلىمىز،
يول پۈتمەس، پۈت تۈگەر بۇنى بىلىمىز.
ئويلايمەن ئەجەلمۇ چېقىلماس بىزگە،
ھەمىشە بولسا بىر تىل ۋە دىلىمىز.

5

يۈرىكىم، كۆز نۇرۇم، باغرىم ئانا يەر،
ھەسرەتۇ دەردىڭنى پەقەت ماڭا بەر.
ھەر زەررە تۇپاڭدا ھەر تامچە قېنىم،
سەن ئۈچۈن مەيداندا بىر جېنىم مىڭ ئەر.

6

باغنى ئاچتى مەرد باغۋىنىم بارايلى بىللە،
ئالمىلارغا شەربەت بولۇپ تارايلى بىللە.
ئالما بىلەن بىللە كىرىپ ئالما ئۆيلەرگە،
ئالما يارنىڭ ئالما لېۋىن يارايلى بىللە.

7

جەننەت دېگەن ئانا سىزنىڭ ئاياغىڭىزدا،
ھېكمەت دېگەن تۇتقان ھاسا-تاياقىڭىزدا.
ئىبادەتكە كېلەر بولدى ئاسمان ۋە زېمىن
كۆرسىتىڭچۇ، قېنى قىبلە قاياقىڭىزدا؟

1996-يىل 10-نويابىر، ئۈرۈمچى

مۇھەممەت روزى

# ياشايمەن ھايات بىلەن چاقچاقلىشىپ

## كۈز لىرىكىسى

(ئابدۇللا ئارىپوۋغا تەقلىد)

شىلدىر-شىلدىر تۆكۈلىدۇ غازاڭلار،
ئۇچۇپ كېتەر تەمتىرىشىپ نەگىدۇر.
ياق، دوستلىرىم غازاڭ ئەمەس بۇ مېنىڭ
ھاياتىمنىڭ تۇزۇۋاتقان بەرگىدۇر.

قۇشلار كۆيى جىمىپ قالغان باغلاردا،
پىشىلغەندەك كۈز كېلىپلا خۇمارى.
ياق دوستلىرىم كۈي ئەمەستۇر بۇ مېنىڭ،
ئارمىنىمنىڭ سۈكۈت باسقان شۇئارى.

پىلىلدايدۇ ھارغىن قۇياش سامادا،
كۆيدۈرەلمەس ۋۇجۇدلارنى ئۇ پەقەت.
ياق، دوستلىرىم قۇياش ئەمەس بۇ مېنىڭ
ياشلىقىمدا قالغان سۆيگۈ-مۇھەببەت!

### ياشايمەن ھايات بىلەن چاقچاقلىشىپ

چاقچاقتىن ئۆمۈر چەندان ئۇزارئىمىش،
نەقلى بار بىزدە شۇنداق قېرىلارنىڭ.
ھاياتلىق گۈلى چاپسان توزار ئىمىش،
چاقچاقتىن كۆڭلى تايغاق، نېرىلارنىڭ.

مەن چاقچاق قۇچىقىدا ياشاپ كەلدىم،
يىغامنى كۈلكە قىلدىم چاقچاق بىلەن.
دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى قاساپ كەلدىم،
چاڭ سالسا ئەقىدەمگە چاڭگاق بىلەن.

مەن چاقچاق قۇچىقىدا ياشاپ كەلدىم،
كۈلدۈردۈم دوستلىرىمنىڭ يۈرىكىنى.
چاقچاقتىن گۈلدەستىلەر ياساپ كەلدىم،
تەبرىكلەپ، قۇچسا بەخت كۆرىكىنى.

ئاھ، بولماس بۇ ھاياتتا زادى نېسىپ
بىر كېتىپ قايتا كېلىش ھاياتلىققا.
چاقچاقسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئېيتاي كېسىپ
مەن ئۈچۈن تەڭدۇر ئۆلۈم-ماماتلىققا.

بېشىمغا كەلسە قانچە مەشئۇم بالا،
چاقچاقسىز يۈرگىنىم يوق ئەخمەقلىشىپ.
ئەزرائىل كەلسىمۇ گەر (كۆڭلى ئالا)
چاقچاق قىپ كۈز يۇممەن چاقچاقلىشىپ.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# خىلۋەتتىكى چېچەكلەر



شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇت 1938-يىلى 15-ماي غۇلجا شەھىرىنىڭ ناغرىچى مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى ۋە ئىلى سىفەن مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1956-يىلىدىن 1984-يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1984-يىل يانۋاردىن باشلاپ ھازىرغىچە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

1956-يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە «ئالمىزار ناخشىلىرى»، «تولۇنئاي»، «زېمىن كۆلكىسى»، «ئىشق سادالىرى» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىندى. كۆپلىگەن ھېكايە-نەسرلىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ يىل ئۇنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 40 يىل بولدى. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پېشقەدەم شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇتنى قىزغىن قۇتلۇقلاپ، تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق.

**1**

ئىنسان تۇغۇلۇپلا باشلاركەن سەپەر،
مەنزىلى ئوخشىماس يېقىن ھەم يىراق.
سەپەردە تۈز يول يوق ئەزەلدىن بىراق،
قەدەمدە زەپەر بار، قەدەمدە خەتەر،
بەزىدە باھاردىن ئالسا خۇش نەپەس.
بەزىدە جۇدۇندىن قۇتۇلماقمۇ تەس،
بەزى قۇچاق ئاچسا بەخت دىلبىرى،
بەزى پىشكەللىك جانغا قىلار قەست.
ئىنسان كۆنەر ئىكەن ھەممىگە شۇنداق،
بەزلەركەن ئۆزىنى دەپ بۇ يول ئۇزاق.

**2**

دۇنياغا كۆز ئېچىپ قۇچاقلاپ يەرنى،
ئارمان بۆشۈكىگە بۆلىنەر ئادەم،
كۆزلەر قاراقىدا جىلۋىلىك ئالەم،
لېكىن ئايرىيالماس مىس بىلەن زەرنى.
ھەۋەس ئوت ياقمىغان تېخى ۋۇجۇدقا
مېھرى ئايلانمىغان قەلبىدە قۇتقا،
تاتلىق تامشىپ ئەمگەن ئانا سۈتىدىن،
سۆيگۈ ئويغىناركەن بوۋاقتا يۇرتقا.
ھايات سەپىرىدە بۇ بىر قونالغۇ،
بۆشۈك بۈيۈك ئالەم، تەۋرىنەر سۆيگۈ.

**3**

پاكلىق مۇنبىرىدە شاھتۇر سەبىيلىك،
ھەممىگە قىزىقىش خىسلىتى ئۇنىڭ،
سىرلار دۇنياسىغا ئېپ بارار يولىنىڭ
تۈنجى پەللىسىدە ئايان جەزبىلىك.
شوخلۇقلار ئىلكىدە سوئال ۋە سۈكۈت،
پىكىر ۋادىسىدا ئادىشار ئۈمىد.
ئارمان بىلەن ئۆتكەن دەقىقە بوگۈن
ئەتە چېھرىلاردا قۇچاقلايدۇ قۇت.
لېكىن سوئاللارنىڭ دۇنياسى چەكسىز،
قانچە سىرلار قالار پىنھان جاۋابسىز.

4

بالىلىق ئاھ! قانداق گۈزەل شوخ دەملەر،
بىخ سۈرگەن گىياھ ئۇ دىلنى قىلغان مەس.
يۈرەكلەر جامىدا شادلىقلار پەۋەس،
يوق ئۇنىڭ زەررىچە قايغۇ-سەتەملەر.
سىرلار ئىشكىگە بېسىلار قەدەم،
قۇرلار ئارا ئىز سېلىپ كېلىدۇ قەلەم.
تىلسىم پەرىلىرى قىلار ناز-جىلۋە،
شوخلۇقتا ئىنتىلىش بولىدۇ ھەمدەم.
يۈرەكتە يېلىنجار ئىشتىياق، ھەۋەس،
ئارزۇ بۆشۈكىدە تەۋرىنەر نەپەس.

5

گۈل ياشلىق ئۇتلۇق دەم، مۇقەددەس سۆيگۈ،
ئىنتىلىش، ئارزۇلار ۋايىغا يەتكەن.
سېھىرلىك تۇيغۇلار دىلنى رام ئەتكەن،
كۆزلەردىن ئۇيقۇنى سۈرگەن شوخ تۇيغۇ.
بۇرۇتلار خەت تارتقان، كۆزلەردە سۈرمە،
شېرىن سۆھبەتلەرنى، دەملەرنى دېمە.
باھار گۈللىرىدەك زوقۇڭنى تارتقان
تاڭلار قۇچىقىدا ئارمانلا كېمە.
بىلىم رەناسىغا سىرداش گۈل ياشلىق،
ۋىسال ھەم ھىجرانغا سىرداش گۈل ياشلىق.

6

شۇڭقاردەك مەردانە، لوقماندەك ئاقىل
كۆركى باشقىچىدۇر قىران دەملەرنىڭ
ۋەزنى بىر دۇنيادۇر مەرد قەدەملەرنىڭ،
ئۇنىڭ تەرىپىگە كامىل ئەمەس تىل.
يۈگەن سالار ئۇ سىر تۇلپارىغا،
سەپەر ئەيلەپ ھامان نۇر گۈلزارىغا.
ساما قۇچىقىدا قىلىدۇ پەرۋاز،
ئۇل سالار ئەۋلادنىڭ ھور باھارىغا.
قىرانلىق چاغلىرى، ئىجاد چاغلىرى،
ۋايىغا يېتىدۇ سۆيگۈ باغلىرى.

7

كېلىدۇ ھاسىدا قالدۇرۇپ ئىزلار،
ھەر ئىزدا مىڭ قىسمەت، مىڭلىغان ھېكمەت.
قەلب خانىسىدا زەپ ئىزگۈ نىيەت،
يۆلەپ مىڭگىلار، يىگىتلەر، قىزلار.
ئۇلار باغ ياسىدى، يېمىدى مېۋە،
ئالمىدى سايىسىدىن ھەتتا نېسىۋە.
ساخاۋەت كۆكىدە ئەيلىدى جىلۋە.
ئۇلارنىڭ تەشۋىشىنى بۇزمىسا ئەۋلاد
بولسا ئۇ ياسىغان بوستانلار ئاباد.

8

ھايات سەپىرىدە قىسمەتلەر تولا،
بۇ دۇنيا ئىنسانغا ئەمەستۇر باقىي.
بەخت جامىدا مەي كەلتۈر ساقىي،
قىسمەتلەر ئىلكىدە ھېكمەتلەر تولا.
دۇنيا ھېكمىتىگە ھاكىمدۇر ئادەم،
ئادەم ئەقلى بىلەن چۆرگىلەر ئالەم.

1992-يىل 14-ماي، ئۈرۈمچى

## تولۇنئاي

ئايدىڭ كېچە، دېرىزىنى ئاچتىڭسەن،
ئەركە شامال سۆيىدى مېنىڭ يۈزۈمنى.

قوللىرىڭنى قويۇپ ئاستا مۈرەمگە،
تۇن قوينىغا تىكتىڭ، جىنىم، كۆزۈڭنى.

شۇئىرلىدىڭ قۇلىقىمغا ناز بىلەن:
«قارىغىنا تولۇنئاينىڭ ھۆسنىنى.
سۈتتەك ئاپئاق نۇرلىرىغا يۇگەپتۇ،
باغ-ۋارانلار، چىمەنزارلار كۆكسىنى»

*　　*

قانداق گۈزەل تولۇنئاي، دەپ ئويلىقىم،
پىچىرلايسەن قۇلىقىمغا ئايلىناي.
تولۇنئايغا نەزەر تاشلاش نەھاجەت،
يۈرىكىنى يېقىپ تۇرسا تولۇنئاي.

1966-يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا.

## يۈرىكى قالدى

ئېتىكىنى ئاق ئۆرۈككە تولدۇرۇپ،
قىز چىقاي دەپ تۇرغىنىدا بېغىدىن.
قىز قەلبىنى ئەسىر قىلدى شۇ مەھەل
جاراڭلىغان ناخشا باغنىڭ كەينىدىن.


باغ تېمىغا باردى ئۇ قىز ئالدىراپ،
شاخنى قايرىپ تام كەينىگە قارىدى.
قارىدى-دە، قىز يوقاتتى ئۆزىنى،
توك ئېقىمى ۋۇجۇدىغا تارىدى.

كۆينىكىنىڭ ئېتىكىدىن قوللىرى
ئايرىلغانىنى قىز زادىلا سەزمىدى.
تەرگەن ئۆرۈك تام تۈۋىگە تۆكۈلدى،
ناخشىچىغا قاراپ كۆزى تويمىدى.

چاقىرغاندا ھويلىسىدىن ئانىسى،
قىز يۈگۈردى، قالدى تەرگەن ئۆرۈكى.
تام تۈۋىدە قالسا مەيلى ئۆرۈكى،
تام ئارقىدا قالدى ئوتلۇق يۈرىكى.

1965-يىل ئىيۇن، غۇلجا

مۇھەممەتجان سادىق



# زۇلپىقار

(روماندىن پارچە)

شائىر، يازغۇچى مەھەممەتجان سادىق ئىككى قىسىملىق رومانى «زۇلپىقار» نىڭ بىرىنچى قىسمى «ئەركىنلىك ئوغلى» نى تاماملاپ نەشرگە تاپشۇردى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ رومانىنى نەشر قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ سانىمىزدا روماندىن بىر بابىنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

— مۇھەررىردىن

## ئونىنچى باب

## ئىسسىق شامال

ئاسمان ئاجايىپ چىرايلىق. ئۇ خۇددى ھۆپپىدە ئېچىلغان مۇھەببەتنىڭ گۈل-چېچەكلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن گۈلشەنگە ئوخشايتتى. ھەربىر يۇلتۇز پاكلىق، گۈزەللىك ۋە ۋاپادارلىقنىڭ ئالتۇن گۈلدەك چاقناپ تۇراتتى.

روستەم بېشىغا ئاق مالىخاي، ئۇستىگە قاراشىم-پەشمەت كىيىپ، بېلىنى قارا پوتىدا باغلاپ، يۈزىگە كۆزىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان قارا نىقاب تارتىپ سۆيۈملۈك يېزىسىغا قاراپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىككى قولىقى دىڭ تۇرغان چىرايلىق قارا ئاتنىڭ ئۇزۇن يايلا-قۇيرۇقلىرىنى تاغنىڭ سەلكىن شاملى يەلپۈيتتى.

ھەممە ياق جىمجىت. بۇغدايلىرى ئورۇلۇپ بولۇنغان ئېتىزلار، ئاستا شىلدىرلاۋاتقان قوناقلىقلار، كۆزگى بېسىش ئۈچۈن ئاختاما قىلىنغان ئېتىزلار، ئۇيەر-بۇيەردە خۇددى قاراۋۇللاردەك يالغۇز ۋە توپ تۇرغان دەل-دەرەخلەر، ئېگىزلىكنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈۋاتقان ئادەمدەك كۆرۈنگەن ئاۋرال ۋە ۋادىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتمۇ قات تاغلار

قاراڭغۇلۇقنىڭ پەردىسى ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

ئاھ، ناخشا! بۇ ئۇيغۇر يۈرىكىنىڭ كۈندۈزىلا ئەمەس، كېچىسىمۇ ناخشا بىلەن ئۆتىدۇ! بىلىمەن! بىلىمەن، ئۇيغۇرلار ناخشىغا نېمانچە ئامراقكىن؟! ئۇنىڭ ئون ئىككى مۇقامى، يەرلىك مۇقاملىرى، ناخشىلىرى نەچچە كېچە-كۈندۈز ئېيتسىمۇ تۈگىمەيدۇ. ناخشىنى پەقەت يۈرىكى ساپ ۋە ئۈمىدلىك ئادەملەرلا ئېيتالايدۇ! راست، بۇ ھەقىقەت! ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن تارىخنىڭ ئۇزۇن يوللىرى مۇڭلۇق ۋە ئۈمىدلىك ناخشىلار بىلەن جاراڭلاپ كەلدى!

كەچ قالغان دېھقان ناخشا ئېيتىپ كەلمەكتە. گويا بىر قاناتلىق يۈرەك ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق ۋە باتۇر ھېسسىياتىنى كېچە قوينىدىكى ۋادىغا چېچىپ ئۇچماقتا. گويا بۇ قوللىرى باغلىنىپ، ئازاب داۋىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ناخشا ئىگىسىنىڭ كۆزلىرى ياش ئەمەس، نۇر چاچماقتا. ئۇ ئالەمگە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق جاپا-ئازاب يېڭەلمەيدىغان مەغرۇر ئىرادىسىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىماقتا!

تەلكىنىڭ داۋانىدىن
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

راست! قارىغىنا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى ئاۋرال، مۇقەددەس ئانا يەر شۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقاندەك، ئاستاشىۋىرلايتتى...

ئەشمە قامچىسىنى تۇتۇپ، ئېتىنى بىر خىل يورۇتۇپ كېتىۋاتقان رۇستەمنىڭ يۈرىكىگە ناخشا قاتتىق تەسىر قىلدى. بەلكىم، تۆمۈر قەپەسكە سولىنىپ ئېلاخۇن ئۆتكەن تەلكە داۋانىدىن، ئۇمۇ ئۆتۈپ قالار! ئەگەر تەقدىر ئاشۇ ئازاب داۋانىدىن ئۆتۈشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇمۇ خۇددى ئېلاخۇندەك يىغلىماي، كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ!

ناخشا توختاپ قالدى. بەلكىم، كەچ قالغان يولۇچى مەنزىلگە يەتكەندۇ؟! لېكىن، تەبىئەت ۋە رۇستەم بىر ئىزگۇ ھېسسىيات ئىچىدە جىمجىت خىيال سۈرەتتى.

رۇستەمنىڭ كۆزىگە يېزىنىڭ قارايغان دەل-دەرەخلىرى كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزىگە يېزىسى: چاچلىرى چۇگۇلغان، ياماق چۈشكەن كۆڭلىكىنىڭ يىرتىلغان يەرلىرىدىن قامچىنىڭ تىلشۈەتكەن ئىزلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغان، ئاستا ئىڭراۋاتقان رەنا بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ چىدىيالمىدى! ئۇ ئۆزەڭگىدىكى ئىككى پۇتىنىڭ پاشنىسى بىلەن ئېتىنى بىقىنداپ، ئاتنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى.

— رەنا! جېنىم رەنا، رۇستىمۇ يېنىڭغا كېتىۋاتىمدۇ! ئۇ، سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ! بىلەمسەن، ئەگەر ھاياتنىڭ تومۇرىدا ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك قېنى ئاقسا، بۇنداق ھايات تاتلىق-شېرىن بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭدىن خۇشاللىق كەتمەيدۇ! ئەكسىنچە ھاياتنىڭ تومۇرىدا زۇلۇم ۋە زورلۇقنىڭ بۇزۇق قېنى ئاقسا، بۇنداق ھايات ئازاب-ئوقۇبەتلىك بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭدىن قايغۇ-ھەسرەت كەتمەيدۇ! بىز ھازىر كېيىنكى خىلدىكى ھاياتنىڭ قوينىدا ئاھ ئۇرىۋاتىمىز، ئالدىنقى خىلدىكى ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز! بۇ كۈرەش يولىدا جېنىم، سەنمۇ، مەنمۇ، سۆيۈملۈك ئەل-يۇرتمۇ جاپا-مۇشەققەت ۋە ئازابلىنىشلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بىلسەن، جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت، جاندىن كەچمىگۈچە جانان يوق! ئامرىقىم، مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل: ئاخىر بۇ ئانىجان زېمىندىن جىمى قايغۇ-ھەسرەت ئازاب ۋە زۇلۇم-زورلۇقلار تۈگەيدۇ! بىزمۇ ئادەمدەك ياشايمىز! لېكىن زالىملار بىزنىڭ شۇ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى، بۇ يولدا قىلىۋاتقان كۈرەشلىرىمىزنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئىنسان قانچىلىك ۋەھشىيلىك ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالسىمۇ، قەلبىدە پىلدىرلىغان بىر تال ئۈچقۇن بولسىلا، ئۇ چوقۇم يورۇق كۈنلەرگە چىقالايدۇ! ياق! بىز تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشايدىغان ئۈمىدسىزلەردىن ئەمەس! ياق! بىز جېنىمىزدىن تويۇپ، بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكەنلەر ئەمەس! بىزدە ئۈمىد بار، ئىشەنچ بار! بىز چوقۇم ئارزۇيىمىزغا يېتىمىز! رەنا، ئۇ يورۇق كۈنلەر كەلگەندە، بۈگۈن تارتقان جەبرى-جاپالىرىمىزنى ئۇنتۇپمۇ كېتەرمىز، ئادەم شۇنداق، شادىيانە ھاياتنىڭ شېرىن شارابى ئاستا-ئاستا مەست قىلغاندا، ئۆتكەنكى ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ! مەيلى ئۇنتۇسا ئۇنتۇسۇن! ئۇنتۇغىنىمۇ ياخشى!

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. جېنىم، مانا، قېشىڭغا كېتىۋېتىپمۇ خىيال سۈرۈۋاتىمەن. مەن سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلسەن! سەنمۇ مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىسەن: بۇ ماڭا ئايان! لېكىن، بۈگۈن كېچە، سېنى قۇتۇلدۇرالماي چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام، ياكى ئۆلۈپ كەتسەم، ئاھ، رەنا سەن نېمە بولۇپ كېتەرسەن؟! سېنىڭ شۇ چاغدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىڭ كۆز ئالدىمغا كەلسە، ئۆزۈمنى باسالماي قالىمەن، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ! ئاھ، خۇدا! رەنا ئۈچۈن مېنى ھايات قىل، مەن ئۈچۈن رەنانى ھايات قىل دەپ ياراتقان ئىگەمگە يالۋۇرىمەن!

ئۇ جىمجىت ئۇيقۇدىكى يېزىسىغا كىردى. ئۇنىڭ گۈركىرەپ ئىشلەۋاتقان خىيال تۈگمىنى بىردىنلا توختاپ، سەگەكلىك بىلەن ئىككى تەرىپىگە، ئالدى-كەينىگە قاراشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ، كەينىدىن قارا كۆرۈنە، مۆكۈپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەختەمنى كۆرمىدى.

يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى ئالمىلىرى ماراپ تۇرغان سارىم ئالما غولىغا باغلانغان رەنانىڭ كۆزلىرى يولتۇزلارغا تىكىلگەن.

نېرىدىكى ئۆرۈك ئاستىدا، كۆسەيدەك ئۇزۇن مىلتىقىنى چىڭ تۇتقان چېرىك ئۆرۈك غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ پات-پات رەناغا قارايدۇ، بېشىنى ھەر تەرەپكە بۇراپ بېرەر تىۋىش بارمۇ دېگەندەك قۇلاق سالىدۇ. ئۇ رۇستەمنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە، رۇستەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان، مىلتىق ئېتىپ، باراڭ ئاستىدىكى بۇكىلۈكتە دۈڭ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىدۇ. لېكىن، چېرىكنى شېرىن ئۇيقۇ ئەگدەك باسماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلماقتا، گاھ بېشى ئىختىيارسىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىپ، چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچماقتا، تەستە يېرىپ ئاچقان كۆزلىرىنى ھەرتەرەپكە يۈگۈرتمەكتە. ھېچكىم يوق، ھەممە ياق جىمجىت، پەقەت ئۆرۈكنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاستا شىلدىرلىماقتا. يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلماقتا. ئاھ، ئۇيقۇ دېگەن نېمانچە تاتلىقتۇ!

قورۇنىڭ يېنىدىكى تونۇرنىڭ بېقىنىدا، تونۇرغا يۆلىنىپ، ئاستىغا سامان سېلىپ ئولتۇرغان يەنە بىر ئادەم كۆرۈنىدۇ. ئۇ ھەقاچان تۇردى يانتاق، قولىدا ئۇزۇن تاياق. ئۇ ئۇخلىمىغان. ئۇ خىيال سۈرمەكتە: بۈگۈن كېچە رۇستەم كېلەرمۇ؟ ئۇ رەنانىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنمىدۇ؟ ئېلىخان ئاكام مېنىڭ دېگەنلىرىمنى، رۇستەمنىڭ نەدىلىكىنى راستلا بىلسە، چوقۇم يەتكۈزىدۇ. بىلمىسچۇ؟ راستلا رۇستەم يىراققا كەتكەن بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا، چېرىك رەنانى راستلا ناھىيىگە ئېلىپ كېتەرمۇ؟ يا بۇ، ناسىر دېگەن ئېبلىسنىڭ رۇستەمنى مۆكۈپ ياتقان يېرىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قىلغان ھىيلىسىمۇ؟! بىچارە رەناغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ھەي، خۇدا! بىزنى نېمانچىمۇ بوزەك قىلىپ ياراتقانسەن؟

ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېغىلنىڭ ئۈستىدە، دۈگىلانغان چۆپلەرنىڭ دالدىسىدا يەنە بىر چېرىك ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىمۇ ئۇزۇن مىلتىق. ئۇ پات-پات ئورنىدىن تۇرۇپ، چۆپنىڭ كوچا تەرەپتىكى ئالدىغا ئۆتۈپ، كوچىغا قارايدۇ. كۆرۈنگەن بىرەر قارىمۇ يوق، ئۇ يەنە چۆپنىڭ ھويلا تەرەپتىكى دالدىسىغا كېلىپ، چۆپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. يەنە خىيالغا چۆكىدۇ: بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت! ئوغرى رۇستەمنى تۇتۇپ خىزمەت كۆرسەتسەم، ئارزۇلىرىم بەلكى ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالىدۇ. ئاددىي چېرىكلىكتىن قۇتۇلۇپ، باشلىق بولۇپ قالسام، ئۇشۇقمىنىڭ ئالچۇ قوپقىنى شۇ! ئۇ چاغدا يانچۇقۇم پۇلدىن، يۈزۈم ئابرويدىن، قەدىمىم ھۆرمەتتىن ئايرىلمايدۇ. شوتىنىڭ بىرىنچى بالدىقىغا چىقىۋالسىلا، قالغانلىرىغا ئۆرلەپ كېتەتتىم! ھەي، خۇدا! بۈگۈنكى كېچىنى تەلەي يۇلتۇزۇم چاقنايدىغان كېچە قىلغايسەن؛ ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلۈمگە ئارام بەرمەي كەلگەن ئارزۇلىرىم كۆلىدىغان كېچە قىلغايسەن!

رەنانىڭ يۇلتۇزلارغا تىكىلگەن كۆزى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى بۇ ئاجايىپ پارلاق، ئالاھىدە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزغا تىكىلگەن:

— ئۇ مېنىڭ رۇستىمىم! — دەيتتى ئىچىدە رەنا، — ئۇ ماڭا ئاشۇ يۇلتۇزلار

ئارىسىدا ئالاھىدە چاقناۋاتقان يۇلتۇزدەك كۆرۈنىدۇ. ئاھ، مېنىڭ يورۇق يۇلتۇزۇم! مەن سېنى نېمانچە ياخشى كۆرىدىغاندىمەن؟ مەن سېنى سۆيگەندەك، شېرىن پەرھاتنى، زۆھرە تاھىرنى سۆيگەنمىدۇ؟ رۇستەم! سىز مېنىڭ دائىم سۆزۈمدە، كۆزۈمدە، مۇھەببەت قايناۋاتقان كۆڭلۈمدە! ... بەزى ئاياللارغا قاراپ ھەيران بولىمەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېرىنى كۆرگەندە ئەركىلەپ ھالى قالمايدۇ، لېكىن ئۇ، باشقا بىرىگمۇ ئەركىلەيدۇ؛ بەزىلىرى ئاغزىنى بۇزۇپ ئېرىنى تىللايدۇ، ئېرى بىلەن سوقۇشقىنى سوقۇشقان، ئېرىنىڭ ياقىسىدا گۈلەڭگۈچ ئۈچىدۇ. ئۆزى تەگكەن، ئېرىم دەپ يۈرگەن ئادەمنى قانداقمۇ تىللاشقا ئاغزى بارىدىغاندۇ؟ ياق، بۇ ئىككى خىل ئاياللاردا مۇھەببەت يوق، ئۇلار مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇھەببەت ئاناسۈتىدەك پاك، خىزىردەك سەممىي، پەرىشتىدەك گۈزەل بولىدۇ. رۇستەم ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى ۋاپادارلىق، ئىناقلىق، بىر-بىرىگە ئىشىنىش، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر ئۈي بىر ئارمان بىلەن ياشاش تۇپرىقىدا گۈللىگەن خۇش پۇراق گۈل! بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز خۇددى ئوغلىمىزدەك تاتلىق، پاك ۋە گۈزەل! رەنا خىيالىدىن توختاپ ھېلىقى يورۇق يۇلتۇزغا جىمجىت تىكىلدى: دېمىسىمۇ ئۇ، باشقا يۇلتۇزلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە جۇلالىنىپ چاقنايتتى. رەنانىڭ كۆزىدىكى يورۇق يۇلتۇز ئاستا-ئاستا رۇستەمگە ئايلىنىپ كەتتى.

— ئاھ، جېنىم رۇستەم!

يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يورۇق يۇلتۇز، رۇستەم نەگە كەتكەندۇ؟ ھاياجانلىنىپ خىيال ۋە تەساۋۋۇر دۇنياسىغا كىرىپ كەتكەن پەرىشتە ئەقلىنى يىغدى. ئۇ ئىككى تەرىپىگە قارىدى. باراڭ ئاستىدىكى بۆگلۆكتىن خورەك ۋە پۈشۈلدىغان ئاۋازلار كەلمەكتە. تونۇرنىڭ بېقىنىدا ئۇزۇن تايىقىنى تۇتۇپ، تۇردى يانتاق ئولتۇرماقتا. ئۈستىدىكى سارىم ئالمىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاستا شىلدىرلىماقتا.

بۆگۈنكى كېچە نېمىدېگەن قاراڭغۇ، راست، قاراڭغۇلۇق قانچىلىك قارا بولسا، يۇلتۇزلار شۇنچىلىك چاقناپ يانىدىكەن. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار شۇنچىلىك پارلاق! ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاۋۇ بىرى تېخىمۇ پارلاق!

رەنانىڭ يۈرىكى گويا بىر شەپىنى سېزىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ! كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ رۇستىمى كېلىۋاتقاندۇ؟ بەلكى ھويلىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپمۇ قالغاندۇ؟ رەنا ھەر تەرەپكە قۇلاق سېلىپ قاراشقا باشلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ بىر شەپە سەزگەندەك خۇشاللىقتا چۆمگەن يۈرىكىنى ۋەھىمە ئەنسىر قىلىۋالدى. ياق! ياق! روستەم كەلمىسۇن! ماراپ ياتقان قوراللىق چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا... ياق ياق! ... رەنا گويا رۇستەم كېلىپ قالغاندەك، ھەر تەرەپكە ئالاقزادىلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ: كەلمەڭ! قارامىلىق قىلماڭ! دەپ پىچىرلىدى.

رۇستەم ھويلىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ كوچىنىڭ شەرقى چېتىدىكى ئاق تېرەكنىڭ

يېنىدا مۆكۈپ تۇرغان يوغان گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى يېتىلەپ، كوچىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئېتىنى ياندىكى سۆگەتكە باغلاپ، كۆرۈنگەن گەۋدىگە قارىدى: كىمدۇ ئۇ؟ مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈۋاتقان چېرىكلەرنىڭ بىرىمدۇ؟ ئاق تېرەك يېنىدا مۆكۈپ تۇرغان يوغان گەۋدە ئەتراپىغا بىر قاراۋېتىپ، ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ رۇستەمگە قاراپ كېلەتتى. رۇستەم قامچىسىنى چىڭ تۇتۇپ، سۆگەتنىڭ دالدىسىدىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇردى. ئەگەر، دەپ ئويلايتتى ئىچىدە رۇستەم، — مېنى تۇتۇشقا قويۇلغان چېرىك ياكى پايلاقچىلارنىڭ بىرى بولسا بۇنداق ئۇدۇللاپ، ئۈن-تىنسىز ماڭا قاراپ كەلمەيتتى. ئۇ مېنى كۆرگەن زامان ۋارقىراپ قالغانلارنى چاقىراتتى. ياق، بۇ باشقا ئادەم بولسا كېرەك! كىم بىلسۇن، ئاغىنىلىرىمدىن بىرىدۇ؟ يوغان گەۋدە يېقىنلاپ كەلدى. روستەم ئۇنىڭ قەددى-قامىتىگە، مېڭىشىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆمەر ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— سەن نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ — دېدى رۇستەم يېنىغا كەلگەن ئۆمەرگە قاراپ.

— ساڭا ياردەم بەرگىلى! — دېدى ئۆمەر رۇستەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشۈپ.

— مېنىڭ بۈگۈن كېچە كېلىدىغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭ؟

— ئېلىخان ئاكام خەۋەر قىلدى.

— ھە، تېخى مەنمۇ بار! — دېدى ئاتلىق كېلىپ، ئاتتىن چۈشكەن يەنە بىر يىگىت.

— سەنمۇ كەلدىڭمۇ، ئەختەم؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى روستەم.

— ھە!...

ئەختەم ئېتىنى ھويلىنىڭ ئۇ چېتىدىكى سۆگەتكە باغلاپ، رۇستەم بىلەن ئۆمەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بايا ماڭا كېلىدىغانلىقىڭنى نېمىشقا دېمىدىڭ؟

— دېسەم، سەن ئۇناتتىڭمۇ؟ ئېلىخان ئاكامۇ دېمىگىن، دېگەنىدى.

رۇستەم گەپ قىلمىدى، لېكىن ئىچىدىن ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولدى.

— ئۆمەر ھويلىنى كۆزىتىپ باقتىڭمۇ؟

— كۆزەتتىم. بىر چېرىك ئېغىلنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايدۇ. ئۇ پات-پات ئورنىدىن تۇرۇپ، كوچىغا قاراپ قويۇپ، يەنە ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ، خېلى بولدى. ئۇ كۆرۈنمەي قالدى. يەنە بىر چېرىك ئۆرۈكنىڭ ئاستىدا مىلتىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ.

— ئېتىڭ نەدە؟

— مەن نامازدىگەردىن سەل ئۆتكەندە كېلىۋېدىم. ئېتىمنى ھەدەملەرنىڭ ئېغىلىغا باغلاپ قويدۇم.

روستەم بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. ئېھتىمال، ھويلىغا چۈشۈشنىڭ پىلانىنى ئويلاپ

جىم تۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك.

— ئۆمەر، سەن ئېغىل ئۈستىدىكى چېرىكنى بىر تەرەپ قىل! مەن هويلىغا چۈشۈپ، ئۆرۈك ئاستىدىكى چېرىكنى جايلاپ، رەنانى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن. ئەختەم سەن ئىككى ئاتنى تۇتۇپ، مەشەدە تۇرغىن. هويلىدىن چىقىشىمىزغىلا، ئاتنى يېتىلەپ بار. ناۋادا مەن هويلىدىن يېنىپ چىقالمىسام، سىلەر ئىككى ئات بىلەن قېچىپ كېتىڭلار!

روستەم سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئىككى دوستىنىڭ قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىگە قارىمايلا، تام ياقىلاپ هويلىغا قاراپ ماڭدى. ئۆمەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يول ئالدى. ئەختەم سۆگەتنىڭ يېنىدا ئىككىسىگە قاراپ قالدى.

رۇستەم ئۆز هويلىسىنىڭ يېنىدىكى قوشنىسىنىڭ غورۇسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، هويلىسىغا كىرىپ، ئىككى هويلىغا پاسىل بولغان تامنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ كۆزىنى پاكار تامنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، هويلا ئىچىگە قارىدى. رۇستەمنىڭ كۆزلىرى باراڭ ئالدىدىكى سارىم ئالما غولىغا باغلانغان سۆيۈملۈك ئايالىغا چۈشكەندە، بىشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. كۆزى چاقناپ، نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلىشىپ كەتكەن رۇستەم ئۆزىنى تۇتالماي تامغا بىر ئارتىلىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەقىل چېرىغى يېنىپ، قارامىلىق دالىسىنى يورۇتقانىدى. ئۇ رەنا باغلانغان سارىم ئالمىنىڭ كەينىدىكى ئۆرۈكنىڭ ئاستىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يوغان ئۆرۈكنىڭ غولىغا يۆلىنىپ، مىلتىقىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ئىككى تىزى ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان چېرىكنى كۆردى؛ ئاندىن كۆزىنى باراڭ تەرەپكە يۆتكەپ، باراڭ تەرەپنى تىڭشىدى. ئۇ يەردىن خورەك ۋە پۇشۇلدىغان ئاۋازلار كېلەتتى.

رۇستەم تامدىن ئارتىلىپ هويلا ئىچىگە چۈشتى. ئۇ تونۇرنىڭ بىقىنىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىككى كۆزنى كۆرمىدى.

رۇستەم ئاستا مېڭىپ رەنانىڭ قېشىغا كەلدى. تېخىچە هېلىقى يورۇق يۇلتۇزدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇرغان رەنا رۇستەمنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئاھ، ئۇنىڭ رۇستىمى كەپتۇ! رۇستەم ئايالىنىڭ يۈزىنى بىر قولى بىلەن سىلاپ قويۇپ، كەينىدىكى ئۆرۈك تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا ئۇ، ئېغىلنىڭ ئۈستىدىكى چوپىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئۆمەرگە كۆزى چۈشتى. رۇستەم ئايلىنىپ چېرىكنىڭ كەينى تەرىپىدىن كېلىپ، خۇددى ئۆلجىسىغا ئېلىنغان يولۋاستەك ئېتىلدى. ئىككى يوغان قول ئۇنىڭ گېلىدىن بوغقاندا، ئۇخلاۋاتقان چېرىك: ۋاي! دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. خۇددى مۇشۇك چاشقاننى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندەك، روستەم چېرىكنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، يەنە رەنانىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ غىلاپتىكى يوغان خەنجىرىنى ئېلىپ، سۆيۈملۈك ئايالىنى باغلىغان كەندىر چىگىنى نەچچە يېرىدىن كېسىپ تاشلىۋەتتى. رەنا ئۆزىنى رۇستەمنىڭ قوينىغا تاشلىدى.

تونۇرنىڭ يېنىدا چاقناۋاتقان ئىككى كۆز، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ چاقناپ

كەتتى، تۇردى يانتاق ئىچىدە، قېنى، تېزرەك مېڭىڭلار! تېزرەك! — دەيتتى ھاياجانلىنىپ.
رەنانىڭ ماڭغۇدەك مادارى يوق ئىدى. رۇستەم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، قورۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قورۇ يېنىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، تونۇرنىڭ كەينىدىن تۇرغان گەۋدىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى.

— قورقما! بۇ مەن، تۇردى يانتاق! سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن! يىراققا كېتىڭلار!

— رەھمەت تۇردىكا، قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن! — دېدى رەنا پىچىرلاپ.

باراك تەرەپتە بىرىنىڭ يۆتەلگىنى ئاڭلاندى.

— خوش، تېزرەك مېڭىڭلار!

— خوش، كېيىن كۆرۈشەرمىز!

ئۆمەر ئۇلارنى قورۇنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئالدىدا ئاياللىنى كۆتۈرگەن رۇستەم، كەينىدە ئۆمەر تام ياقىلاپ ماڭدى. ئاغىنىچە ئەختەمۇ ئاتلارنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. تۇردى يانتاق قورۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.

رۇستەم ئالدىدا رەنانى ئاتقا مىندۈرۈپ، كەينىدىن ئۆزى رەنانىڭ كەينىگە چىقتى. ئۆمەر ئېتىغا مىنىپ تۇرغان ئەختەمگە مىنگەشتى. قارا ئات قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ، ئاۋرال تەرەپكە قاراپ چاپتى. ئارقىدىن ئەختەمنىڭ ئېتىمۇ يۈگۈردى.

تۇردى يانتاق ھويلىغا كىرىپ، يەنە تونۇرنىڭ بېقىنىغا كەلدى.

— ۋاي! رۇستەم كەلدى! رۇستەم رەنانى ئېلىپ قاچتى! —دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى. باراك تېگىدىن ئورنىدىن ئالدىراپ-تېنەپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئالاقزادىلىك بىلەن تۇر! تۇر! دېگەنلىرى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەي باراك تېگىدىن ئالدىدا تاياق كۆتەرگەن ئېگىز ھوشۇر، ئارقىدىن ملتىقلىرىنى كۆتۈرگەن چېرىكلەر چىقتى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ قورۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يىراقتا چېپىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىققا قارىتىپ، كەينى-كەينىدىن ملتىقلىرىدىن ئوق ئاتتى. جىمجىت كېچە ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ يېزا، تۇنجى قېتىم ئوق ئاۋازىدىن جاراڭلاپ كەتتى.

روستەم بىر يان كوچىغا كەلگەندە ئېتىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى، بىر ئاز مېڭىپ ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ توختىدى. ئاغىنىچە ئەختەم بىلەن ئۆمەرمۇ يېتىپ كەلدى.

— ئەمدى خوش! سىلەر قايتىڭلار! مەن ئەختەمگە نەگە يوشۇرۇندىغانلىقىمىزنى دەپ بەرگەن. بىزنى شۇ يەردىن ئىزدەڭلار!

— خوش! — دېدى ئەختەم بىلەن ئۆمەر تەڭلا.

قارا ئات يەنە چېپىپ كەتتى. ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن، يەنە بىر شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇن كوچىغا چىقتى. رۇستەم ئاتنىڭ بېشىنى يەنە ئۆزلىرى قېچىپ كەلگەن تەرەپكە — جەنۇبقا بۇرىدى. قارا ئات بۇ قېتىم روستەم بىلەن رەنانى

ئېلىپ، رۇستەملەرنىڭ ھويلىسىنىڭ كەينىدىكى كوچا بىلەن ئۆلى دەرياسى تەرەپكە چاپتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاۋرال تەرەپكە قاچقان بولۇپ، دۈشمەنلەرنى ئالدىدى.

— شاۋاڭ بىلەن تاجىغا نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى شىۋە چېرىك چېرىكلەر باشلىقىغا قاراپ.

چېرىكلەر باشلىقى، شىۋە چېرىك، ھوشۇر ۋە تۇردىلار ھويلىغا يېنىپ كىرىپ، ئۆرۈك ئاستىغا كەلدى. شاۋاڭ يېنىچە، ئىككى پۈكلىنىپ، كۆزى ئالىيىپ ياتاتتى.

— ئۇخلاپ قاپتۇدە! — دېدى ئوتتۇرا بوي چېرىك بىر ئۇھ تارتىپ. ئارقىدىن ئۇ ھوشۇر بىلەن تۇردىغا قاراپ: — تاجىنى ئېلىپ چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

ھوشۇر بىلەن تۇردى ئېغىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چېرىكلەر باشلىقى بىلەن شىۋە چېرىك شاۋاڭنىڭ جەسىتىنى پۇت ۋە بېشىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، باراڭ تەرەپكە يول ئالدى.

تاڭ ئېتىپ، قۇياش شەرقىي ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە، چېرىكلەر باشلىقى، شىۋە چېرىك، ئېگىز ھوشۇر ۋە تۇردى يانتاقلار باشلىرى ساڭگىلىغان ھالدا ناسىر شاگيۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ناسىر شاگيۇ ئۇلارنى دائىم ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدىغان سارىيىدا كۈتۈۋالدى. تۆتى دېرىزە تەرەپتە قاتار ئولتۇرۇپ، سىم كارىۋاتقا يۆلىنىپ، قوش قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان ناسىر شاگيۇغا بۈگۈن كېچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن تونۇرنىڭ يېنىدا ئويغاق ئولتۇراتتىم، نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، بىر ئىسسىق شامال كېلىپ ماڭا ئۇرۇنغاندەك بولدى. كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. ئۆزۈمنى ئويغاقمىكىن دېسەم، كۆزۈمنى ئاچالمايمەن، ئويغاق ئەمەسمىكىن دېسەم ئېسىم جايىدا، ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەنۇ، لېكىن بىھوش بولۇپ قالغانىدىم. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى ئوراپ ئالغان ئىسسىق شامال ئۆتۈپ كەتتى. كونىلارنىڭ: تونۇرنىڭ يېنى تەكشى بولمايدۇ، دەپ ئۇنىڭ يېنىغا پاختا ئوراپ، مايغا چىلاپ ياندۇرىدىغان نوكچىلارنى قاداپ قويىدىغانلىقى بىكار ئەمەسكەن، ئەمدى ئىشەندىم. كۆزۈمنى ئېچىپ، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېلىقى ئوغرى رۇستەمنىڭ ئايالى باغلانغان سارىم ئالمىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدىم. قارىسام: ئۇ يوق، يەردە كېسىلگەن كەندىر چىگىلەر ياتىدۇ، ۋاي، رەنا قېچىپتۇ! رەنانى رۇستەم ئېلىپ قېچىپتۇ! دەپ ۋارقىراپ، قورۇ تەرەپكە يۈگۈردۈم. كوچىغا چىقسام، كوچىنىڭ ئاۋرال تەرەپتىكى بېشىغا قاراپ ئىككى ئاتلىق ئادەملەر قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئالدىدا قارا ئاتتا رۇستەم، بىلەن رەنا ئولتۇرىدۇ. كېيىنكى ئاتقا ئىككى ئادەم مىنگىشىپ ئاپتۇ. كىملىكىنى تونالمىدىم. ئاڭغىچە باراڭ ئاستىدىن ئالدىدا ھوشۇراخۇن، كەينىدە مۇنۇ ئىككى چېرىك چىقتى. ئۇلار كوچىغا چىقىپ، قېچىپ كېتىۋاتقانلارغا ئوق ئاتتى، بىراق قاچقۇنلار يىراقلاپ كەتكەچكە تەگكۈزەلمىدى. يېنىپ

كىرىپ ئۆرۈك ئاستىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن شاۋاكىنىڭ، ئېغىل ئۈستىدىكى چۆپنىڭ يېنىدا تاجىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆردۇق، — تۇردى يانتاق تېنىمەي-تەمتىرىمەي، بۇ قىزىق ھېكايىنى ئاخىرى سۆزلەپ تۈگىتىپ، ناسىر شاگىيۇغا قارىدى.

— ھۇي يانتاق! — دېدى ناسىر شاگىيۇ دېۋەيلەپ، ئۇنىڭ مولۇنىڭ كۆزىدەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى، — دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟ بىر توقۇپ چىققان چۆچىكىڭ ئەمەستۇ؟

— شاگىيۇكا، ئۈستۈمدە خۇدا تۇرۇپتۇ، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست! — دېدى تۇردى يانتاق ناسىر شاگىيۇغا تىكىلىپ، — مەن سىلىگە يالغان ئېيتقان يېرىم بارمۇ؟ يالغان سۆزلىگەن بولسام، تىنىم تارتماي ئۆلەي!

سەن تۇردى يانتاقنى ئەيىبلەمسەن؟ يالغان سۆزلىدى دەپ ئۇنى يالغانچى دېيەلەمسەن؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ شۇنداق بىر ھېكايىنى ئۇستىلىق بىلەن توقۇپ چىقىپ، ئۆزىنى قوغدىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇش كېرەك! نامىنى تىلغا ئالغان خۇدامۇ ئۇنى كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن! ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالىدىغان زالىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ خۇددى ئەزرائىلدەك قاراپ تۇرسا، تۇردىنىڭ ئۆزىنى ئەجەلدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەستە! ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇ بىر ئەخمەق بىچارە، پىچاققا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ بېشىنى تۇتۇپ بەرگەن قوي بولاتتى. راستىنى دېسە، بېشى كېتىدىغان بۇنداق شارائىتتا يالغان ئېيتىپ جانىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتقان تۇردىنىڭ ھەرىكىتىنى دانالىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇ ئۆز دۈشمىنى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئار-نومۇس، ۋىجدانىنى قايرىپ قويۇپ يالغان ئېيتىۋاتقىنى يوق! ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، ئۇ ياخشى ئادەم، بەلكى مۇشۇ «يالغانچىلىق» بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئادەم بولمىدىمۇ!؟ ئار-نومۇس، ۋىجدان دېگەننى بىلمەيدىغان، يالغاننى قويۇپ جان باقىدىغان يالغانچىلاردىن خۇدا سېنى ساقلىسۇن!

— ئىسسىق شامال دېگىنىڭ يالغان! — دېدى غەزىپى ئۆرلىگەن ناسىر شاگىيۇ ئاغزىدىن تۆكۈرۈكىنى چاچرىتىپ، — ئۇ سېنى باسقان غەپلەت ئۇيقۇسى! سەن دەيۈز، رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇخلاپ قالغان! رۇستەملەرنىڭ ھويلىغا چۈشكىنىنىمۇ تۇيمىغانسەن! ئۇ رەنانى ئېلىپ قاچقاندىن كېيىنلا، ئويغىنىپ بۇلارنى ئويغاتقانسەن! ھېلىقى شاۋاك، تاجى دېگەن چېرىكلەرمۇ ئۇخلاپ قېلىپ، جېنىدىن ئايرىلغاندا سەنمۇ ئۆلگەن بولاتتىڭ، يا سېنى كۆرمىگەن، يا سېنى بىر يۇرتلۇق دەپ ئاياپ قويغان! ھوي، ھارام تاماق دەيۈز، ئۇخلاپ قېلىپ، ھەممىنى بۇزدۇڭ! خەپ توختاپ تۇر، جاجاڭنى بىر بەرمىسەم!

— شاگىيۇكا! — دېدى تۇردى يانتاق مۇلايىم، يىغلامسىرىغان بىر ئاۋاز بىلەن، — خۇدا تۇرۇپتۇ، مەن سىلىگە يالغان سۆزلىمىدىم، يالغان سۆزلەشكە جېنىم ئۇنىمىدى؟!

ئۇيغاق ئىدىم، بىلمەيمەن، بىر ئىسسىق شامال كېلىپ...

— بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى ناسىر شاگىۋ، — ئىسسىق شامال-پىسسىق شامال دېگىنىڭنى قوي! ئۇ سېنى باسقان غەپلەت ئۇيقۇسى! ھۇ، دەيۇز! — ناسىر شاگىۋ چېرىكلەر باشلىقىغا قارىدى، — ئۇلار قېچىپ ئۇزاققا كېتەلمەيدۇ. شىمالىي تەرەپكە قاراپ قېچىپتىغۇ، دېمەك ئۇلار ئاۋرالغا چىقىپ كېتىدۇ. سىلەر ئالدى بىلەن قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇڭلار! ئاندىن ئىككىدىن بولۇپ ئىزدەشكە چىقىڭلار! سەن تۇردىنى ئېلىپ، ئاۋرالغا چىق! ھوشۇر مونۇ چېرىك بىلەن يېزىلاردىن ئىزدىسۇن! مەن ئەلاخان بىلەن ھاشىر باينى چاقىرتىپ كېلىپ، شاۋاگىنىڭ ۋە تاجىنىڭ جەسىتىنى ناھىيىگە ماگدۇراي! ئەلاخان بىلەن ھاشىر باي ئەھۋالنى لوزۇڭ بېگىمگە دەپ، يەنە ئىككى-ئۈچ چېرىك ئېلىپ كەلسۇن! بۇ دەيۇزنى بىر ئامال قىلىپ تۇتمىغىچە، بىزگە تىنچلىق بولمايدۇ. بولدى، سىلەر چىقىپ، قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇڭلار! سەن، — دېدى ناسىر شاگىۋ تۇردىغا ئالىيىپ قاراپ، — ئېساغا دە، بېرىپ ئەلاخان بىلەن ھاشىر باينى چاقىرىپ كەلسۇن!

قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ ئاتلارغا مىنگەن چېرىكلەر باشلىقى، شۇۋە چېرىك، ئېگىز ھوشۇر ۋە تۇردى يانتاقلار ناسىر شاگىۋنىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇلار يېڭىلا كېلىپ توختىغان خادىك ھارۋىدىكى ئەلاخان بىلەن ھاشىر بايغا قاراپ قويۇپ، ئوتتۇرا بويى چېرىك بىلەن تۇردى ئاۋرال تەرەپكە، شۇۋە چېرىك بىلەن ئېگىز ھوشۇر قوشنا يېزىغا قاراپ ماگدى. ئەلاخان بىلەن ھاشىر باي چۈشكەن خادىك ھارۋا ئوچۇق دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

مانا، ئاۋرال. قارىغاي ئىسسىقنى خالىمايدىغان، نەملىك ۋە سالقىنلىققا خۇمار بولغانلىقتىنمۇ، ئادەتتە تاغلارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئۆسمەيدۇ، كۆپىنچە تەسكەي تەرىپىدە ئۆسىدۇ. ئاۋرالنىڭمۇ كۈنگەي تەرىپىدە قارىغايلار يوق. ئۇنىڭ كۈنگەي تەرىپى ئاساسەن دەل-دەرەخسىز بولۇپ، ئوت-چۆپلىرىمۇ قويۇق ۋە ئۆسكىلەڭ ئەمەس ئىدى. باھاردا بەزى قاپتال ياكى ئېدىرلىقلىرىدا لەيلىقازاقلار خۇددى چوغ رەڭلىك گىلەمنى يېيىپ قويغاندەك ئېچىلىپ كېتەتتى. ئاۋرالنىڭ كۈنگەي ئېتىكىدە ھىڭ ئۆسىدۇ، يامغۇرلۇق يىللىرى ئوت-چۆپلەر ئاز-تولا ئۆسۈپ، تاغ باغرىنى يېشىل رەڭگە كىرگۈزسە، ئادەتتىكى يىللاردا سارغىيىپ تۇراتتى.

چۈش بولاي دېگەندە، چېرىك بىلەن تۇردى يانتاق ئاۋرالغا يېتىپ كەلدى. ئاتلار بىر چامداپ، ئىككى چامداپ، سارغىيىپ تۇرغان توپىلىق دۆڭلۈكلەرگە ئۆرلىدى، ئاتلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلارمۇ ئاتلارنىڭ مېڭىشىغا ماسلىشىپ، بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ئىغاڭلاپ، ھەر تەرەپكە قاراپ كېلەتتى. بولۇپمۇ شاۋاڭ ۋە تاجىلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، كەم گەپ بولۇپ سىرلىق خىياللار ئىچىدە قالغان ئوتتۇرا بويلۇق،

يەلكىسى كەڭ چىرىك پەلەمپەي شەكلىدىكى ئىدىر ۋە جىرا-سايلارغا ئالاقزادىلىق بىلەن تىكىلەتتى. كىم بىلسۇن، قاچقۇن قايسى دۆڭلۈك، جىرا ياكى سايدا يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىنى!؟ قاچقۇننى قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان بەكمۇ يامان نەرسە دېيىشىدۇ، تۇيۇقسىز بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن ياكى ساي، جىرادىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈپ، گېلىنى بىر بوغسا، شاۋاڭ، تاجىلاردەك تۈگىشىدىغان گەپ! ئېھتىيات قىلغان ياخشى!

ئۇلار ئۆرلەپ بىر بەلگە چىققاندا، تارجىلغا ئىچىدە تۇرغان قىشلاقتا كۆزى چۈشتى. بۇ قىشتا مالچىنىڭ قىشلايدىغان ئۆيى ئىدى. ئۇلار جىلغىغا چۈشۈپ، ئىشىك-دېرىزىلىرى سىرتىدىن مىقلىۋېتىلگەن پاكار، كونا، پېشايۋانسىز ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاقارتىلمىغان، بەزى جايلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرى يوق ئىدى. تۇردى يانتاق ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى ئۆيدىن ئىككى-ئۈچ مېتىر يىراق تۇرغان تۆۋرۈككە باغلاپ، ئەينىكى يوق دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆينىڭ ئىچى قۇرۇق ئىدى. ئىنسى-جىنمۇ كۆرۈنمەيتتى. چىرىك ئاتتىن چۈشمەي، ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۈستى-ئۈستىگە ھاۋا ئۆتۈشىدىغان قىلىپ تىزىلغان تېزەكلەرگە قاراپ تۇراتتى. مالچىلار قىشتا كۆپىنچە تېزەك قالايتتى. تۇردى ئۆينى ئايلىنىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتتى. چىرىكمۇ ئاتتىن چۈشمەي، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا مال قورۇسى بار ئىدى. كۈنگەي يانباغىرغا جايلاشقان مال قورۇسىنىڭ چۆرىسى پاكار تاملار بىلەن توسالغان بولۇپ، يۇقىرى تەرىپىدە ئۇزۇن لاپاس بار ئىدى. لاپاسنىڭ ئۈستىگە دۆۋە-دۆۋە چۆپلەر بېسىلغان.

— مالچىلار تېخى يايلاقتىن قايتمىدى! ئۇلار بۇ يەرگە قار چۈشۈشكە يېقىن كېلىدۇ، — دېدى تۇردى، كەينىدە ئات ئۈستىدە جىمجىت قاراپ تۇرغان چىرىكنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھېرىپ كەتتۇق. قورساقمۇ ئاچتى، ئازراق بىر نەرسە يەپ، دەم ئالايلى! — دېدى چىرىك ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ، ئارانلا مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، چۇلۋۇرنى تۇردىغا بەردى. تۇردى چىرىكنىڭ ئېتىنى تۆۋرۈككە باغلاپ، ئۆز ئېتىنىڭ غانجۇغىسىغا باغلانغان خۇرجۇننى ئېلىپ، ئۆينىڭ سالقىن يېرىگە كېلىپ ئولتۇردى، چىرىكمۇ ئۇنىڭ يېنىغا چۆكتى. تۇردى خورجۇننىڭ قۇرۇق بېشىنى داستىخان ئورنىدا يېيىپ، يەنە بىر بېشىدىن توقاچ، سوغۇق گۆش ئالدى. چىرىك ئۇشتۇلغان توقاچنىڭ بىر پارچىسى بىلەن بىر ئېلىكنى قولىغا ئېلىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى چىنىگە جىرا ئىچىدىكى چۆرىسى تاش بىلەن توسالغان بۇلاقتىن سۇ ئەكەلگىلى ماڭدى. ئۇ، قايناپ چىقىپ كىچىك كۆلچەك ھاسىل قىلىپ، پەسكە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، چۆرىسىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى. قولىدىكى ئاپقۇر چىنىنى يەرگە قويۇپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ،

ئالدىرىماي يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، بېلىدىكى پوتىنىڭ بىر ئۇچىنى يېشىپ، يۈزىنى ئېرتتى. ئاندىن ئاپقۇر چىنىگە سۇ ئېلىپ، چېرىك ئولتۇرغان ئۆينىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. تۇردى بۇلاق سۈيى ئېلىنغان ئاپقۇر چىنىنى چېرىككە بېرىپ، ئۇنىڭ قارشىسىغا ئولتۇرۇپ، نانغا قول سوزدى.

ئوتتۇرا بويلۇق چېرىك كېكىرىپ ئورنىدىن تۇردى. تۇردى يانتاق ئاشقان، تاشقان نان ۋە گۆشلەرنى خورجۇنغا سالدى.

— بىر ئاز ئۇخلىۋالايلى، مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى چېرىك ئەسنەپ. ئۇ ئۇخلاشقا لايىق يەر ئىزدەپ ھەر تەرەپكە كۆز تاشلىدى، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئوت-چۆپلۈك جاينى تاللاپ شۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتتى. ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ خورىكى بۇ جىمجىت تۇرغان قىشلاقنى ياڭرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاشقا كۆزى يەتمىگەن تۇردى يانتاق مال قورۇسىنىڭ تېمىغا چىقىپ، لاپاسنىڭ ئۈستىدىكى بىر چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاستىغا ئازراق چۆپ سېلىپ، چۆپكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى:

ناسىر شاكىيۇ توقۇغان ھېكايەمگە ئىشەنگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ گەپ-سۆزىگە قارىغاندا، ئىشەنگەندەكمۇ قىلىدۇ، ئىشەنمىگەندەكمۇ قىلىدۇ. جاجاڭنى بېرىمەن، دېدى، راستلا بېرەرمۇ؟ بەرسە بەرمەمدۇ! يامىنى بىرقانچە قامچا ئۇرار. ئۇنىڭغا ئۇلۇپمۇ كەتمەسمەن!... رۇستەملەر نەدىكىن؟ رەنا ھەققەتەنمۇ ياخشى ئايال ئىكەن! نەچچە كۆك چېۋىق سۇنۇپمۇ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆز چىقمىدا! ئايالىڭ بولسا، رەنادەك بولسا، بۇ ئېغىر تۇرمۇشمۇ يېنىكلەپ قالاتتى. نەگە قاچقاندۇ؟ راستلا ئاۋۇلغا قاچقانمىدۇ؟ ئۇلار شىمالغا، ئاۋۇلغا قاراپ قاچقان. يا ئاۋۇل تەرەپكە قاچقان بولۇپ باشقا ياققا كەتتىمۇ؟ مەيلى قاياققا قاچسا قاچسۇن، ئىشقىلىپ تۇتۇلۇپ قالمىسىلا بولدى. ھەي، خۇدا! ئۇلارنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!

تۇردىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىدى.

نامازدىگەرگە يېقىن چېرىك ئۇيقۇسىغا قېنىپ، كېرىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ چۆرىسىگە قاراپ تۇردىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھودۇقۇپ قالدى، ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئىككى ئات تۆۋرۈكتە باغلاقلىق تۇراتتى. نەگە كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلىدى چېرىك، — يا ھېلىقىلار تۇتۇپ كەتمىگەندۇ؟... ھەممە ياق بىر سىرلىق جىمجىتلىق ئىچىدە ھۇۋلايتتى. ئۇ قورقۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— تۇردى! تۇردى!

بىر ئازدىن كېيىن، لاپاس ئۈستىدىكى چۆپ دۆۋىسى تەرەپتىن:

— مەن مەيەردە! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

چېرىكنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇلار ئاتلىرىنىڭ ئايلا-ئولاڭلىرىنى چىڭىتىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ يۇقىرىغا ئەمەس، تۆۋەنگە — يېزىغا قاراپ قايتتى.

يېزىلاردىن رۇستەم بىلەن رەنانىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغان شۇ چېرىك بىلەن

ھوشۇر دەريا بويى تەرەپكە ماڭدى.

ئىلى دەرياسىنىڭ بويلىرى بەكمۇ قېلىن، بەكمۇ چىرايلىق توقايلىق ئىدى. مەجنۇنتاللار، يېشىل سۆگەتلەر، قارىياغاچلار، تاغ تېرەكلىرى، ئېرەنلەر ۋە شاخلىرىغا قىزىل مونچاقلارنى ئاسىدىغان ئازغانلار بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا يېشىل سېپىل ھاسىل قىلغانىدى. دەريانىڭ قىرغىقىدىكى مەجنۇنتاللار سومبۇل چاچلىرىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرغان سوپەرىلىرىگە ئوخشايتتى. توقايلىقلارنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدىن ئادەملا ئەمەس، ھەتتا قۇياش نۇرىمۇ ئۆتەلمەيتتى. شاخ ۋە يوپۇرماقلار ئۇنى توسۇپ قالاتتى. توقايلىقنىڭ ئاستىدا كۈن نۇرىنى تولۇق كۆرمەي ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئاقۇچ پۆپۈك ۋە گۈللىرىنى ئويىنىتىپ ئاستا تەۋرىنەتتى. بۇ يەرلەردىن بىر خىل نەم، زەي پۇراق كېلەتتى.

ئىلى دەرياسى گويا ئىككى چېتىنى توساپ تۇرغان يېشىل سېپىل ئارىسىدا، ئاق قاسراقلىرى قۇياش نۇرىدا چاقناپ، شەرقتىن غەرىپكە قاراپ ئۆملەپ كېتىۋاتقان ئاق ئەجدىھارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئېغىر پۇشۇلداپ ئالغان تىنىقى، گويا ئىچى-ئىچىدىن تىتىلداپ، بىر ئېغىر خىيال ئازابلاۋاتقان ئادەمنىڭ تىنىقىغا ئوخشايتتى.

شۇۋە چېرىك بىلەن ئېگىز ھوشۇر توقاينى ياقىلاپ كېلىۋاتقىنى خېلى بولدى. ئۇلار بەزىدە توقاينىڭ ئىچىنى ئارىلاپ، بەزىدە توقاينىڭ چېتى بىلەن كېلەتتى. ئاستىدىكى ئاتلىرىمۇ ماڭايمۇ-ماڭمايمۇ دېگەندەك ئاياغلىرىنى خۇشياقمىغاندەك تاشلايتتى. شۇۋە چېرىك بىلەن ھوشۇرنىڭ روھىي ھالىتىمۇ ئاتلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، ئۇلارمۇ ئېزىلىپ، ئات ئۈستىدە خۇشياقمىغاندەك ئولتۇراتتى. ئارىلاپ توقايلىقتىن شاخلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالسا، ئىككىسى چۆچۈپ توقايلىققا قاراتتى. شاخلارنى شىلدىرلاتقان ئۇچقان قۇش ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا، يۈرەكلىرى ئورنىغا چۈشۈپ، يەنە بايىقى ھالىتىگە كېلەتتى.

ھەممە ياق جىمجىت، پەقەت دەريانىڭ تىنىمسىز شاۋقۇنى بىلەن توقايلىقتىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىلا ئاڭلىناتتى.

ئېگىز ھوشۇر ئاتقا مىنگەندىن تارتىپ، بىر خىيالدىن نېرى بولالماي كېلەتتى: ئىسسىق شامال دېگىنى راستمىدۇ؟ «شامال تېگىپتۇ» دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئۇزا روزاخۇنغا شامال تېگىپ، ئاغزى قىڭغىر چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋېدىم. بىچارىنىڭ ئوقۇتمىغان داخىنى، ئويناتمىغان باخشىسى قالمىغانىدى. بەزىدىمۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە ئىسسىق شامال كېلىپ ئۇرۇلىدۇ. لېكىن مېنى ئۇخلاتقاندەك قىلغىنىنى بىلمەيمەن. ھەي، ناسىر شاڭيۇ ئەقىللىك ئادەم، تۇردى ياناتاق دېگەن ئىسسىق شامال غەپلەت ئۇيقۇسى، ئۇ ئۇخلاپ قالغان، يا بولمىسا، توقۇپ چىققان. مېنىڭچە كېيىنكىسى ئېھتىمالغا يېقىن. رەنانى رۇستەمنىڭ ئېلىپ قېچىشىدا ياناتاقنىڭ ياردىمى بارمىدۇ؟ تۈنۈگۈن چۈشتە ئۇ رەناغا شورپا قايىنىتىپ بېرىپتۇ. باراڭنىڭ ئېرىقىغا

تاشلىغان سۆگىكىدىن سېزىپ قالدىم. بىز كەلگەندىن كېيىن، ئۇ قورساق تويغۇزغىلى ماڭدى. ناسۇيلىم تۈگەپ، كەينىدىن كوچىغا چىقسام، ئۇ كېتىۋېتىپتىكەن، مېنى كۆرمىدى. بىر چاغدا مەن تەرەپكە قاراۋېتىپ ئېلىخانىڭكىگە كىرىپ كەتتى. ئېلىخان بىلەن رۇستەم ئوغرىنىڭ يېقىنلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. تۇردى يانتاق ئېلىخانىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ھەقاچان، كېچىدە بىزنىڭ نە-نەلەردە تۇرىدىغانلىقىمىزنى دەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. يانتاق تاشقى كۆرۈنۈشتە ناسىر شاكىيۇغا سادىق بولغاندەك بولۇۋېلىپ، ئىچكى جەھەتتە ئوغرى رۇستەملەرگە ياردەم بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر سەزگەن ۋە كۆرگەنلىرىمنى دېسەم، ئۇنىڭ ئىسسىق شاملىنىڭ چاۋىسى چىنقا يېيىلمامدۇ؟ ئۇ چاغدا مەن ناسىر شاكىيۇ ۋە ئەلاخانلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ يۈزۈم يورۇپ، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئادەم بولمامدىمەن؟ ھازىرقى تۇرمۇشۇممۇ تېخىمۇ كاپالەتلىنىپ، خاتىرجەم ياشىمامدىمەن؟! كىم بىلسۇن، تېخى ماختاپ مۇكاپات بېرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس! دېگىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. بۈگۈن قايتىپ بارغاندا، ناسىر شاكىيۇغا ھەممىنى دەيمەن.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر شۇملۇقنىڭ تۈتۈنى پۇرقىرايتتى. ئەمدى ئۇ، بۇ ئىزلەشنى تېزرەك تۈگىتىپ، مەھەللىگە قايتىشقا، ناسىر شاكىيۇغا بېرىپ ئويلىغانلىرىنى دېيىشكە ئالدىرايتتى.

ئاھ، ئادەملەر! قاچانمۇ تۈگەر بۇ مۇناپىقلىق؟ قاچانمۇ ئىناق ياشاپ، بىرگەۋدە بولۇپ ئۆتەرمىز؟ خۇدا، ئادەملەرگە ئىنساب بەر، ئار-نومۇس، ۋىجدان بەر! ئۇلار ئەل-يۇرتنى ئويلىسۇن!

شىۋە چىرىك بىلەن ئېگىز ھوشۇر ئارىسىغا كۈن چۈشمەيدىغان قىلىن توقاي يېنىدا توختىدى. شىۋە چىرىك توقايلىق ئارىسىغا سىنچىلاپ قاراپ ھېچنەرسە كۆرەلمىدى. ياز بويى بىر قېتىم كۈن نۇرىنى كۆرمىگەن ئوت-چۆپلەر ئېگىز ئۆسۈپ، يەلپۈنۈپ تۇراتتى. شاخلىرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوغان قارىياغاچلارنىڭ غولىغا ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى. ئېگىز ئۆسكەن ئىرەنلەر گويا ئاسمانغا تىرەلگەن تىرەكتەك تۇراتتى.

— كەچ كىرەي دەپ قالدى، — دېدى شىۋە چىرىك، — مەھەللىگە قايتايلى.

— بولىدۇ، قايتايلى! — شىۋە چىرىكنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپنىڭ چىقىشىنى تەقازىلىق بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتقان ھوشۇر دەرھال قوشۇلدى.

ئىككىسى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەينىگە ياندى. ئۇلار يوغان قارىياغاچنىڭ كەينىدە ئۆزلىرىگە ئۈن-تىنسىز دېمىنى چىقارماي قاراپ تۇرغان بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ تۆت كۆزىنى كۆرمىدى.

ناسىر شاكىيۇنىڭ ئۆيىگە ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يېتىپ كەلدى. بېشىغا ئاق شاپاق بۆك، ئۈستىگە ئۇزۇن، كەڭ ئاق كۆڭلەك، ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ تۇرغان

تامبال كيگەن ناسىر شاگىيۇ ئەلاخان بىلەن ھاشىر باينى ساراي ئۆيدە كۈتۈۋالدى.

ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن ئەلاخان بىلەن ھاشىر باي، سىم كارىۋاتقا يۆلىنىپ، قۇش قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ناسىر شاگىيۇغا بۇ قېتىمقى ناھىيىگە قىلغان سەپىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىز خوپتەنگە يېقىن ناھىيىگە يېتىپ بېرىپ، لوزۇڭ بېگىمنىڭكىگە باردۇق، — دېدى ئەلاخان ناسىر شاگىيۇغا تىكىلىپ، سالماق بىلەن سۆزلەپ، — پۈتۈن ئەھۋالنى لوزۇڭ بېگىمگە دېدۇق. لوزۇڭ بېگىم غەزەپلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئارقىدىن ئۆلگەن ئىككى چېرىكنىڭ دەپنە خىراجىتى ۋە ئائىلىسىگە ياردەم پۇلى دەپ يىغقان پۇلنى لوزۇڭ بېگىمگە بەردۇق. ئەتىسى چايدىن كېيىن لوزۇڭ بېگىم بىزنى باشلاپ ھاكىم جانابلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. ھاكىم جانابلىرى لوزۇڭنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۈستەلنى ئۇرۇپ كەتتى. شۇ يەردىلا كاتىپنى چاقىرىپ «تۆت-بەش چېرىك ئەۋەتىڭلار! ئوغرىنى تۇتمىغىچە كەلمىسۇن! قورۇق قايتىپ كەلسە، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەش چېرىكنى ئېلىپ، ناھىيىدىن نامازدىگەرگە يېقىن يولغا چىقىپ، مانا كېلىشىمىز!

ناسىر شاگىيۇ بەش چېرىكنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى.

— لوزۇڭ بېگىم سىلىگە ئالاھىدە سالام ئېيتىپ «بۇ قېتىم ئوغرى رۇستەمنى تۇتۇپ خىزمەت كۆرسىتەلمىسە، شاگىيۇلۇق قولىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇڭلار!» دېدى، — ھاشىر باي ناسىر شاگىيۇغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— بۇ قېتىم سىلەر تازا جاپا چەكتىڭلار! سىلەرگە رەھمەت! — دېدى ناسىر شاگىيۇ ئەلاخۇن بىلەن ھاشىر بايغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، ئارقىدىن ئۇ، بىردىنلا غەزەپكە كەلگەن ۋەھشىي ھايۋاندەك خىرىس قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدى ئۇ دەيۈز نەگە قاچالايدىكىن؟ يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىمەن. ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسا، پۇتىدىن تارتىپ چۈشىمەن! — جىددىيلەشكەن ناسىر شاگىيۇ بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — توختاڭلار، ماڭا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ! بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ ئالغانلارنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە مۇكاپات بېرىش ئېلان قىلىناتتىكەن. سادىرنى تۇتۇشتىمۇ شۇنداق پۇل بېرىدىغانلىقى جاكارلانغانىكەن. ھاكىم جانابلىرى پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىگە شۇنداق بىر ئۇختۇرۇش چىقارسا، ئوغرى رۇستەمنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلنى بىز بەرسەك!

— بۇ بولىدىغان چارىكەن! — دېدى ئەلاخان ھاشىر بايغا قاراپ.

— مەنمۇ قوشۇلىمەن!

— ئەمىسە ئەتىلا بىر چېرىك بىلەن تۇردى يانتاقنى ناھىيىگە ماڭدۇراي، ئۇلارغا ھازىرقى چارىنى خەتكە پۈتۈپ، لوزۇڭ بېگىمگە بېرىڭلار! دەي، — دېدى

ناسىر شاكىيۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككىسىگە خۇشاللىق بىلەن قاراپ.
كەلگەن چېرىكلەر ئىككى چېرىك يېتىۋاتقان ناسىر شاكىيۇنىڭ ئالاھىدە ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. ئورنىدىن تۇرغان ئاياللار دەررۇ تاماق قىلىپ، داستىخان سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەلاخان بىلەن ھاشىر بايمۇ، چېرىكلەر،ھە ئېتىلگەن پولۇغا تويۇپ، تاڭ سوزۇلەي دېگەندە، ناسىر شاكىيۇنىڭ: مەشەدە قونۇپ قېلىڭلار! — دەپ تۇتقىنىغا ئۇنىماي ئۆيلىرىگە قايتتى.
ئەتىسى چايدىن كېيىن، تۇردى يانتاق بىلەن شۇۋە چېرىك ناسىر شاكىيۇنىڭ خېتىنى ئېلىپ ناھىيىگە مېڭىپ كەتتى. ئېگىز ھوشۇر دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەندە، ناسىر شاكىيۇ ئۆيدە بولمىغانلىقتىن، تۇردى يانتاقنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا تېخى چىقىم قىلالمىغانىدى.

شۇنداق، تاغار ئىچىدە ئېگىز زادىلا ياتمىغاندەك يېزىلاردىمۇ گەپ ياتمايدۇ. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سىرلىق يوللار ئارقىلىق، يېڭى چىققان خەۋەر بىردەمدە پۈتۈن يېزىغا ئاڭلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا قوشنا يېزىلارغىمۇ تارقىلىدۇ. «ئىسسىق شامال» ھەققىدىكى خەۋەرمۇ شۇنداق بولدى. يېزىدىكى ھەممە ئادەم «ئىسسىق شامال» ھەققىدە سۆزلىشەتتى. بۇ خەۋەر تېزلا قوشنا يېزىلارغىمۇ تارىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، رۇستەم، «خۇدا ئىبۋەتكەن» ياكى «خۇدانىڭ نەزەرى چۈشكەن» سىرلىق باتۇرغا ئايلىنىپ قالدى.
ئادەتتە مۇسۇلمانلار بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ. تۆتىنچى قېتىمقىسى نامازشام نامىزى بولۇپ، كەچكى شەپەقنىڭ قىزىلى يوقىغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ھازىر بولسا، كەچكى شەپەقنىڭ قىزىلى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە جىلۋىلىنەتتى. ناماز شامنى ئوقۇغىلى كەلگەن ئادەملەر مەسچىت پېشايۋانىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلغاچ، ناماز ۋاقتىنىڭ بولۇشىنى كۈتۈۋاتاتتى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ گەپ باشلىدى قاتاردا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق، ساقاللىق ئادەم، — سارىم ئالمىغا باغلاپ قويغان رۇستەمنىڭ رەناسىنى تونۇرنىڭ بېقىندا ئولتۇرۇپ كۆزەت قىلىۋاتقان يانتاقنى بىر ئىسسىق شامال كېلىپ كۆزىنى ئاچقۇزماي قويۇپتۇ. ئۇ يا ئويغاق، يا ئۇخلىغانلىقنى بىلمەيدىكەن. رۇستەم تۇيدۇرماي ئېغىلنىڭ ئۈستىدىكى ئۇيغۇر چېرىك بىلەن ئۇرۇكنىڭ ئاستىدىكى خەنزۇ چېرىكنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، رەناسىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇگۈن سەھەردىن تارتىپ تۇردى يانتاق بىلەن بىر چېرىك ئاۋرال تەرەپنى، ئېگىز ھوشۇر بىلەن يەنە بىر چېرىك يېزا ۋە دەريا بويىدىكى توقايلىقلارنى ئىزدەپ رۇستەملەرنى ھېچنەردىن تاپالماپتۇ. ئەلاخان بىلەن ھاشىر باي ناھىيىگە بېرىپ، ئىككى چېرىكنىڭ ئۆلۈكىنى تاپشۇرۇپ، يەنە بەش چېرىك ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. مەن «ئىسسىق شامال» دېگەنگە ھەيران بولۇۋاتىمەن! شامال

تېگىپتۇ دېگەننىغۇ ئاڭلىغان. لېكىن ئىسسىق شامال تېگىپ، ئۇخلىتىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىمىغان. بۇ ئاجايىپ ئىش!

— ئىسسىق شامالغا ھەيران بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى يەنە بىر ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغان ئادەم، — بۇ سېھىرلىك شامال بەزىدە ئىسسىق كېلىدىكەن. قايسى يىلى، بىننەملىكىتە، ماڭىمۇ شۇنداق بىر ئىسسىق شامال كېلىپ، مېنى ئۇيقۇ باسقاندەك بىر ھالەتكە سالغانىدى. ياراتقان ئىگەم ئۇلۇغ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى كۆپ!

— شۇنداق! — دېدى يەنە بىر ياخشى كىيىنگەن، سالاپەتلىك ئادەم، — خۇدا كارامەت ئىگىسى! ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ، ئىششىلىپ شامال دېگەن نەرسە بار! لېكىن، مەن تۇردى ياتتاقنىڭ سۆزىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسى باسقان. ئىككى چېرىكمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلىقتىن، جېنىدىن ئايرىلغان. ئۇ مەككار ئۇيلا-ئۇيلا چۆپلىدا توختىمايدىغان بۇ سەۋەبنى توقۇپ چىقىپ، ناسىر شاڭيۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلماقچى بولغان. ئەمىسە، نېمىشقا ئىسسىق شامال چېرىكلەرگىمۇ تەگمەپتۇ؟

— ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەستە.

— مەن، — دېدى باياتىن ئۈن-تىنسىز باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئەلخان، ساقىلىنى سىلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سالاپەتلىك ئادەمگە نىسبەتەن مەسخىرە كۈلۈمسىرەشى بار ئىدى، — تۇردى ياتتاقنىڭ: خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدىم. شامال بۇ قەدىمدىن بار! شامال تېگىپتۇ دېگەننى ئادەتتە جىن-شەيتان تېگىپتۇ دەپ بىلىمىز. ئىسسىق شامال بولۇپ كەلگەنلەرمۇ جىن-شەيتانلاردىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ئادەمگە رەھىمسىز كەلمەيدىغان بۇ كۈنلەردە كىم بىلسۇن، جىن-شەيتانلارنىڭ رەناغا ئىچى ئاغرىپ، ئىسسىق شامال بولۇپ كېلىپ، چېرىكلەرنىمۇ، تۇردى ياتتاقنىمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا قويغاندۇ؟! ئەگەر چېرىكلەر ھايات بولغان بولسا، مېنىڭچە، تۇردى ياتتاق دېگەننى دېگەن بولاتتى. ئوغرى رۇستەم ئىككى چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، تۇردىنى يۇرتلۇقۇم دەپ ئۆلتۈرمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن!

سالاپەتلىك مەخسۇمنىڭ كۆزى ئالىيىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەزىننىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

— جامائەت، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، قېنى مەسچىتكە كىرەيلى!

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، مەسچىتكە قاراپ ماڭدى، لېكىن ھەممىسىنىڭ بېشىدا ئىسسىق شامال ھەققىدىكى خىياللار ئۇچۇپ يۈرەتتى.

قىزىق! ناماز شامنى ئوقۇپ مەسچىتتىن چىققان جامائەتنىڭ ئۆي-ئۆيلىرىگە تارىشى بىلەنلا، مەسچىت ئالدىدا بولۇنغان گەپلەر بىر پەستىلا مەھەللىگە تاراپ

كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يېقىن قوشنىلاردىن ئۈچ، تۆت ئادەم تەبىئىي ھالدا مۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قالدى.

ئورۇق، چىرايى قارامتۇل دېھقان ناماز شام نامىزىنى ئوقۇغىلى كەلگەن ئادەملەر مەسچىت ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئىسسىق شامال ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىنى، ئېلىخاننىڭ شاۋۇدۇن مەخسۇمغا دېگەنلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— پاھ! ئېلىخان، شاۋۇدۇن مەخسۇمنى تازا ياپلاپتۇدە!

— توختاڭلار! ئۇنىمۇ دەيسلەر، بۇنىمۇ دەيسلەر، — دېدى ئەللىكلەرگە كىرىپ قالغان دېھقان، — رۇستەم ماڭا ئالاھىدە خىسلەت بىلەن تۇغۇلغان ئادەمدەك بىلىنىدۇ. سادىر پالۋانمۇ يوغان، قاۋۇل ئادەم ئىكەن، رۇستەم ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. رۇستەمدىكى بوي، ئۇنىڭدىكى كۈچ-قۇۋۋەت، ئۇنىڭدىكى قورقۇمسىزلىق ھەرقانداق ئادەمدىن تېپىلمايدۇ! سىلەر ئاڭلىغانمۇ، ئۇ قايسى يىلى، ناھىيىدە بىر قازاق بىلەن بەسلىشىپ قاپتۇ. رۇستەم: ئەگەر تايىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئالسام! ماڭا بىر نېمە بېرەمسەن؟ دەپتۇ. قازاق: ئەگەر كۆتۈرۈپ ئالساڭ، بېرەي؛ ئالالمىساڭ سەنمۇ بىر تايىنىڭ پۇلىنى تۆلەمسەن؟ دەپتۇ. رۇستەم بولىدۇ. دەپتۇ. كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىردەمدە ئادەم ئولىشىپ كېتىپتۇ! رۇستەم خۇددى رۇستەمى داستاندەك كېلىپ تايىنىڭ ئالدى بىر پۇتىنى، كەينى بىر پۇتىنى تۇتۇپ دۈمبىسىگە ئېلىپ، «يا، خۇدا! ئۆزۈڭ مەدەت قىل!» دەپ بىر كۆتۈرگەنىكەن، بىچارە تايىنىڭ تۆت پۇتى رۇستەمنىڭ تۆت تەرىپىدە دىرىلدەپ ساڭگىلاپ قاپتۇ. رۇستەم ئۆتكەن يىللاردا مىنىپ يۈرگەن تورۇق تاي شۇ قېتىم ناھىيىدە قازاقتىن ئۇتۇۋالغان دۇنەن ئىكەن. مەن بۇنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان. بۇ قېتىم تۈرمىدە ياتقاندىمۇ، پۇتىغا سېلىنغان كىشەننى بىر كۈچەپلا ئۈزۈۋېتىپتۇدەك. ھاكىم بۇنى ئاڭلاپ، تۈرمىگە كېلىپ، رۇستەمگە: مېنىڭ كۆز ئالدىمدا پۇتۇڭدىكى كىشەننى ئۈزۈۋەتسەڭ، سېنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىمەن، دەپتىكەن، رۇستەم يەنە كىشەننى ئۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىش پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كېتىپتىكەن. رۇستەم كارامەتلىك ئادەم!

— راست، مەن مويدىنىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن! رۇستەم ئاددىي ئادەم ئەمەس، ئۇ خىسلەتلىك ئادەم. كىم بىلسۇن، خۇدانىڭ بىزگە ئىچى ئاغرىپ، رۇستەمنى ئەۋەتكەندۇ!؟ ھازىر نىقابلىق ئادەمنىڭ كىملىكى ئايان بولدى. رۇستەم ئىكەن! يۈزىگە نىقاب تارتىپ، رۇستەم قىلغان ئىشلارنى، زادى كىم قىلالايدۇ؟! مەن چۈشۈمدىمۇ قىلالمايمەن!

— راست، يۈز يىلدا بىر دانا ياكى بىر پالۋان چىقىدۇ، دېگەن گەپ بار. سادىر پالۋان بىلەن رۇستەمنىڭ ئارىلىقى يۈز يىلغا يەتمىسمۇ، يېقىنلىشىدۇ! بۇنداق يۈز يىلدا بىر كېلىدىغان دانا ياكى پالۋان چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلارمىش! سادىر پالۋان ئېلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باشلىغانىدى. بىزنىڭ رۇستەممۇ، مېنىڭ ئويۇمچە،

سادىردىن كېيىنكى يۈز يىلدا بىر كەلگەن باتۇر. ھازىر ھەممە ئادەم زۇلۇمدىن جاق تويدى. ئەگەر بىرەيلەن مەيدانغا چىقىپ، زۇلۇمدىن جاق تويغانلارنى قوزغىلاڭ قىلىشقا چاقىرسا، ھەممەيلەن كۆكرەك كېرىپ يىغىلىدۇ. رۇستەم ئاشۇ مەيدانغا چاقىرىدىغان ئادەم! يېشىم ئەللىكتىن ئاشتى. شۇ كۈننى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، ئارمىنىم يوقتى!

— شۇنداق بولسا، مانا مەن بىرىنچى بولۇپ سەپكە تىزىلاتتىم.

— مەنمۇ!...

— ئاھ، خۇدا! شۇ كۈننى ئاتا قىلغايسەن!

مۇھەممەتنىڭ ئۆيىدىكى سۆھبەت تا يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

تۇردى يانتاق بىلەن شۇۋە چېرىك ئەتىسى شام بىلەن ناھىيدىن يېنىپ كەلدى.

ناسىر شاگىيۇ ئۇنىنچى لامپا يورۇتقان سارىيىدا كارۋاتقا يۆلىنىپ، قوش قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەن ئوغلىدىن، تۇردى يانتاقلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، يېنىمغا كىرگۈزۈۋەت! دېدى.

كۆپ ئۆتمەي ئۆيگە تۇردى يانتاق كىرىپ كەلدى. ئۇ تاپىسىدا قول باغلاپ، ئېگىلىپ ناسىر شاگىيۇغا سالام قىلدى. تۇردىنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرمىغان ناسىر شاگىيۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ: ئولتا! دېدى. تۇردى يانتاق ئىشىكنىڭ يېنىدىلا، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— ھە، ناھىيدىكى ئىشلار قانداق بولدى؟ — دېدى ناسىر شاگىيۇ تۇردى يانتاققا ھومىيىپ قاراپ.

— بېرىپ لوزۇڭ بېگىمگە سىلى دېگەن گەپلەرنى تولۇق يەتكۈزدۇق. لوزۇڭ بېگىم: ياخشى ئەقىل ئىكەن! دەپ ئەتىسى ھاكىم جانابلىرىغا مەلۇم قىلدى. ھاكىم جانابلىرىمۇ: بولىدىغان پىكىر ئىكەن، دەپ، شۇ يەردىلا كاتىپنى چاقىرىپ، يېزا-يېزىلارغا، ئاۋۇل-قىشلاقلارغا ئۇختۇرۇش يېزىپ، رۇستەمنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ئون مىڭ دوللار مۇكاپات بېرىدىغانلىقنى ئېلان قىل، دەپتۇ. كاتىپى دەرھال كېلىشتۇرۇپ بىر ئۇختۇرۇش يېزىپ، ھەر قايسى يېزا، ئاۋۇل-قىشلاقلارغا ماڭدۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ناھىيىگىمۇ ئېلان چاپلايدىغان بولدى. ئەتە-ئۆگۈن ئۇختۇرۇش بۇ يەرگىمۇ كېلىپ قالار. بىز شۇنىڭ بىلەن يېنىپ كەلدۇق.

ناسىر شاگىيۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، تۇردى يانتاققا قاپىقىنى ئاچمىدى.

— ئېيتە، رۇستەم دەيۈزگە خۇشامەت قىلىپ، رەنانى قانداق باقتىڭ؟ ھېلىقى ئېلىخانىنىڭكىگە نېمە دەپ كىردىڭ؟ ئىسسىق شامال-پىسسىق شامال دېگەن چۆچەكنى توقۇپ چىقىپ، بىزنى ئالداپ، رۇستەمنى قانداق قاچۇردۇڭ؟ — ناسىر شاگىيۇنىڭ

ئاغزىدىن ئاچچىق بىلەن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر تۇردىنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ: ئۇستۇمدىن بىرى چىقىپتۇ-دە! ئېلىخاننىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمنى كىم كۆرگەندۇ؟ دەپ ئويلاپ، ھېچكىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. ئۇ، ئېلىخاننىڭ ئۆيىگە ھەر تەرەپكە سىنچىلاپ قاراپ كىرگەن بولسىمۇ، كەينىدىن ئۆزىنى كۆرسەتمەي كېلىۋاتقان ئېگىز ھوشۇرنى كۆرمىگەنىدى. تۇردى ئۆزىنىڭ ھودۇقۇپ قالغانلىقىنى دەررۇ سېزىپ، يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ناسىر شاگىيۇغا قارىدى. ناسىر شاگىيۇ مولۇنىڭ كۆزىدەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن ئوغرى رۇستەمگە خۇشامەت قىلىپ، رەنانى باقمىدىم. يادىلىرىدا بولسا كېرەك. مەن ئۆزلىرىگە: ئوغرى رۇستەمنىڭ ئايالىنى كۈندۈزى باغلاپ قويمايلى. كېچىسىلا باغلاپ قويايلى! ئوغرى رۇستەم كېچىسى كېلىدۇ. ئايالى قاپقانغا ئۆتكۈزۈلگەن گۆش بولسۇن! كۈندۈزى ئۆيىدە ياتسۇن، چاي بېرەيلى، دېگىنىمدە، مېنى ماختاپ، بولىدۇ دېگەن ئىدىلە! چېرىكلەر بۇ يەرگە تاماقنى كەتكەندە، ئوغرى رۇستەمنىڭ ئايالىغا چاي قايىنىتىپ بەردىم، ئۇنىڭ چاي قايناتقۇچىلىكمۇ ھالى بولمىسا، قايىنىتىپ بەرمەي بولمىدى. ناۋادا ئاچتىن ۋە تاياقتىن ئۆلۈپ كەتسە، پىلانىم بۇزۇلاتتى. مۇشۇلارنى ئويلاپ چاي قايىنىتىپ بەرگىنىم راست!

— شورپىمۇ قايىنىتىپ بېرىپسەنغۇ؟

بۇنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئىچىدە تۇردى يانتاق. ھە ئۇستىخانلىرىنى كاۋا بارىڭىنىڭ ئېرىقىغا تاشلاپ قويۇۋېدىم، شۇنىڭدىن گۇمان قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

— ياق! — دېدى تۇردى يانتاق، — شورپا قايىنىتىپ بەرمىدىم. كاۋا بارىڭىنىڭ ئېرىقىدىكى بىر-ئىككى تال سۆڭەك، ئۆزۈم يېگەن گۆشنىڭ ئۇستىخىنى، شۇ كۈنى چۈشتە چېرىكلەرگە شورپا قىلىپ بەرگەنىدى. مەن بېرىپ رەناغا قارايدىغان بولغانلىقىمدىن، ئۆزۈمگە تېگىشلىك بىر چىنە شورپىنى نان چىلاپ ئىچىۋېلىپ، ئاشپەز بەرگەن گۆشنى يېمەي ئېلىپ كەتكەنىدىم. چېرىكلەرنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالمىسۇن، تېزرەك باراي... دەپ يېمىگەنىدىم. شۇ ئېلىپ كەتكەن بىر ئېلىك بىلەن بىر قوۋۇرغىنى ئۆزۈم يەپ، ئۇستىخىنىنى باراڭنىڭ ئېرىقىغا تاشلىۋەتكەنىدىم. كۆرگەن ئادەم مۇشۇ سۆڭەكنى كۆرگەندۇ؟

ئەسلىدە تۇردى يانتاق شورپىنى ئىچىپ، گۆشنى يەپ كەتكەنىدى. ئۇ چېرىكلەرنىڭ چۈشتىكى تامىقى ئۈچۈن، ھاشىر باينىڭكىدىن ئېلىپ كەلگەن قوزىنى سويغاندا ئۆيىدە باللار گۆش كۆرمىگىنى ئۇزۇن بولدى، ھېچكىمگە كۆرسەتمەي بىر پارچە بەرگىنە، دەپ سويغان ئادەمدىن رەناغا شورپا قىلىپ بەرگەن گۆشنى ئالغانىدى. بۇ ئەقىللىك ئادەم دەررۇ كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ھودۇقماي ئېپىدە جاۋاب بېرىپ، ناسىر شاگىيۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويدى. چۈنكى شۇ كۈنى چۈشتە چېرىكلەرگە

شورپا بېرىلگىنى راست ئىدى.

— ھە، ئېلىخانىنىڭكىگە كىرىپ، خەۋەر يەتكۈزگىنىڭنى قانداق ئاقلايسەن؟

— ياق، شاگېيۇكا! مەن سىلىگە سەمىمىي-سادىق بولۇپ خىزمە تلىرىنى قىلىۋاتقىنىمغا ئۇن يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا بىرەر قېتىم ئۆزلىرىنىڭ دىتىغا باقمايدىغان ئىشنى قىلغان يېرىم، ئۆزلىرىنىڭ ئابرويى ۋە پايدىلىرىغا زىت كېلىدىغان گەپ-سۆز ياكى بىر ھەرىكەتنى قىلغان يېرىم بارمۇ؟ ئېلىخانىنىڭكىگە كىرگىنىم راست! مەن يەنىلا سىلى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشنىڭ غېمىدا كىردىم. چېرىك بىلەن ئېلىخانىنىڭ ئېتىزىغا بارغاندا، ئەگەر رۇستەمدىن خەۋەرلەر ئېلىپ قالساڭ، بىزگە يەتكۈزەرسەن، دېگەنىدىم. بۇ قۇتلۇق دەرگاھلىرىغا كېلىۋېتىپ كاللامغا شۇ سۆزۈم كېلىپ قالدى. رۇستەم ئوغرىدىن بىرەر خەۋەر ئالدىمىكىن، سوراپ باقاي، دېگەن پاك نىيەت بىلەن كىرىۋېدىم، — سۆزىنى توگەتكەن تۇردى يانتاق چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ بېشىنى تۆۋەنگە سالدى، — ياخشى نىيىتىم ئۆزۈمگە يالا بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭ ئىشىكىگە قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتىم...

ناسىر شاگېيۇ تۇردى يانتاقتا ھومىيىپ قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ راست. ماڭا بىرەر قېتىم تىكىلىپ قارىمىغان، ھەممە ئىشىمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاپ كەلگەن. ھوشۇر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يا ئاداۋەت بارمىدۇ؟ توختا، ئالدىراپ دېگەنلىرىڭ راستمۇ، دېمەي، يەنىلا قاتتىق تۇراي، دېگەنلەرنى ئويىدىن ئۆتكۈزگەن ناسىر شاگېيۇ تۇردىغا ھەيۋە بىلەن تىكىلدى.

— سەن ئىسسىق شامال دېگەن بىر نېمىنى توقۇپ چىقىپ ئوخلاپ قالغانلىقىڭنى يوشۇردۇڭ. ئەمدى يوقىلاڭ بىر باھانە-سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ، رەناغا شورپا قىلىپ بەرگىنىڭدىن، ئېلىخانغا خەۋەر يەتكۈزگىنىڭدىن تېنىۋاتىسەن! ياق، سەن بۇ قىلمىشلىرىڭنى يوققا چىقىرالمايسەن! مەن تەكشۈرىمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ چىقسا، قولۇڭنى باغلىتىپ، تۈرمىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن.

— شاگېيۇكا! خۇدا تۇرۇپتۇ! ئەگەر سىلى دېگەنلەر راست بولۇپ چىقسا، ئۆلۈمگە بويرۇسىلىمۇ، ھەر ئىككى ئالەمدە ئۇستىلىرىدىن داۋايىم يوق!

— بولدى، چىق!

تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ پېشايۋانغا چىقىپ، ئۇستۇمدىن چاققان زادى كىمدۇ؟ دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى چېرىكلەر يېتىپ-قوپۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىدە تۇرغان ئېگىز ھوشۇرغا چۈشتى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن رۇستەمنىڭ ئېگىز بوي، لېكىن قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان دادىسى، چاچلىرى قۇياشنىڭ نۇرىدەك چاقناپ تۇرىدىغان ئانىسى ئوماق نەۋرىسى ئەزىمەتنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى. ئەزىمەتنىڭ ئوڭ قولىنى بوۋاي، سول قولىنى

موماي تۇتۇپ، گويا ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقتەك ئۇچرىغانلار بىلەن سالاملىشىپ، ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار ئوچۇق تۇرغان قورۇدىن ئۆتۈپ، هويلىغا كىرىپ، باراڭغا قاراپ ماڭدى. بۇگلۇك ئۈستىدە چېرىكلەر بىلەن ئېگىز هوشۇر بېشىغا قويغان ياستۇقلار، ئۈستىگە يېپىنغان يوتقانلار، ئاستىغا سالغان كۆرپىلەر قالايمىغان ياتاتتى.

— بوۋا! — دېدى ئەزىمەت بوۋىسىغا قاراپ، — دادام بىلەن ئاپام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇلار نەگە كەتتى. بىلەمسىز؟

— داداڭ بىلەن ئاپاڭ باشقا بىر يېزىغا مېهمانچىلاپ كېتىپتۇ.

— نېمىشقا مېنى ئېلىپ كەتمىدى؟

— كىچىك بالىنى هەممىلا يەرگە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. قوزام!

— مەن كىچىك ئەمەس، چوڭ بولدۇمغۇ؟ ماڭا دەپ قويمايلا كېتىپتا!؟

— راست، سەن چوڭ بولدۇڭ! شۇڭا دېمەيلا كەتكەن بولسا كېرەك!

— شۇنداق بولسىمۇ دەپ قويسا، مەن ئەگىشىپمۇ تۇرۇۋالمايتتىم!

— ئاز كۈندە كېلىدۇ بالام! ئاز كۈندە!

— ئۇلارنى تازا سېغىنىپ كېتىدىغان بولدۇمدە!

ئورۇن-كۆرپىلەرنى يىغىۋاتقان مومايىنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ ئوماق نەۋرىسىگە قاراپ قويدى. بوۋايمۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى، بولمىسا ئۇنىڭ ياشلىرىمۇ يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلغان بولاتتى. بولغان ۋەقەلەرنىڭ هەممىسىدىن خەۋەردار بولغان بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ . هەسرەتلىك قەلبىنى نەۋرىسىنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ جاراهەتلەندۈردى. موماي ئورۇن-كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، بۇگلۇكنىڭ بىر چېتىگە تىزىپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەزىمەتنى يېتەكلىگەن بوۋايمۇ يول ئالدى. ئۇلار دالاندىن ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن سارايغا كىردى. سارايىنىڭ ئىچىمۇ قالايمىغان بولۇپ، بىر-ئىككى ئورۇن-كۆرپە يەردە ياتاتتى. موماي ئىلدام بېرىپ ئورۇن-كۆرپىلەرنى چىرايلىق قاتلاپ، ساندۇق ئۈستىگە تىزىپ قويدى.

— هەي ئاتىسى! — دېدى موماي بوۋايغا قاراپ، — رۇستەملەر كەلگىچە مەشەدە تۇرساقمىكىن؟ پۈتۈنسۈرۈك بىر هويلىنى تاشلاپ قويساق ياخشى بولماس!

— مەنمۇ شۇ خىيالدا ئىدىم! بۇنى ياخشى دېدىڭلار، بىرنەچچە كۈن مەشەدە تۇرايلى!

ئۇلار سارايغا چىقىپ، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

**مەسئۇل مۇهەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

# ئۈمىد چېچەكلىرى (22)

ئابلىكىم مۇساق (دىلكەش)

## ئاقلىققا پۈركەنگەن زېمىن، كائىنات


### قىز كۆچۈرۈش

ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرار جىمجىت
بولاپكا، كۆز مۇنچاق ئاسقان تولۇن ئاي.
يۈرەكىنىڭ شېخىغا قونار ئاۋايلاپ،
يىگىتنىڭ تىلىدا سايرىغان تورغاي.

كۆكرەكىنىڭ ئۈستىدە ئېچىلغان چوغلۇق
مەڭگۈلۈك بەختكە تۆكەر نۇر زىيا.
چۈمبەلنى قايرىما ئەي كەپسىز شامال،
يىگىتلەر جېنىدىن بولمىسۇن جۇدا.

كۆيلەر مەست، كۆزلەر مەست، كۆڭۈللەرمۇ ھەم،
گۆدەكلەر چېھرىگە ئۈنگەن جىلمىيىش.
بوۋاينىڭ تاتارغان قاقشال يۈرىكى
سۇ ئىچىپ بىر قېتىم تاپىدۇ قېنىش.

مومايىنىڭ ئېسىگە كېلىپ قىزلىقى،
ياقۇتنىڭ رەڭگىدە ئۆتىدۇ چاقناپ.
كېلىنگە ياندىشىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ
يۈرىكى سوقۇشتىن قالارمۇ توختاپ.



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

يىگىتلەر قەلبىدە ياۋايى چۇقان،
ۋىسالنىڭ شولىسى ئاۋۇنۇپ بارار.
چۈمبەلنىڭ ئىچىدە تۇرسىمۇ قۇياش،
تۈيغۇسى تاڭلاردەك سۈزۈك نۇر چاچار.

### ئاشۇدۇر سېنىڭكى تۇغۇلغان كۈنۈڭ

يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن ئۇ كۈنى سەھەر،
دېرىزە گۈللىرى ئېچىلغان ئاپئاق.
شەپەقنىڭ قىزارغان سوغۇق نۇرلىرى
بارغانچە تاتىرىپ ئاچاتتى قۇچاق.

شۇ ئەسنا لەپىلدەپ ياغقان ئىدى قار،
ئاقلىققا پۈركەنگەن زېمىن، كائىنات.
بۇلۇتنىڭ باغرىغا سىڭگەندەك چېقىن،
ئانائىنىڭ تولغىقى كېلەتتى پات-پات.

قاچانكى قار ياغسا قۇتلۇقلا خۇشال،
ئاشۇدۇر سېنىڭكى تۇغۇلغان كۈنۈڭ.
رىزقىڭ قاردىن كۆپ بولسۇن ھامان،
بەختىڭ ئىشكىنى چەككىن بىر ئۆزۈڭ.

## خەيرلىشىش

خوش، دېمەك قىيىندۇر ئۈنسىز-ئۈمىدسىز،
كېتەرسەن قەلبىمنىڭ تەنھا يېرىدىن.
بىلمەيمەن ياش تۆكۈپ قالارمەن يەنە،
تاكى سەن چىققۇچە بەلكىم ئېسىمدىن.

ئۇچرىشىپ قالارمىز تۇيۇقسىز بىر كۈن،
كۈلەلمەي، ياش تۆكمەي تۇرارمىز جىمىپ.
بىرلەۋزە سۆز ئۈچۈن چاپچىغان يۈرەك
ئىزتىراپ ئىچىدە كۆيەر ئۆرتىنىپ.

نەقەدەر دەھشەتلىك ئاشۇ بىرمىنۇت،
ئۇنتۇلۇپ قايتىدىن يەنە سېغىنىش.
مىڭ يىللىق ھىجراندەك تۇيۇلار پەقەت
ئېسىڭدىن چىقىرىپ قايتا خوش دېيىش.

## پەسىل ئالمىشىش

ئۇ
ئوخشاش بۇرۇتنىڭ خەت تارتىشىغا،
ئوخشاش بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشىغا.
ئوخشاش گۈلچىراي قىزنىڭ كۆكرىكى
گۆھەردەك ئالمىغا ئايلىنىشىغا.

ئۇ كېتەر لەۋسىمان پىشقان مېۋىنى
بىمالال شاخلاردىن رەھىمسىز تۆكۈپ.
ئۇ كېتەر ھارغىن چال ئۈمىدلىرىدەك
گاھ ئۆچۈپ، گاھىدا ئويقۇغا چۆكۈپ.

ئۇ كېتەر كۆزنەككە مۇز گۈللىرىنى،
تۇيدۇرماي ئاستىلا ئاۋايلاپ چېكىپ.
ئۇ كېتەر توزىغان سوۋغا گۈلىدەك
ئۆتمۈشنى قۇچاقلاپ بەك سۇس جىلمىيىپ.

ئۇ كېتەر باغرىدا ھارغىن قۇياشنى،
ئويقۇغا ئەسىنتىپ، چۈشكە چۆكتۈرۈپ.
ئۇ كېتەر مۇز تۇتقان زەئىپ يۈرەكنى
ماگمىدەك قاينىغان پىچكە چۆكتۈرۈپ.

ئۇ كېلەر ھېچكىمگە شەپە بەرمەيلا
ھاياتنى-زېمىننى كۈلدۈرۈپ ئىللىق.
ئۇ كېلەر ئانا يەر قۇچاقلىرىدا
بىر مەسۇم بوۋاقتەك چىقىرىپ قىلىق.

**پەرھات باھايىدىن**

# ئاي شولىسى

ئاي شولىسى چېغىر يول بويلاپ
يېتىپ كەلدى ئوماق سەھراغا.

ھويلىسىدىن چىقماقتا ئاستا
ئاي نۇرىدەك ئاپئاق گۆدەكلەر
چۆمۈلگىلى سۈزۈك كۆل تامان.
تېرەكلىكتىن بالقىغان ناخشا
دېرىزىدىن شولىدەك كىرىپ.
ئايدەك ئوماق قىزنىڭ كۆزىدە
چاقناپ كەتتى نەپىس، شادىمان.

تۆكۈلدۇ ئارچا شېخىدىن
باش ئاخىرى بولمىغان خەتلەر.

چۈشۈۋاپتۇ كېيىنەكلىرىم
ئۆزۈنىنە ئاي شولىسىغا،
تىنىپ-تىنىپ ناخشا ئېيتقان كىم؟
بىرتامچە ياش تامدى پارىلداپ،
تىترەپ كەتتى شۇندا يۈرىكىم.

ئاي شولىسى دەلدەڭلەپ كېلىپ،
سۆيۈپ كەتتى ئوماق سەھرانى.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

## دوستۇمغا مەرسىيە

تەڭرىنىڭ ئىنئامىمۇ ئىسمىڭ، سىپاتىڭ ئارسلان؟
شەپقىتىڭ، قەھرىڭ، ئىرادەڭ، ئىجتىھاتىڭ ئارسلان؟
قالدۇرۇپ شۇڭقارنى تاڭ، چاقماق بىلەن يۇلتۇز كېزىپ،
ئېيتقىنا، تالغانمىدى كۆكتە قاناتىڭ ئارسلان؟
ئۇيىنغاندەكلا مۆكۈشمەك قايدا كەتتىڭ، بىلمىدىم،
بۇ جاھاننىڭ سىرىنى يالغۇز تاپامتىڭ ئارسلان؟
دوست ئىدۇققۇ مىنگىشىپ مەنزىلگە يۈرگەن «ۋاي» دېمەي،
تەڭ-يېرىم يولدا مېنى تاشلاپ ماڭامتىڭ ئارسلان؟
كۆكتە دۇلدۇل مۇدۇرۇپ ھاڭغا يىقىلسا كىم يۈدەر،
يىغلىبان سوراپ باقاي: راستىمۇ ۋاپاتىڭ ئارسلان؟
شۈكرىكىم، مىڭ شۈكرىكىم، ئۆمرۈڭ پايانى كەڭ تېخى،
بۇغرا، ①، بۇغدا②، ئالماسىڭ ③ ئۆلمەس ھاياتىڭ ئارسلان.

1996-يىل 27-نويابىر، ئۈرۈمچى

ئابلىكىم تۇردى

## «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىن ساقىغان يۇلتۇز

ئەلۋىدا، جۇشقۇنلۇق نەۋقىران شائىر، باي ئىدىڭ شەمشەردەك ئۆتكۈر تىل-ھېسقا، غۇرۇرلۇق ھەم چوڭقۇر ئىدى ئوي-پىكرىڭ. «يۇلتۇزلار يۇرتى» نى كېزەتتى زىكرىڭ.

---

①②③ مەرھۇمنىڭ ئوغۇللىرى.

ياردەملەر بېرەتتىڭ چوڭ ۋە كىچىككە،
شېئىرىيەت بابىدا يوق ئىدى مىكرىڭ.
تىنجىماس قايىنامدەك سۇرەتتىڭ خىيال،
مۇجەسسەم ئەسىرىڭ «ئىسيان» دا سېھرىڭ.

رىقابەت دۇنياسى سالغاچ ھەر كويغا،
گاھ رەقىب دىلىنى زەپەردە تىلدىڭ.
كۆپ ئويۇن ئوينالغان سەھنە-دۇنيادا،
باھانى ئەل-يۇرتقا ئامانەت قىلدىڭ.

ئېچىنىش ئىلكىدە، يازدىم مەرسىيە،
ئاھ، شۇنچە بالدۇرلا كەتتىڭ جاھاندىن.
ياق، مەڭگۈ ھاياتسەن شائىر ئارسلان،
ئىزدەيدۇ سېنى ئەل نەزمە-داستاندىن.

1996-يىل 1-دېكابىر، ئۈرۈمچى

**ھوشۇر روزى**

# يىغان

مۇسىبەتتە كۆز يېشىم يامغۇر مىسالى ئۇشبۇ دەم،
باستى گەجگەمدىن تۈپۈقسىز شۇنچە مۇشكۈل دەردۇغەم.
نە قىلاي دەپ ئويلىدىڭ قەددىمنى سەن يادەك ئېگىپ،
بارچىنى قويدۇڭ نادامەت ئىلكىدە قادىر ئىگەم.
ئارسلاننى سەن ئېلىپ كەتسەڭ ئىشەنگۈم كەلمىدى،
ياكى قەسرىڭدە ئاشۇنداق بىر چىراغ بولغانمۇ كەم؟
سىرلىرى كۆپ بۇ جاھاننىڭ ھەسرىتى شۇنچە ئۇزۇن،
بۇ يۈرەك قانداق چىدار تەڭ يولدىلا سۇنسا قەلەم.
دوست-ياران، پەرزەنت، قېرىنداش ياش تۆكەر ماتەم تۇتۇپ،
تاغۇ دەريا ئاھ ئۇرۇپ ئاستى ئەنە ئاق تۇغ-ئەلەم.

1996-يىل 1-دېكابىر، ئۈرۈمچى

**مۇھەممەت ئىمىن**

# سەن ئۆلمىدىڭ، ئۆلمەيسەن ئەبەد

—— تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئارسلان ۋاپاتىغا

مەن — شەمشەر،
مەن — يالقۇن.
— گېنرىخ گېينى

ئالدىيالماس مېنى شۇم خەۋەر،
ياق!
سەن ئۆلمىدىڭ،
ئۆلمەيسەن ئەبەد.

ھەر بىر شېئىرنىڭ بىر ئالماس شەمشەر،
ئەلگە قورال،
ياۋغا سۇر-دەھشەت.

* *

باغلاپ تەڭرىتاغ قاردىن ئاق پۈتا،
قايغۇ-ھەسرەتتە ئىگەر بېشىنى.
كېلەر تارىمدىن ئۆكسۈگەن سادا،
يارار پىغانى قىرغاق تېشىنى.

بۇقۇلدار تىنماي ھازىدار شامال،
تولغىنار ئىڭراپ گىياھ، مەجنۇنتال.
قۇياش يىشنى سۇرتىدۇ بۇلۇت،
زېمىن كۆكسىدە مۇسىبەتلىك ھال.

«ئۇيۇقتىكى سۇرەتلەر»①ھەتتا
مۇڭغا چۆككەن، كۆزلىرىدە نەم.
ئۆرلەيدۇ كۆككە تىترىتىپ ساما،
قىزىل مىڭئۆيگە سىغمىغان ئەلەم.

تەتۇر پەلەككە ئۇقۇيدۇ لەنەت،
«سېھرىلىك ھەيكەل»② يۇتۇپ لەختە قان.
يىرتىدۇ ياقا ئۇممەت ۋە جۇرئەت③،
كاج تەقدىرنى قاغاپ پەرىشان.

كەتتىڭمۇ راست، ئېيتقىنا شائىر،
يۈرەكنى داغلاپ بىزدىن ئايرىلىپ؟

بوراننى يارغان قانىتىڭ ھازىر
كەتتىمۇ راست سۇنۇپ-قايرىلىپ؟

كىرگەنمىكىن يا ئەزرائىل تۇندە
غېرىپ كۇلبەڭگە ئادىشىپ-ئېزىپ؟
ھەسەت قىلىپ يا سوزدىمۇ پەنجە،
تۇرغىنىڭدا شېئىردىن دۇر قېزىپ؟

كەتتىڭمۇ يا سۇمۇرغدەك ئۇچۇپ،
يۇلتۇزلارغا بەرگىلى سالام؟
جىسمىڭنىمۇ نەزمەڭگە قوشۇپ
يوشۇردىمۇ يا قەلبىگە ئاۋام؟

غەزىپىم بار كاج تەقدىر ساڭا،
چىقىرامسەن بوران بىمەھەل؟
يىلتىزىنغا ئۇرامسەن پالتا
بولسىلا چىنار ئېگىز ۋە گۈزەل؟

غەزىپىم بار كاج پەلەك ساڭا،
چىن تالانتقا ئۆچمۇسەن شۇنچە؟
سەندە يوقمۇ ئىنساب ۋە ۋاپا،
چەيلەپ ئۆتەمسەن كۆرسەڭلا غۇنچە؟

غەزىپىم بار شۇم ئەجەل ساڭا،
ئوق ئۇزەمسەن يۇمۇپ كۆزۈڭنى؟
جان ئۇۋلايدىغان بۇنداق شىكارغا
قاچان تويارسەن، ئېيتە سۆزۈڭنى!

---

① مەرھۇمنىڭ شۇ ناملىق پوۋېستىدا نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىغا ئائىت مۇھىم كۆرۈنۈشلەر ئۇقىرى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ۋە جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق يارقىن سۈرەتلەپ بېرىلگەنىدى.

② مەرھۇمنىڭ شۇ ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى.

③ مەرھۇمنىڭ «ھاياتتىن بىر كۈلكە» ناملىق ھېكايىسىدىكى پېرسوناژلار.

ئېلىپ كەتتىڭ سەن دەرد سېلىپ ئەلگە ،
تېيىپجان ، خوجا ـــ ① داڭلىق شائىرنى .
ئېلىپ كەتتىڭ سەن ئۆتكۈرنى يەنە ،
قۇربان ئىمىن ، ئابلىز نازىرىنى .

ئارسلانغا قول سوزدۇڭمۇ ئەمدى ،
يانساڭمۇ گەرشىكاردىن چارچاپ ؟ !
ئەقلىڭنى لال قىلدىمۇ ياكى
مىسرالىرىدىن چاقنىغان ئاپتاپ ؟ !

قادالدىمۇ يا كۆزۈڭگە نۇرى ،
شېئىر كۆكىدە چاقناتسا چاقماق ؟
قۇلىقىڭنى پاك قىلدىمۇ نەئىرى
زېمىن كۆكسىدە جاراڭلاپ ياڭراق ؟

سانجىلدىمۇ يا كۆكسۈڭگە بىردىن ،
قاباھەتنى تىلغان خەنجىرى ؟
چىدالمىدىڭمۇ شىجائىتىدىن
چۆل - چۆل ئۆزۈلسە مۇشكۈل زەنجىرى ؟

ھېچ بىلمىدىم ، تۇيۇقسىز ئاڭا
ئېمىشقا زادى قالدىڭ ئۆچ بولۇپ ؟ !
ئارىمىزدىن ، ئەپكەتتىڭ گويا
كۆككە تاقاشقان چىنارنى يۇلۇپ !

قارغايمەن سېنى كاج تەقدىر ، تەنەك ،
تېپىلماس سەندە ئادىللىق پەقەت .
سۆكىمەن سېنى ئەي تەتۈر پەلەك ،
ياخشىلارغىلا يوللايسەن ئاپەت !

ساڭا غەزەپ - نەپرىتىم ۋۇلقان ،
ئەي بىۋاپا ، رەھىمسىز ئەجەل .
ئايرىمايسەن ھېچ كىم ياخشى - يامان ،
بىر تاياقتىلا ھەيدەيسەن تۈگەل .

ئىشەنمەيمەن ، شائىرنى ھازىر
ئېلىپ كەتتىم دېسەڭ ماختىنىپ ،
قانداق ئىشىنەي ؟
ھېلىمۇ شائىر
جۇشقۇن كۈيىنى تۇرسا ياڭرىتىپ !

ئۇ ياشايدۇ يۈكسەك تاغلاردا ،
شېئىر بەيگىسىدە چاپتۇرۇپ تۇلپار .
ئۇ ياشايدۇ گۈزەل باغلاردا ،
سۇنۇپ ئەجرىدىن ئەنجۈر ۋە ئانار .

ئۇ ياشايدۇ دەريا ، دېڭىزدا
دولقۇنلارغا باغرىنى يېقىپ .
ئۇ ياشايدۇ دالا ، ئېگىزدا
« زېمىن ئەركىسى » ② گە يانداشىپ ، بېقىپ .

ئۇ ياشايدۇ زەڭگەر ئاسماندا
« يۇلتۇزلار يۇرتى » ئىشقىدا يېنىپ .
ئۇ ياشايدۇ ئايدا ، چولپاندا
« ئاھ ، مېنىڭ خەلقىم » دەپ كۈيلەپ قېنىپ .

ئۇ ياشايدۇ ھەر بىر يۈرەكتە ،
ئاتەش كۈيىدىن چاچرىتىپ يالقۇن .
ئۇ ياشايدۇ ھەر بىر چېچەكتە ،
شىرنە يىغىپ بال ياساپ كۈن - تۈن .

① تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابدۇكېرىم خوجا .
② شائىرنىڭ شۇ ناملىق باللادىسىدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى مەدھىيلەنگەن .

شۇڭا دەيمەن ئۇ ھېلمۇ ھايات،
يۇرىدۇ ئەنە مەغرۇر قەد كېرىپ.
قاقىدۇ نەزمە كۆكىدە قانات،
بوران كۆكسىنى لاچىندەك يېرىپ.

بۇغرا، بۇغدا، ئالماس① بار يەنە،
تەۋەررۇك قەلەمنى ئالار قولىغا.
كۆز يېشىنى سۈرتۈپ سەييارە،
باشلار بوغۇننى ئاتا يولىغا.

شۇڭا دەيمەن مەڭگۈ ھايات سەن،
ئەل كۆيىچىسى-سۆنماس قانات سەن.

كۆچىسمۇ جىسمىڭ ئەرشكە، بىراق
كۆچمەيدۇ سۆنماس روھىڭ، ئىرادەڭ.
چاقناپ تۇرىدۇ دىللاردا ھەر ۋاخ
تەر-ئەجرىڭدىن پۈتكەن ئابىدەڭ.

ئالتۇن دىياردا نۇرلۇق ئىزىڭ بار،
ھەر بىر ئىزىڭ گويا بىر داستان.
قىسسەڭنى سۆزلەرقىش-باھار
ئىپتىخارلىق ئىلكىدە بوران.

چاقماقلاردا يالترار غايەڭ،
گۈلدۈرمامىدىن كېلەر كۈيلىرىڭ.
يۈرىكىڭدىن شەپەق ئالغان رەڭ،
تاۋلىنار چوغدەك ئىجاد گۈللىرىڭ.

نۇرلۇق يۇلتۇزسەن يارقىن پارلىغان،
شېئىرىيەتنىڭ كۆكىدە ئۆچمەس.
ئۆلمەس شائىرسەن، كۆڭلىدەك چاقنىغان،
قەلب تۆرىدىن جاي ئالغان كۆچمەس!

* *

ئالدىيالماس مېنى شۇم خەۋەر،
ياق،
سەن ئۆلمىدىڭ،
ئۆلمەيسەن ئەبەد.
ھەر بىر شېئىرىڭ بىر ئالماس شەمشەر،
ئەلگە قورال،
ياۋغا سۈر-دەھشەت.

1996-يىل، دېكابىر، بېيجىڭ

**بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت**

① مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى.

# مەسەللەر

قۇربان ئېلى

## ئۈچ مەسەل

### نوچىلىق

يولۋاس، شىر، قاپلانلارنىڭ كۈچۈكلىرى ئەجدادلىرىنى ماختىشىپ نوچىلىق تالىشىپتۇ، بىر-بىرىنى قايىل قىلالماي ئۇنى دەپ بۇنى دەپ ھايۋانات باغچىسىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر يىگىت شىرنى ئۇسسۇلغا سېلىۋاتقۇدەك. بىر قىزچاق يولۋاسقا مىنىۋېلىپ ساز چېلىۋاتقۇدەك. پەقەت قاپلانلا يوغان تۆمۈر رېشاتكا ئىچىدە خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك.

يولۋاس، شىر كۈچۈكلىرى دە تالاشتىن دەرھال توختاپ قاپلان كۈچۈكىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ. قاپلان كۈچۈكى مەيدىسىنى كېرىپ ئالدىدا مېڭىپ كېتىپتۇ.

### ئىككى بۆرە

— مەن پەقەت تاغدىن يىقىلىپ ئۆلگەن جانۋارنىلا يەيمەن، — دەپتۇ تاغ بۆرىسى ئۆزىنى رەھىمدىل كۆرسىتىپ.

— مەنمۇ ئاچ قېلىپ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھايۋاننىلا يەيمەن، — دەپتۇ جاڭگال بۆرىسى ئۆزىنى ئاق كۆڭۈل كۆرسىتىپ.

دەل شۇ چاغدا بىر كېيىك ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ، ئىككى بۆرە بىر دەقىقە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ:

— ئاۋۋال قوغلايلى، سەن تۇتۇۋالساڭ ئاقساق، مەن تۇتۇۋالسام ئاچ قورساق بولسۇن، — دەپتۇ-دە، كېيىككە ئوقتەك ئېتىلىپتۇ.

### كۆسەي بىلەن چوغ

— مېنى تولا مالتىلاپ بەك ئىچىمنى پۇشۇردۇڭ! — دەپتۇ چوغ كۆسەيدىن نارازى بولۇپ.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ كۆسەي ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئەگەر ۋاقتى-ۋاقتىدا مالتىلاپ كۆلۈكىنى چۈشۈرۈپ تۇرمىسام يالقۇنجىمايلا داشقالغا ئايلىنىپ قالماسمەن؟

---

مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان

مەھمۇت زەيدى
سەييارە سەلەي

# «ئۇيۇقتىكى سۇرەتلەر» پوۋېستى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى

يازغۇچى ئارسلان (ئارسلان ئالىپ) نىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 11-، 12-سانلىرىدا ۋە 1993-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيۇقتىكى سۇرەتلەر» ناملىق پوۋېستى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش، كىشىلىك ھايات ۋە تارىخقا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسىنى، سوبيېكتىلىك كۆچىنى تولۇق نامايان قىلىپ، تېمىسىنىڭ تېرەنلىكى، مىللىي تۇرمۇشنى ئۆزگىچە بەدىئىي ۋاسىتىلەردە چوڭقۇر، ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، بىلىش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇسۇش خاراكتېرلىك يېڭىلىقلىرى، يۈكسەكلىك دەرىجىسى، ئېستېتىك قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسىر قوزغىدى.

«ئۇيۇقتىكى سۇرەتلەر» پوۋېستىدا بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسى يېزىلغان. لېكىن، بۇ ئەسەردە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھەببەت تېمىلىرىدىكى ئاشىق-مەشۇقنى ۋە مەشۇقنى يولسىز تالىشىدىغان بىرەر ھوقۇقدار ياكى پۇلدار سەلبىي شەخسنى دەۋر قىلىپ توقۇلىدىغان قېلىپلاشقان بىر پۈتۈن سۇژېت شەكلى يوق. ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ئۆلچەملىك خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار يوق. بۇ ئەسەردىكى ئاساسلىق باش قەھرىمانلار ئۇيغۇر يىگىتى قەيسەر بىلەن فرانسوز قىزى لوئىزا، ئورۇن — زامانىۋى شەھەر بېيجىڭ بىلەن گۆھەر زېمىن شىنجاڭدىنلا ئىبارەت. ئاساسىي ۋەقەلىك بېيجىڭدىكى يىخېيۈەن باغچىسىدا باشلىنىپ، يەنە شۇ باغچىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئاساسىي ۋاقىت بىرنەچچىلا ئاي. لېكىن، ئەمەلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن ئومۇمىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ئورگانىك گەۋدىسىگە بىر توپ قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببەت ماجرالىرى ۋە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي جەريان سىڭدۈرۈلگەن.

خىزمەت ئېھتىياجى قەيسەرنى بېيجىڭدا بىر مەزگىل تۇرغۇزىدۇ. تەقدىر بىر كۈنى

ئۇنى يىخپيۇەن باغچىسىدا رەسسام قىز لوئىزا بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، يېڭى ھايات ۋە مۇھەببەت مۇساپىسىغا قەدەم قويغۇزىدۇ. بۇ مۇھەببەت بېيجىڭدا بىخ سۇرۇپ، شىنجاڭدا باغجانلايدۇ. ئۇلار شىنجاڭدا ئاجايىپ-غارايىپ ساياھەتلەردە بولىدۇ. رەسساملىق ھەۋىسى ئۇلارنى كۇچارنىڭ قىزىلقۇم مىڭئۆيلىرىدىكى تام سۇرەتلىرىنى كۆرگىلى ئاپىرىدۇ. ئۇ يەردە ئاجايىپ-غارايىپ خادا تاشلار غەلىتە مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. قەيسەر قىزىقچىلىق قىلىپ، ئادەمسىياق زور بىر قىيا تاشقا يامىشىپ چىقىدۇ. بۇ تاشنىڭ يەلكىسى كەڭ بولۇپ، بويىنىنىڭ يېنىدا بىر گۆھەر پارقىرىغاندەك قىلىدۇ. قەيسەر ئېلىپ قارىسا، ئۇ سىپتا ياسالغان تاماكا قۇتىسىغا ئوخشاش نەرسىكەن. قاپقىقىنى ئېچىپ، بىر تەرىپىدە ئەينەك، يەنە بىر تەرىپىدە توگمىلىك زاپچاس بارلىقىنى بايقايدۇ. توگمىگە بارمىقىنى تەگكۈزسە، قۇتا نۇرلىنىپ يورۇپ، ئەينەكتە چاسا تەخسە پىرقىرايدۇ. ئۇلار ئۇ قۇتىنىڭ كارامىتىگە تايىنىپ ئاشۇ ئادەمسىياق قىيا تاشنى تىرىك ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ قۇتىنى ئەسلىدە ئۇچار تەخسىدە كەلگەن تاشقى پىلانىت ئادەملىرى ئۇنتۇپ قالغانىدى. قەيسەر بىلەن لوئىزا ئۆيلەنگەن يەردىن يەرشارىدا يوق ھۈنەرگە، سېھرىي قۇدرەتكە ئېرىشىدۇ. يىغلىما نۇردىن قاتۇرۇپ ياسالغان بۇ قۇتا تاشقى پىلانىت ئادەملىرىنىڭ كەشپىياتى بولۇپ، ئۇلارنى تارىخنىڭ مىڭلىغان يىللىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ، خالىغان ئۆتمۈش زاماندىكى ھەرقانداق جەمئىيەتكە يەتكۈزۈپ بارالايتتى. تارىختىكى ھەرقانداق كىيەكلىك كۆرۈنۈشلەر تەپسىلاتلىرىنى خىسلەتلىك ئەينەكتە دەرھال كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. ئاشۇ ئەگكۈشتەرگە تايىنىپ يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىنى تارىخ ۋە رېئاللىق دۇنياسىدا، ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەر ئارىسىدا خالىغانچە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى كۇچار قىزىلقۇم مىڭئۆيلىرى ئەمدىلا ياسالغان دەۋردىكى قەدىمىي ھاياتقا كىرىپ بارىدۇ. «يىغلاڭغۇ بۇلاق» تا زىيارەتتە بولىدۇ. مىڭئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇستىكارى بولغان بەرنا يىگىت بىلەن كۆسەن خانىنىڭ قىزى ساھىبجامال مەلىكىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى قەدىمكى ئۇرۇمچىنىڭ مەركىزى سايئوپۇ، ئالغۇي يۇرتلىرىدىكى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قەبىلە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 20-ئەسىردىكى ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىي تېغىدا دەم ئالىدۇ. بېيجىڭدىكى يىخپيۇەن باغچىسىغا قايتىپ، ساپ مۇھەببەتنىڭ ۋىسال دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئىللىق قۇچىقى ئۇلارنى مەست قىلىدۇ. ھىجران، گۇمان، كۆنچىلىك ئازابلىرىمۇ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. گۈللۈك چىمەنلىكلەردە، خىلۋەت دەرەخلىكلەردە ئاجايىپ ئەسلىمىلەر قالىدۇ. ئۇلار يەنە شىنجاڭدا قۇتۇبى تەۋەسىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان قىزىلتاشتىكى قىيا سۇرەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن خەتەرلىك سەپەرلەردە بولىدۇ. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە قايتىپ، ئالېكساندىر ماكېدونسكى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ئۇيغۇر قاغانى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئالتۇنقان تېغى ئەتراپىدا تالاي قانلىق جەڭلەرگە ھەمدا بولىدۇ. قەدىمىي

روران دۆلىتىگە بارىدۇ. ئۇچار تەخسىدە كەلگەن ئاسمان ئادەملىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. ھىممىتىگە ئېرىشىدۇ. تەڭرىكۆلى، قاناس كۆللىرىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرى ۋە ھېكمەتلىرىدىن خىيالىي بەھرىمەن بولىدۇ. ئاخىرىدا لوئېزانى ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر دۆلەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاتىسى چاقىرتىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار بىر قېتىملىق بومباردىماندا ھالاك بولىدۇ. تەقدىر جۇدۇنى بىگۇناھ مۇھەببەت گۈلىنى نابۇت قىلمىغىچە ئارام تاپمايدۇ. قەيسەر ھەر كۈنى باغچا كۆلىنىڭ بويىدىكى ئاشخانىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. سېغىنىش ئەسلىمىلىرىنىڭ گاراڭلىقىدا ئېسىنى يوقىتىپ، لوئېزانى كۈتىدۇ. قانلىق ياشلىرى ئاسمان-زېمىننى قىزارتىۋېتىدۇ. بۇمۇ ھاياتنىڭ بىر ناخشىسى.

روشەنكى، يازغۇچى مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى، مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسىغا تايىنىپ، تۇرمۇشنى كۆپ خىل قېزىش شەكلىنى قوللانغان. ئەسەردىكى قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرى ئەگرى-توقاي، كۆپ قاتلاملىق ھەم ئەقىلگە سىغمىدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. يازغۇچى قەيسەر بىلەن لوئېزانىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى لېنىيىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جايلاردىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلار قاتارلىق بىر توپ كىشىنىڭ مۇھەببەت غەۋغالىرى، مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى، ھايات ھەرىكەتلىرىدىكى كۆپ قاتلاملىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. مۇرەككەپ خاراكتېرلىك ئوبرازلار سىستېمىلىرىنى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ دراماتىك توقۇنۇشلىرىدا يىغىنچاقلاپ، كۆپ دەۋردىكى جەمئىيەت تۇرمۇشى تەرەققىياتىنى، مەدەنىيەتنىڭ بورانلىق مۇساپىسىنى، خەلقنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. مۇھەببەت ئابزاسلىرىدا ھېسسىي ۋەقەلىكلەر ئىچىدىن قىممەتلىك دەقىقىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، زامان، ماكاندىن ھالقىپ، مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئاچقان. ئەسەردىكى رېئاللىقتىن تارىخنىڭ كۆلەڭگىسىنى، تارىختىن رېئاللىقنىڭ مەنىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژلار تىرىك، سۇژېتلارنىڭ سىغىمچانلىقى چوڭ، مۇجەسسەملەنگەن تۇرمۇشنىڭ قاتلىمى كۆپ، دائىرىسى كەڭ.

بەدىئىي تەپەككۇرغا ئىجادىيلىق ۋە ئەپچىللىك سىڭدۈرۈلگەن. بۇ نۇقتا تېما تاللاشتىن ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىغىچە بولغان پۈتكۈل ئېستېتىك تەپەككۇر جەريانىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەسەردە پېرسوناژلار يىپ ئۇچى قىلىنىدىغان تەپەككۇر شەكلى ئىشلىتىلگەن. قارىماققا سۈرەتلەر، ئاسار-ئەتىقە، چۆچەك، رىۋايەت، جىن، ئەرۋاھ، غەلىتە تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئاسمان ئادەملىرى تېخنىكىسى يېزىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە رېئال ئادەملەر يېزىلغان. ۋەقەلىك قەيسەر بىلەن لوئېزانىڭ مۇھەببىتى ۋە گۈزەل سەنئەت جەھەتتىكى ئىزلىنىشىدىن ئىبارەت ئاساسىي لېنىيىنى بويلاپ راۋاجلىنىدۇ. ئەسەرمۇ ئۇلارنىڭ تاسادىپىي تونۇشۇشىدىن باشلىنىدۇ. سۆيگۈ ۋە كەسىپ ئىشتىياقى ئۇلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا پېرسوناژلارنىڭ

زىددىيەت مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا، چوڭ ئەگرى-توقايلىق كېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى. يازغۇچى مول تەپەككۇر كۈچىگە تايىنىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردىن مەنتىقىگە سىغمايدىغان سەكرەتمە شەكىللىك ئۇلانما تەپەككۇرلارنى، جەلپ قىلارلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلالىغان. ئۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن قىيا ئادەم ئوبرازىنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق تاشقى پىلانىت ئادەملىرىنىڭ تەڭداشسىز تەرەققىي تاپقان پەن-تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلى ھېكمەتلىك گۆھەر قۇتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ۋەقەلىكتە جىددىي بۇرۇلۇش ياسىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكلىرى ئېقىنى قىز-يىگىتكە ئەگىشىپ قۇملۇق دەريالىرىدەك گاھ يەر ئۈستىدە پارقىراپ، گاھ يەر ئاستىدا شارقىراپ، سوزۇلۇپ، بۇرۇلۇپ دولقۇنلاپ ئاقىدۇ.

ئەسەردە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىشتەك ئەنئەنىۋىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى بۇزۇپ تاشلانغان. زامان بىلەن ماكان، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق، ئىنسان بىلەن جىن، ئەرۋاھ، يەر شارى ئادىمى بىلەن ئاسمان ئادەملىرىنىڭ چەك-چېگرىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. بۇنداق ئۇسۇل يازغۇچىنىڭ كىتابخانلارنى پېرسوناژلار پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا، روھىي دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپ جايلىرىغا، نازۇك مەخپىي بۇلۇڭلىرىغا ئېلىپ كىرەلىشىگە، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ كۆپ قىرلىق تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلىشىگە يول ئاچقان. ئەسەرنى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئەينىكىگە، ھېسسىياتنى ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئىچكى ئامىلغا، سېھىرلىك كۈچكە ئايلاندۇرغان. ھېسسىياتنىكى ئىچكى مەنە، ھېسسىياتنى ئىپادىلىگۈچى شەكىللەرنىمۇ ھەر خىللىققا ئىگە قىلغان.

پېرسوناژلار تەسۋىردە يۈكسەكلىك يارىتىلغان؛ پېرسوناژ ئەسەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەر ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدىغان سۇبيېكتتۇر. يازغۇچى پېرسوناژلار تەسۋىرىنى ئەسەر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ھالقا دەپ قارىغان. ئوبراز يارىتىش ۋە ئەسەر تەسۋىرلىرىدىكى بۇ مۇھىم بەدىئىي ۋاستىدىن پايدىلىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى قېزىپ چىقىپ خاراكتېرىنى ماھىيەتكە؛ خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، خاراكتېرىنى ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلغان. ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرىنى ئەگرى-توقاي، دراماتىك، چىگىش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مەنىسىنى تولۇقلاش، سۇبيېكتىپ ئېڭى ۋە پىسخىك پائالىيەتلىرىنى نامايان قىلىشنى كەڭ ئىمكان بىلەن تەمىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازى تەسىرچانلىق، ئېستېتىك قىممەت ۋە ئىدىيىۋى ئەھمىيەتكە ئېرىشكەن. رېئاللىقتىكى ئادەملەر ئەسلىدىلا مۇرەككەپ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىك گەۋدىسىدۇر. يازغۇچى مۇشۇ چىنلىق زېمىندا چىڭ تۇرۇپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى كۆپ قاتلاملىق، مول مەزمۇنلۇق، مۇرەككەپ زىددىيەتلىك قىلىپ ياراتقان. ئەسەردە تۇرگە ئايرىلغان، قېلىپلاشقان پېرسوناژلار ئوبرازى، ئۆلچەملەشكەن

خاراكتېرلەر يوق. پېرسوناژلاردىكى ئىنسان تەبىئىتى كۆپ رەڭلىك، كۆپ تەرەپلىكنى
ئۆزىگە بەلگە قىلغان. ئىنسان تەبىئىتى مەزمۇنىغا سېھرىي ئۇنۇم سىڭدۈرۈلگەن.
پېرسوناژلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ھاياتى بار. سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ
غەيرىي ئىنسان تەبىئىتى ئىچىگە ئىنسان تەبىئىتى ئارىلاشقان. ئەسەردە يازغۇچى
پېرسوناژلارنىڭ دۇنياسىغا، روھىيەتلىرىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى قاينىمىغا، ھەتتا
يوشۇرۇن ئاڭ ساھەسىگە بۆسۈپ كىرگەن. سەزگۈگە تايىنىپ، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە
بولغان دەقىقىدىكى تەسىرات ۋە خىيالىي تۇيغۇلارنى تۇتۇۋېلىپ «پىسخىك ۋاقىت»
بويىچە يەنى ئېقىمىنىڭ مۇساپىسى بويىچە ئەسەر قۇراشتۇرغان. مۇشۇنداق يېزىش
باش قەھرىمان قەيسەر، لوئىزالارنىڭمۇ نۇقسانىدىن خالىي ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.
ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىمۇ يات جىنسلىق گۈزەللەرگە ئىنتىلىش، ھەۋەس ۋە ھەسەت،
ئامرىقىنى ئۆزگىلەردىن كۈنلەش، كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى كۆرگەندە گاڭگىراش، تۇيۇقسىز
خەۋپكە ئۇچرىغاندا قورقۇمسىراش، ئارىسالدىلىق، مۇرەككەپ ئوي-خىياللار توقۇنۇشلىرى
قاتارلىق زىددىيەتلىك پوزىتسىيە، ناپاك، ناچار خاھىشلارنىڭ ئىپادىلىرى پات-پات
كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇلار ئىچكى دۇنياسىدىكى
بۇنداق چىگىش ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، يوشۇرالايدۇ، ئۆزلىرىنى تۇتالايدۇ. بۇنداق
تەسۋىرلەش كىتابخانلاردا ئۇلارنىڭ تىرىك، ئادەتتىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىگە بولغان
ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ھېسسىيات ئورتاقلىقىنى يارىتىدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن، يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرى خاراكتېرىدىكى ماھىيەتلىك خاسلىق
بەلگىلىرىنى ساقلاپ قالغان. قەيسەرنىڭ مىجەزى سالماقراق، لوئىزانىڭ شوخ،
تەنتەكرەك. ھەر ئىككىلىسىدە گەرچە يات جىنسلىق گۈزەللەرگە كۆزى چۈشۈپ
قېلىشتەك نۇقسانلار بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ سۆيگۈنىنىڭ ئورنىغا
ئالماشتۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. يىراق قەدىمكى زاماندا قەبىلە باشلىقىنىڭ
شائىرە قىزى بىر رەسسامنى ياخشى كۆرگەن، ھەتتا چاشقانباشنىڭ زىيانكەشلىكىدە
بۇ رەسسام قىيا تاش ئادەمگە، ئۆزى كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئەرۋاھقا ئايلىنىپ
كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتى سۇۋۇغىنى يوق. ئۇ ئۆزىنى ئويلىماي، ئامرىقى
قىيا ئادەمنى تىرىلدۈرۈپ ھاياتقا قايتۇرۇشنى ئويلىدى. ئۇچار تەخسىدە كەلگەن تاشقى
پىلانىت ئادەملىرىنى كولدۇرلىتىپ، قىياتاشقا ئايلىنىپ قالغان يىگىتنىڭ بېشىغا باشلاپ
بېرىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىدە گۆھەر قۇتىنى ئۇنتۇلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن تالاي ئەسىرلەردىن
كېيىن كەلگەن قەيسەر ۋە لوئىزانىڭ ئۇنى تىرىلدۈرۈشكە شارائىت يارىتىپ بەردى.
قەيسەر، لوئىزا، قىيا تاش ئادەملەر قىزىلتاش سۈرەتلىرىنى كۆرگىلى كېتىۋېتىپ تاغدا
تۇنەگەندە، ئۇلارنى جىن-شەيتانلار توپىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىدى. بولغۇسى بۆرىلە
ر ھۇجۇمىدىن ئاگاھلاندۇردى. قەيسەرنىڭ ئۇنى تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى باش
قاتۇرۇشىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

« يوق، ــ دېدى قىزنىڭ بېشى قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ــ مەن تاشقا ئايلانغان بولسام مۇمكىنچىلىكى بولار ئىدى، بەلكىم. بىراق بار بولغاندىمۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. مەن قىزنىقمايمەن. بۇمۇ تەگرىنىڭ ئىرادىسى، شائىر تەقدىرىنىڭ مەندىكى ئىپادىسىدۇر، ئەتىمالىم.» («تارىم» 1993-يىللىق 12-سان 23-بەت) ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇنداق پىداكارانە روھ، شائىرلار تەقدىرىنى بىر سۆزدە يورىتىۋېتىدىغان كارامەت پەقەت شېئىر يۈرىكىنى يېرىپ چىقىدىغان ناھايىتى ئاز ساندىكى شائىرلاردىلا بولىدۇ.

ستېرېئولوق قۇرۇلمىنىڭ ھالەت تۈرلىرى ۋە رولى كۆپ خىل بولغان. ئەسەردە يازغۇچى يۇقىرى ماھارەتتە قۇرۇلما ھالىتىنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇنتاژ، ئاڭ ئېقىمى شەكىللىرى ئاساسىدا كۆپ لېنىيىلىك گىرەلەشمە ستېرېئولوق قۇرۇلما ئۇيۇشتۇرغان. قۇرۇلمىدىكى بۇنداق مۇرەككەپلىك، ئۆزگىرىشچانلىقتىن پايدىلىنىپ خىيالىي تۇسكە باي سۇژېتلارنى توقۇغان. سۇژېت تەرەققىياتىدا قاتمۇ قات ئۇل قويۇپ مېڭىپ، ئاشكارىلىقنىڭ ئېنچىكە يوشۇرۇنلۇقنى، ئەمەلىيلىك ئېنچىكە توقۇلمىنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى بىر-بىرىنى يوشۇرۇپ ۋە چەتكە قېقىپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

يازغۇچى ئەنئەنىۋي ئەدەبىياتتىكى تاق لېنىيىلىك تۈز قۇرۇلما قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىچكى دۇنيا مونولوگى، سىرتقى سۆز، ئەركىن ئۇلانما تەپەككۇر ۋاسىتىلىرىنى ئارىلاش ئىشلىتىپ شەكىللەندۈرگەن كۆپ لېنىيە گىرەلىشىدىغان مۇرەككەپ ستېرېئولوق قۇرۇلمىنى بىر پۈتۈن سىستېمىلىق ئورگانىك گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. ئەسەردە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى، ئوتتۇرا شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھېكايىدىن ھېكايە چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن سېھرىي رېئالىزمنىڭ قايلىما شەكلى ئىجابىي بىرلەشتۈرۈلگەن. قەيسەر بىلەن لوئىزانىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئىچىگە قىيا ئادەم بىلەن شائىرە قىز، ئۇستىكار يىگىت بىلەن كۆسەن مەلىكىسى، كوممۇش قىز بىلەن يەكچەشمە قاراقچىدىن ئىبارەت ئۈچ جۈپ قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببەت ھېكايىلىرى قاتمۇقات يۆگەپ يوشۇرۇلغان. بىر-بىرىدىن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ يىللار پەرق قىلىدىغان بۇ تۆت جۈپ قىز-يىگىتنىڭ گىرەلەشكەن مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى قويۇق فانتازىيە تۈسى ئىچىدە بىرىنىڭ ئىچىدىن بىرى سۇغۇرۇپ چىقىرىلىپ، جانلىق بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەيسەر بىلەن جۇفېي، لوئىزا بىلەن سېرىق چاچلىق فرانسۇز يىگىت، لوئىزا بىلەن كۆسەن خاقانى، كوممۇش قىز بىلەن يەكچەشمە قاتارلىقلارنىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇن سۆيگۈ غەۋغالىرىمۇ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەردىكى ھەر بىر كۆرۈنۈش بىر ھېكايە، بىر پۈتۈن ئەسەر رولىغا ئىگە، چۈنكى بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەر بىرى، ئەمەلىيەتتە بىر جەمئىيەت، بىر ھاياتلىق دۇنياسىغا سىمۋول قىلىنغان. ئەسەردە رېئاللىق چىنلىقى بىلەن ئەپسانىلار غەلىتىلىكى، خىيالىي تۇيغۇ، چۈش مەنزىرىلىرى، توقۇلمىلار بىر-بىرىگە قوشۇپ بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇۋېتىلگەن. قايتا

ئىجاد قىلىنغان خەلق رىۋايەت-چۆچەكلىرى، مەسەل، لەتىپىلەر، تەبىئەتنىڭ سىرلىق ھادىسىلىرى، قورقۇنچلۇق مەنزىرىلىرى بىلەن كىرىشتۇرۇلۇپ، رېئال دۇنيا ھەققىدىكى ئويلىنىشلارغا يول ئاچقان.

قۇرۇلمىدا سەكرەتمە شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى جارى قىلىنغان. بۇ ھال ۋەقەلىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى نورمال مەنتىقە تەرتىپىنى بۇزۇپ، قىستۇرما بايان، تەتۈر بايان شەكىللىرىنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ، ۋاقىت تەرتىپىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە پايدىلىق بولغان. يازغۇچى قۇرۇلمىدا بەزىدە بوشلۇق قالدۇرۇپ سەكرەتمە پەيدا قىلىپ، ئۇنى كىتابخانلارنىڭ ئويلاپ تولۇقلىۋېلىشىغا تاپشۇرغان. قەيسەرنىڭ جۇفېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، لوئىزانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆلۈمى ۋاقاكازالار سەكرەتمە خاراكتېرىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، سۈژېتنىڭ باش ۋە ئاخىرىلا يېزىلغان. سەۋەب ۋە ھەرىكەت تەپسىلاتلىرى كىتابخانلارنىڭ ئويلىۋېلىشىغا قالدۇرۇلغان.

قۇرۇلمىدا مونتاژ شەكلى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلىپ، كىتابخانلاردا ھەرىكەتچان تۇيغۇ پەيدا قىلىنغان. ئوخشاشمىغان ماكان ۋە زاماندا سادىر بولغان ۋەقەلەر، ئوخشاشمىغان پېرسوناژلارنىڭ تارماق ھايات پارچىلىرى ئورگانىك قوراشتۇرۇلۇپ، بىر كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئارتۇقچە بايانلار قىسقارتىلىپ، ئاساسلىق سۈژېت گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كۆرۈش تۇيغۇسى كۈچەيتىلگەن. ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى، رېئاللىق، چۈش-خىيالەت، تىرىكلىك ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى دەۋرلەرگىچە بولغان پۈتكۈل جەريان مەزمۇننىڭ خالىغان تەرىپىنى خالىغانچە يورۇتۇپ، ھاياتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ۋە مۇرەككەپلىكىنى كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەردىكى تۇرمۇش سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتكەن.

قۇرۇلمىدا ئاڭ ئېقىمى شەكلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزلەشتۈرۈلگەن. پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشلىرى، ئاڭ ئېقىمىنىڭ مەنتىقىسى ۋە مۇساپىسى قۇرۇلمىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسىي قىلىنغان. ئىچكى مونولوگ، ئىچكى دۇنيا تەھلىللىرى ئارقىلىق پېرسوناژلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى ئىنچىكە ھەرىكەتلىرى ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئەسلىمىلەردىكى ئۆتكۈنچى ئوي-پىكىرلەر ۋە ئەسلىمىلەردىكى خىيالىي تۇيغۇلار يېزىلىپ، بۇ پىكىر، تۇيغۇلارنىڭ ئۇلانمىسىدا رېئاللىق نامايان بولغان. ئاڭسىز ھالەتتىكى روھىي دۇنيانىڭ مەخپىيەتلىكلىرى ئاشكارىلاپ بېرىلگەن. غەيرىي ئىدراكنى ئىپادىلەشتە چۈش، خىيالەت، خىيالىي تۇيغۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن يازغان. ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەكەشلەر، تۇيغۇدىكى چەكلىمىسىزلىك، ئۈگدىگەن چاغدىكى ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدىكى خاراموش ھالەتتىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ قايتا نامايان بولۇشى، ئىچكى دۇنيا چوڭقۇرلۇقىدىكى ئادەتتىكى سۆز-ھەرىكەتلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان، ئىدراك تىزگىنىدىن خالىي سۆز-ھەرىكەتلەرنى بايان قىلىش، خىيالىي تۇيغۇ تەھلىللىرى، پېرسوناژلار پائالىيەتلىرى ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا

ستگدۇرۇۋېتىلگەن. يازغۇچى ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ مۇرەككە پلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئىدراكلىك ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە مەزمۇنلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى غەيرىي ئىدراكلىق ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە مەزمۇنلىرىنى، ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكى بويسۇنمايدىغان يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيەتلىرى، تەبئىي تۇيغۇ، تەسىراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاڭ پائالىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك كىتابخانلاردا غەيرىي ئىدراكلىق بىۋاستە كۆرۈش تۇيغۇسى، بىۋاستە سېزىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككە پلىكلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ھالقىلىق رول ئوينىغان.

كۆپ خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارىلاش ئىشلىتىلىپ، سېھرىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. ئەسەردە سىمۋول، ئىستىئارە، بىشارەت، سېلىشتۇرما، مۇبالىغە، ساتىرا، غەلىتە ۋە بىمەنە ئەپسانىۋى ئېلمېنتلار پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. جىن، ئەرۋاھلارنى سۆزلىتىش شەكلمۇ تەبئىي ئىشلىتىلگەن. رېئاللىق بىلەن خىيالىلىق ئەپسانىلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سۇبيېكتىپ دۇنيا بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ چېكىنى بۇزۇۋەتكەن. ئادەملەر بىلەن جىن-ئەرۋاھلار ئۆزئارا ئارىلىشىدىغان، چۈشىنىشىدىغان، تىرىكلىك بىلەن ئۆلۈكلۈك ئالمىشىپ تۇرىدىغان، چۈشتەك، خىيالىي تۇيغۇدەك ئامىللار ئېپتىدائىي خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ئايرىلماس باغلىنىشقا ئىگە. يازغۇچى خەلق چۆچەكلىرى ۋە سېھرىي رېئالىزملىق بۇنداق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى ئىجابىي قوبۇل قىلىپ، رېئاللىق بىلەن خىيالىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇپ چىققان. ئەسەردىكى قىيا ئادەم، شائىرە قىز، يەكچەشمە قاراقچى، كۈمۈش قىز، كۆسەن مەلىكىسى، ئۇستىكار يىگىت، كۆسەن خان ھەم ئۇنىڭ ۋەزىر-ياساۋۇللىرى، رورەن پادىشاھلىقى، ئالېكساندىر ماكېدونسكى ۋە ئۇنىڭغا زاماندىش ئۇيغۇر قاغانى، ھېكمەتلىك ئەينەكتە ئايان بولغان تارىخىي كۆرۈنۈشلەردىكى شەخسلەر قاتارلىق ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەردىكى پادىشاھ، لاۋۇلەشكەرلەر، ئالىم، شائىر، مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانىسىدا ئۆلۈپ تۈگىگەن كىشىلەر يەنى كونا ئەرۋاھلاردۇر. ئەسەردە ئۇلار قايتا تىرىلىپ، كەڭ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. قەيسەرلەر قىزىلتاشتىكى رەسىملەرنى كۆرگىلى كېتىۋېتىپ يولدا تۇنىگەندە، ئۇلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئەجىز-مەجىزلەرمۇ ئۆز تەبئىتى بويىچە كۆرۈنۈپ، غايىب بولغان. بۇ يەردە شائىرە قىزنىڭ ئەرۋاھى قىيا ئادەم ۋە قەيسەرلەرنى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالىدۇ، بولغۇسى بۆرىلەر ھۇجۇمىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئاسمان ئادەملىرىنى ئېزىقتۇرۇپ قىيا تاش ئادەمنىڭ يېنىدا قوندۇرۇش، ھېكمەتلىك قۇتىدەك ئەڭ زامانىۋى سېھرىي قورالنى ئۇنىڭ يەلكىسىدە ئۇنتۇلدۇرۇش ۋە قەيسەرلەرنى ئۇنىڭغا ئۇچراشتۇرۇشتەك ئەسەردىكى ھالقىلىق ۋەقەلىك دېتالىنى شائىرە قىزنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ دادىللىق. ۋەقەلىك قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بۆسۈش، بۇ، ئەرۋاھنىڭ

ھاياتىي رولىنى ئاجايىپ يۇكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۇرۇش بىلەن بىللە، پاك مۇھەببەتكە، چىن شائىرنىڭ ھېداكارلىقىنىڭ تەڭداشسىزلىقىغا ئۇقۇلغان مەدھىيە.

ئەسەردە مۇرەككەپ بايان شەكلى قوللىنىلغان. يازغۇچى بىۋاسىتە بايان، تەتۈر بايان، قىستۇرما بايان، بۆلۈنمە بايان، تولۇقلىما بايان، بىرلەشمە بايان، ئۆتكۈنچى تەسۋىرىي بايان قاتارلىق بايان شەكىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، كىرىشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، مۇقەددەسلەشتۇرۇش، ئىلاھلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، مۇرەككەپ بايان سىستېمىسى شەكىللەندۇرگەن. بايان تەلىماتىنىڭ يېڭى نەزەرىيىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، بايانىنىڭ نۇقتىسى، قۇرۇلمىسى، شەكلى تەرەپلىرىدە ئىزدەنگەن ۋە يېڭىلاش ئېلىپ بارغان. بايان نۇقتىسىنى نەزەرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ئېتىبار بەرگەن. خەلق ئارىسىدا ئېغىزچە بايان قىلىنىدىغان چۆچەكلەر كۆپلەپ تارقىلىپ يۈرۈيدۇ. ئاڭلىغۇچىلار قايسىسىنىڭ چىنلىق، قايسىسىنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدۇ. يازغۇچى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋەقەلىك بايانىدىكى مۇشۇ ئاساستىن ئەپچىل پايدىلىنىپ، خەلققە يۈزلىنىش ۋە يېقىنلىشىش خاھىشىنى كۈچەيتكەن. چۆچەك، رىۋايەتلەرنى مەقسەتلىك قايتا ئىجاد قىلىپ، ئىشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە ۋەقەلىكلەرنى ئاددىي ۋە ئەمەلىي رېئاللىزملىق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ، ئادەتتە كۆرۈپ ئادەتلەنگەن تونۇش شەيئىلەرنى راستتەكمۇ، يالغاندەكمۇ كۆرۈنىدىغان چۆچەك، رىۋايەت ياكى ۋەقەلىكلەر بىلەن ئورگانىك تۈردە گىرەلەشتۈرۈپ، بىر-بىرىگە سىڭىشتۈرۈۋەتكەن.

ئىشەنچسىز بايانچىلارنى ئىشلىتىش يازغۇچى ئارسلاننىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان بىر خىل خاھىش بولۇپ، ئىشەنچسىز بايانچىلىرىنىڭ خىلمۇ كۆپ. بۇنداق قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان بايان سەنئىتىدىكى قىزىقارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق بۇ بايانلار مەزمۇنلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى گۇمانلىق بولۇپ، كۆپ چاغلاردا ھۆكۈم كىتابخانلارغا قالدۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئىشەنچسىز بايانچىلار بايانلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بۇزۇۋېتىلگەن بولىدۇ. قىيا ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى بايانى، ئۇنىڭ مەشۇقى بولمىش ئەرۋاھ شائىرەنىڭ تېنىدىن جۇدا قىلىنغان كاللىسىنىڭ كېچىدىكى بايانى، كۈمۈش قىزنىڭ، قىزىلقۇم مىڭ ئۆيىدىكى كۆسەن تىلىدا تاكاللاشقان ئىككى جوداچىنىڭ بايانى، تام سۈرەتلىرى، قىيا سۈرەتلىرىدىكى تىرىلگەنلەرنىڭ بايانلىرى بىلەن قەيسەر، لوئىزالارنىڭ بايانلىرىنىڭ مەنتىقىغە، ئەقىلگە، نىسبىي چىنلىققا ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. «كېسەك كاللا» پوۋېستىدىكى كېسەك كاللا بىلەن كېسەك بەدەننىڭ مۇنازىرە بايانلىرى، «دەردمەن ھاراقكەش» تىكى مەست ھاراقكەشنىڭ بايانلىرى قاتارلىقلارمۇ شۇ جۈملىدىندۇر. بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق يازغۇچى ئەخلاق ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كېتىدىغان غەيرىي ئىدراكلىك ئىجادىيەت ھاياجىنى بىلەن ئۆزىنىڭ نورمال ئىجادىيەت ھاياجىنى

ئوتتۇرىسىدا سىلىشتۇرما پەيدا قىلالىغان. بۇنداق بايانچى پېرسوناژلار بەزىدە يازغۇچىنىڭ ئىدراك رامكىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشىگە ياردەم بەرگەن. بىر قاراشتا بىمەنىلىك، تەلۋىلىكتەك كۆرۈنىدىغان بۇ ۋاسىتىلەر ئەمەلىيەتتە سەنئەتنىڭ يېڭى يولىنى ئاچقان.

كومېدىيىلىك مۇقام ۋە يۇمۇرلۇق ۋاسىتىلەر بىرلەشمە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئەسەردىكى كومېدىيىلىك، يۇمۇرلۇق تۈس ھەر خىل ئوخشىتىشلار، قوش مەنىلىك سۆزلەر، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قىزىقارلىق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەگىتمە ئۇسۇلدا ئىزھارلانغان كىنايىلىك يوشۇرۇن مەنىلەرگە قايغۇ ئارىلاش مەسخىرىلەر سىڭگەن. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن كومېدىيىلىك، يۇمۇرلۇق قىزىقچىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خاراكتېرى ۋە خىسلىتىدىكى يۇمۇرلۇق تۇيغۇنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ ئۈنۈمى «غالجىرانە يۇمۇر» تىياتىرىنىڭ ۋاسىتىسى، كېيىنكى مودېرنىزم ۋە سېھرىي رېئالىزمنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەم ماھارەتلىرىدىن ئەپچىل پايدىلىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى شەيئىلەر يازغۇچىنىڭ مۇبالىغىلىك، يۇمۇرلۇق قەلىمىدە بىمەنىرەك، تەلۋىرەك شەكىلگە كىرىدۇ. يازغۇچى بەزىدە ھەزىل قىلىپ دوراش، كۆلكىلىك ۋەقە، سۆز ئويۇنى قاتارلىقلارنى ئەپچىللىك بىلەن بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، كۆلكىلىك، ھەييارلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ ئۆزى تەقدىرنىڭ مۇھەببەتنى مەسخىرە قىلىشىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۇپۇقتىكى سۇرەتلەر» پوۋېستىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى بولغان قەيسەر بىلەن لوئىزانىڭ مۇھەببىتى تەقدىرنىڭ مەسخىرە قىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. قىيا ئادەم بىلەن شائىرە قىز، كۆسەن مەلىكىسى بىلەن ئۇستىكار يىگىتنىڭ مۇھەببەتلىرىمۇ شۇنداق. كۈمۈش قىزدەك بىر ساھىبجامالنىڭ سۆيگەن يارى بولماسلىقى، يەكچەشمە قاراقچىدەك بەدبەشىرە قارا يۈرەك ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ يېپىشىۋېلىشىمۇ ھاياتنىڭ بىر خىل تراگېدىيىسىدۇر. قىزىلقۇم مىڭئۆيىدىكى ئاينىغان ئىككى جۇداچىنىڭ ئامالسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەسەللى تاپماق بولۇپ، بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلغان ماجىراسىمۇ يۇمۇرلۇق ۋەقە. يازغۇچى بەزىدە ئەنئەنىۋىي تراگېدىيە كەيپىياتىنى ھەزىل قىلىپ دورىغان. «كېسىك كاللا»، «سېھىرلىك ھەيكەل»، «سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ»، «ھاياتتىن بىر كۈلكە»، « «قىمىرلىغان لەۋلەر»، «ئاق كۆڭۈل خۇشامەتچى»، «دەردمەن ھاراقكەش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇنداق كەيپىيات گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئامالسىزلىق تراگېدىيىسىنى كومېدىيىلىك پائالىيەتلەر يۆگەپ تۇرىدۇ. غەمكىنلىك، بۇرۇقتۇملۇق كەيپىياتتىكى يۇمۇرلۇق ۋەقەلەردىن ئۈمىدسىزلىك، تەنە كۈلكىلىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھاياتنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرى، تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى، تۈزۈلمە ۋە قائىدە-تۈزۈملەردىكى بەزى نۇقسانلار، بەزى ئۆرپ-ئادەتلەرگە بولغان قارشىلىق، ئۆچمەنلىكلەر سوغۇق كۈلكىلەردە ئىپادە تاپىدۇ. يازغۇچى بۇنداق كومېدىيىدە ئۈنۈم ئارقىلىق بەزى ئادەملەرنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئاينىشىنى بىشارەتلىك مەسخىرە

ئاستىغا ئالدۇ. كىنايە يۇرتقى قويۇق قارا يۇمۇر تىپىدىكى بىمەنە كۈلكىلىك ۋەقەلىكلەرنى كۆتۈلدىكىدەك بايان قىلدۇ.

غەلىتە سىرلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن. ئاجايىپ-غارايىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ چىنلىق بىلەن سۈرەتلىنىشى ھېكايە مەزمۇنىغا سىرلىق تۈس بەرگەن. ئەسەردىكى راۋاجلىنىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت بىلەن بىرلىشىپ كونكرېت تەپسىلاتقا رىۋايەت تۈسى بېغىشلىغان. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «مۇھەببەت قىياسى» ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ئۇلانما تەسەۋۋۇرلار، چۈشلەر، غەيرىي كۆرۈنۈشلۈك تاغ تەسۋىرلىرى، تەگرىكۆلى ھەققىدىكى ئاجايىپ سۈرەتلەشلەر، قاناس كۆلى قاتارلىق تىلسىماتلىق جايلارغا قىلىنغان خىيالىي سەيلىلەرنىڭ سىرلىق كۆرۈنۈشلىرى، «تۆگە چوققىسى» توغرىسىدىكى رىۋايەت، ھېكمەتلىك قىزىل بېلىقنىڭ سىرلىق پائالىيەتلىرى، قىزىلقۇم مىگرۈيلىرى، قىزىلتاش سۈرەتلىرى، قىيا تاش سۈرەتلىرى تىرىلىپ ئالا-توپىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدىكى غەلىتە ھاۋا ئۆزگىرىشى، جاندارلارنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقالايدىغان قارا قۇيۇن، غۇلاپ چۈشۈشكە ئازلا قالغان كەسمە، ئۇزۇلمە قىيالار قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر كىشىدە جەلپ قىلارلىق ۋە قورقۇنچلۇق تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئەسەردە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى تۈزۈلۈشىگە ئىگە كۆرۈنۈشلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىغا ئەنە شۇنداق جايلارنى ھەرىكەتلىنىش سورۇنى قىلىپ تاللىغان. بۇ زېمىنمۇ ئۇلارغا ئۆز باغرىنى كەڭ ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىزلىرىنى، ئۆزىنىڭ خۇشاللىق-خاپىلىقلىرىنى، قايغۇ-ھەسرەت، ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىزھارلايدۇ. ئۇ زېمىنغا تالاي دەۋر كىشىلىرىنىڭ قان-تەر ھىدى، كۆز ياش يامغۇرى سىڭگەن. ئۇ ھەم نەچچە مىڭ يىللىق كەچمىشلەرنىڭ شاھىدى، ھەم تۈگىمەس ئويۇنلار ئوينىلىدىغان كەڭرى سەھنە. يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىكى دراما، كومېدىيە، ھەجۋىي تىياتىرلار قىزىقچىلىقلىرى، تراگېدىيىلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى ھەم قىممەتلىك گۆھەر زېمىن بۇ ھەم خەتەرلىك قورقۇنچلۇق سەھنىدە قويۇلدى. بۇ ئارقىلىق يازغۇچى زىددىيەت پاجىئەلىرىگە تولغان كىشىلىك جەمئىيەت بىلەن ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق تاغلار ۋە تىلسىم گۈزەل كۆللەر مەنزىرىلىرى، چۆل-باياۋانلارنىڭ سىرلىق تەبىئىي كۆرۈنۈشلىرىنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىلىرىدا كۈچلۈك ئېستېتىك تەگشەش شەكىللەندۈرۈپ، قۇدرەتلىك بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «كېسىك كاللا»، «سېھىرلىك ھەيكەل»، «جۇرئەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ بار. «جۇرئەت» ھېكايىسىدىكى ئەگرى، تار تاغ يولى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرمۇ ئاجايىپ-غارايىپ كەيپىيات سىڭدۈرۈپ يېزىلغان. ئۇ بەزىدە يۈرەك تىترىگۈدەك تىك چوققىلارغا چىقسا، بەزىدە گۈمۈرۈلۈش ئېھتىمالى بىلەن كىشىنى قورقىتىدىغان غەلىتە تاشلارنى ئارىلاپ، باش قايغۇدەك چوڭقۇر ھاڭلارنى بويلايدۇ. «ئۇيپۇقتىكى

سۈرەتلەر» دىكى مۇنۇ بىر ئابزاستىن بەدىئىي ھۇزۇر ئالايلى:

« مەن لوئىزانى قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، تاغ ئۈستىگە ئۆرلەۋاتاتتىم. ئالدىمىزدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ ئېسىلىشقانىدى. چوققىلارنىڭ نېرىسىدىن بىر يالقۇننىڭ جىلۋىسى، بېرىسىدىكى ئورمانلاردىن بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى كېلەتتى. پەستىكى جىلغىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار رەڭدار ئۈزۈم شارابىنى ئەسلىتەتتى. چوققىلارغا يېقىنلاشقاندا قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىلار قۇچاقلاپ تۇرغان بەھەيۋەت يوغان جىلۋىدار بىر زۇمرەت تاش كۆرۈندى.

— ئاۋۇ ئاينىڭ بالىسىغا قاراڭ، — دېدىم مەن لوئىزاغا ھېلىقى سۈزۈك زۇمرەت تاشنى كۆرسىتىپ.

— ئاي؟ — دېدى لوئىزا تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — ئۇ خاسىيەتلىك بىر دېڭىزمۇ نېمە؟

— يېقىنلاشتىڭىز، ئۇ 38 كۋادرات كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر تاغ كۆلى.

— ... قاراڭ ئەنە، كۆپلىگەن تاغلار قىستىلىشىپ، بۇ كۆلنى سۈزۈك خرۇستال قاچىدەك باشلىرىدا ئاسمانغا 4 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەتراپتىكى چوققىلار ئارىسىدا ئورمان، ئوتلاق قاتارلىقلار بار. قاناس كۆلىنى ئىككى قوياش، ئىككى ئاي گىرەكلىشىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. قوياشلار تاغ چوققىسىدىكى ئۇپۇق بىلەن كۆل سۈيى ئىچىدىكى ئۇپۇقتىن بىر ۋاقىتتا تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، كەچقۇرۇن تەڭ پاتىدۇ. گۇگۇمدىن كېيىن ئىككى ئايمۇ ۋەدىلەشكەندەك بىر ۋاقىتتا شۇ يولدا تارتىنچاقلىق بىلەن پەيدا بولىدۇ.

......

ئۇنىڭ كۈلكىسىگە تاغلار ئۇزاقتىچە ئەكس سادا قايتۇردى. بىز يۇقىرى ئۆرلەپ يېقىنلاپ بېرىپ، قىرغاقتىكى كۆكۈچ تۈتەكنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى قايرىپ ئاچتۇق. كۆز ئالدىمىزدا قاناس كۆلىنىڭ چۈشكە ئوخشايدىغان تۇمانلىق شېئىرىي يۈكسەكلىك ئىچىدىكى تەسۋىرگە سىغمايدىغان ئاجايىپ گۈزەللىكى چىراي ئاچتى. لوئىزا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاھ، دەۋەتتى. دەرۋەقە، تاغلارنىڭ بېشى ئۈستىدە پارقىرايدىغان رەڭگى ئۆزگىرىشچان قاناس كۆلىنىڭ ئۆزىلا خىيالەتكە ئوخشايدىغان بىر دۇنيا بولۇپ، گۈزەللىككە ۋە سىرلىق تۈسكە باي ئىدى.

بىز قىرغاقنى بويلاپ ئالغا ماڭدۇق. نەچچە ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان قاناس ئېقىنى گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، كاتتا ستېرېئولۇق رەسىملىك كارىدورغا ئوخشايتتى. ھەر قەدەمدە بىر مەنزىرە، ھەر بۇرۇلغاندا تەبىئەت سىزغان بىر رەسىم ئۇچرايتتى. ھەر بىر بۇلۇڭ بىر باغچىدىن گۈزەل ئىدى. بۇ يەر گويا ئۈزۈلمەي ۋاراقلىنىۋاتقان ھېكمەتلىك سۈرەتلىك كىتابقا ئوخشايتتى. كۆزلىرىمىز مەنزىرىلەر ئالمىشىشلىرىنى ئاران پەرق قىلىپ ئۈلگۈرەتتى. مەنزىرىلەردىكى ئېپتىدائىيلىق، ساددىلىق لوئىزانىڭ

ئەقىل-ھوشىنى تارتىۋالدى، كۆلنى قات-قات تاغلار، قاپقارا ئىپتىدائىي ئورمان، قاپتال، ئوتلاق، جىلغىلار قورشاپ تۇراتتى. گۈل-غۇنچىلارنىڭ تۈرلىرىنى، سانىنى ئېلىپ بولمايتتى».
(«تارىم» 1993-يىل 1-سان 67-69-بەتلەر).

ئەسەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەللىكى، سېھىرلىك ھاياتىي كۈچى نامايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ تىلى لىرىكىغا، سىمۋوللۇق تۈسكە باي، چۈشىنىشلىك، رەڭدار. ئۇنىڭدا يەرلىك پۇراقىقا ئىگە خەلق تىلى بىلەن ئوبرازلىق، مۇزىكىلىق، شوخ-ئويناق، گۈزەل ئۇسلۇبلۇق بەدىئىي تىل بىر-بىرىگە سىڭىشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن. سېھرىيلۇق ھېسسىيات رەڭلىرى تۇتۇقلۇقنى يېپىپ، ئىخچاملىقنى كۈچەيتىسە، جانلىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن مەنىلىك مۇبالىغىلەشتۈرۈشلەر كەيپىياتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، غەلىتە مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان روھىنىڭ پىنھان، نازۇك جايلىرىدىكى ئىنچىكە پائالىيەتلىرىنىڭ شېئىرىي سۈرەتلىنىشلىرى، پارتلىغان ھېسسىياتلاردىن تۆرەلگەن غايىۋى دۇنيا شېئىرىي يۈكسەكلىك يارىتىپ، كىتابخانلارغا شېئىرىي ئىدراك، گۈزەللىك ھوزۇرى بېغىشلايدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، ئارسلان مىڭدىن ئارتۇق شېئىر، نەچچە ئون داستان، باللادا ئېلان قىلغان ئاتاقلىق شائىر، ئۇنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ مېنىڭ خەلقىم»، «زېمىن ئەركىسى»، «ئانا قايغۇسى» قاتارلىق داستان-باللادىلىرى، «ئاتۇش سۈرەتلىرى»، «قاراڭغۇلۇقتىكى چاقماقلار»، «كېيىندىك قېنىم تامغان يۇرتۇم تارباغاتاي» قاتارلىق چاتمىلىرى، «سۇمبۇل چاچ»، «تارىم دولقۇنى»، «بىۋاپا مىسرالىرىم»، «رەڭگا رەڭ شېئىرلار»، «سېھىرلىك سىرلار»، «بەرپەلەك ئالەم غېمىنى مەي قىلىپ» قاتارلىق شېئىر-غەزەللىرى كىتابخانلار نەزىرىدە خېلى يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن تالانت بەرپا قىلغان تويۇنغان شېئىرىي مۇھىت، گۈزگا شېئىرىي كەيپىيات، ھەرىكەتچان شېئىرىي كەڭلىك، ھېسسىي ئوبرازلار سەپلىرى، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل ئىچىدىكى سېھرىيلۇق دۇنيانىڭ جىلۋىسىنى كۆرىمىز. بۇ جىلۋىلەردە مۇنتاز ئۇسلۇبى، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇن، سېھرىيلۇق پىكىر، قايناق ھېسسىيات، رەڭدار تەسەۋۋۇر، سېھرىيلۇق تۇيغۇ، سىمۋوللۇق تۈس، ئىچكى رىتىم، گۈزەللىك يۈكسەكلىكى ۋە مىللىي پۇراق ياڭىدۇ، ئۇ ئۆزى شەكىللەندۈرگەن شېئىرىي كەڭلىكتە كىتابخانلارنىڭ تولۇقلىشىشى ئۈچۈن نۇرغۇن شېئىرىي بوشلۇقلار، جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن شېئىرىي سوئاللارنى قالدۇرۇپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مانا شۇنداق «شېئىرىيەتنىڭ سىرىنى، لىرىكىنىڭ سىرلىق كۈچىنى ئۆز نەمۇنىسى بىلەن ئېچىپ بېرىپ، شېئىرىيەتنى ئۆز خەلقىنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ»، ئۆزىگە خاس «شېئىرىي دۇنيا ياراتقان» لىقىدەك «ئالاھىدىلىكلەر ھەر بىر كىتابخان ئۈچۈن سىر ئەمەس». ئارسلان ئەنە شۇنداق مۇستەقىل ئىجادىيلىقى، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ئىگە، «خېلى يىللاردىن بۇيان كۆپ مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ دىققەت-مەركىزىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق شائىر»

سۇپىتىدە، نەسرىي ئەسەرلىرىدىنمۇ ئۈتكۈر شېئىرىي نەزەرنى، جۇشقۇن ھېسسىيات ئېقىمىنى ساقلىغان. « ئۇيۇقتىكى سۈرەتلەر » قاتارلىق پوۋېست، ھېكايىلەردىكى ھايات ھادىسىلىرى، قانۇنىيەتلەر ماھىيەتلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئىچكى دۇنيا تەسۋىرلىرى، ھېسسىيات، تۇيغۇ بايانلىرى يېزىلغان ئابزاسلار، مۇدىرىنىزملىق تۇس، رېئالىستىك مەزمۇنغا ئىگە تالانت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان يېڭىچە لىرو-ئېپىك شېئىرلار سۈپىتىدە كىتابخانلار قەلبىگە گۈڭگا گۈزەللىك نۇرلىرى چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە بىر يۈرۈش ئوبرازلار، مېتافورا، ئوخشىتىشلار، مۇبالىغە، ئىچكى مەنە، ھېسسىيات، سىمۋول، بىشارەتلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ۋە ئېستېتىك گۈزەللىككە باي، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ.

« ئۇيۇقتىكى سۈرەتلەر » دىمۇ ئارسلاننىڭ بۇرۇنقى بەزى ئەسەرلىرىدىكىدەك سۇبيېكتنىڭ پارچىلىنىش ئەھۋالى مەۋجۇت. سۇبيېكتنىڭ يازغۇچى، بايانچى، پېرسوناژ قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلىرىدە زىددىيەتلىك توقۇنۇشلارنىڭ ئىزلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر بىر تۇتاش قىممەت سىستېمىسىغا بويسۇنمايدۇ. سۇبيېكتتىكى بۇ خىل ماسلاشماسلىق، ئەمەلىيەتتە، ئەسەرگە پايدا يەتكۈزگەن. سۇبيېكتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بۇنداق توقۇنۇش سادىر قىلىشى، شۇنداقلا بۇ خىل توقۇنۇش ساداسىنى بىر ئەسەرگە ئېلىپ كىرىش ئەسەرنى كۆپ مەنىلىك، بىرلەشمە دراماتىك كېڭىيىش كۈچىگە ئىگە قىلغان.

ئەسەردە ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي تارىخىي مەزمۇننىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئورگانىك تۈردە بىر-بىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. بۇنداق ماھارەت پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيە، خاراكتېر، ھەرىكەتلىرىنى تارىخىي كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان. مەزمۇننىڭ تۇرمۇش سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتكەن، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يىغىنچاقلاش كۈچىنى ئۆستۈرگەن. ئەسەر تارىخ ۋە تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولغان. ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر ئىچىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ پېرسوناژلارنى يازغاندا، ئۇلارنى شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەرنى بىللە يورۇتقان. پېرسوناژلار ھەرىكەتلىرىدە رىۋايەت تۈسى قويۇق بولسىمۇ، يازغۇچى كىتابخانلارنى رىۋايەتلەر ئاساسىدىكى قالايمىقان غەلىتە ۋەقەلەر تەپسىلاتىغا قىزىقتۇرماي، بەلكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى كەڭ، چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىدا پېرسوناژلار ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، ئاجايىپ-غارايىپ پېرسوناژلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىچكى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. كىتابخانلارنىڭ غەلىتىلىكنى قوغلىشىشىدىن ساقلىنىپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىنى بەزى ئادەتتىكى ئەسەرلەردە تەكرارلىنىۋاتقان مۇھەببەت مۇناسىۋەتلىرى، غەلىتە ۋەقەلەردىن كەڭ ھەم يۈكسەك بولغان مىللەت، خەلق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ساھەسىگە بۇرىغان، بۇنىڭ

بىلەن پوۋېست بىرقەدەر يۇقىرى ئەھمىيەتكە ۋە بىلىش قىممىتىگە ئىگە بولغان.

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ئەنئەنىنىڭ كونا قورغانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، مول تەسەۋۋۇرلىرىنى، يېڭىچە ئىپادىلەش ماھارىتىنى رېئاللىق بىلەن ئورگانىك ھالدا سىڭىشتۈرەلەيدىغان تالانتىنى نامايەن قىلدى. «ئۇيۇقتىكى سۈرەتلەر» پوۋېستىدا يازغۇچى ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ ئېلىپ، ئۇلارنى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى غەيرىي رېئالىزملىق يېڭى نۇقتىلار، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى مۇدېرنىزملىق، سېھرىي رېئالىزملىق يېڭى ماھارەتلەر بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، ئورگانىك گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تەگرىتېغىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇشنى، قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخ مۇساپىسىنى، سەھرا پۇرىقى، قويۇق مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى يورۇتۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىدىكى رېئالىزملىق مەزمۇننى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ خاراكتېرىدە سەكرەش ھاسىل قىلدى.

ئارسلان 1971-يىلى يېزىلغان لىرىك داستان «يەنئەن مۇھەببىتى»، 1976-يىلدىكى لىرو-ئېپىك داستان «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىن باشلاپ ئاڭ ئېقىمى قاتارلىق مۇدېرنىزملىق، سېھرىي رېئالىزملىق ۋاستىلەرنى رېئالىزملىق مەزمۇنغا سىڭدۈرۈش ئۇستىدە كۆپ ئىزلەندى. «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنى شائىر بىۋاستە سېزىمغا تايىنىپ، خىيالنى ئاساس قىلىپ، ئاڭ جەريانى ئارقىلىق قوراشتۇرغان بولۇپ، ئاڭ پائالىيىتىنىڭ تەرتىپىنى ئېنىقسىز سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ، ۋاقىت ئۇقۇمىنى پىسخىك جەھەتتىن قايتا تۈزگەن. ئەسلىمە بىلەن دەقىقىلىق سەزگۈ، ھېسسىياتلىق ئىدراكىي تەپەككۇر بىلەن غەيرىي ئىدراكىي مەزمۇن، چۈش، چىگىش تۇيغۇ، تەسىراتلارنى گىرەلەشتۈرۈپ، بىشارەت بېرىش ئۇسۇلىدا تەپەككۇر ۋە شەكىلنى يېڭىلىغان. شېئىرىي مۇنتاژ، سەكرەتمە قۇرۇلما، كۆچلۈك لىرىزمغا تايىنىپ، ھادىسىلەرنىڭ بىنورمال باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سىتېرېئولۇق پىكىرلەر ۋە لىروس بوشلۇقلىرىدا ھەرىكەتلىنىدىغان بىر يۈرۈش ھېسسىي ئوبرازلار سىستېمىسىنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنىڭ يۈكسەكلىكىگە باشلىغان، رەمزدار لىرىك ئوبرازلار ۋاستىسىدە تارىخ، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە رېئال ھاياتنىڭ سىرلىرى، ماھىيەت يېڭى ئىجادىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ داستان ئۆزىدىكى ئەقلى بۈيۈكلۈك، ئېستېتىك قىممىتىنىڭ قۇدرىتىدە قېلىپلاشقان پىكىر ۋە فورما چەمبىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ تەپەككۇر ۋە پىكىر قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى؛ ئىنسان روھىيىتىنىڭ مۇرەككەپ تىلسىماتى ۋە چەكسىز بايلىقلىرىنى، خىيال ھەم ئاڭدىكى مەنىۋى يارقىنلىقلىرىنى لىرىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە نامايان قىلدى. بۇ داستان ئۆزىدىكى ئىجادىي شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي كەڭلىك ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، مۇزىكىلىقى، شېئىرىي مۇھىتنىڭ سىرلىق گۈزەللىكى، مەزمۇننىڭ مېغىزلىقلىقى، تىلىنىڭ يالقۇنى، تۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ

سېھرىي جۇلاسى بىلەن دىللاردا ئىزگۈ ھېسلارنى ئويغىتىدۇ. كىتابخانلارنى ئۇچراشمىغان ھېس-تۇيغۇلار ئالىمىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارغا يېڭى روھ، يېڭى ئاڭ ئاتا قىلىدۇ. كونا بىلىم، كونا تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. ئارسلان ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق سىناقلىرى ئارقىلىق ياراتقان بىر يۈرۈش بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرىدىكى مۇشۇنداق ئوبرازلار سىستېمىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ھەم رېئاللىقتىكى مول تۇرمۇشى، مەنىۋىي قىياپەتلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئىدىيە، پسىخىك ئۆزگىرىشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تارىخنى يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى يورۇتۇپ بەردى. پېرسوناژلار تەقدىرىنى كەڭ ۋە رەڭمۇ رەڭ زىددىيەتلەر توقۇنۇشلىرىغا بىۋاسىتە باغلاپ، گىرەلەشمە، دولقۇنلۇق، مۇنتاژلىق كۈرەشلەر تەپسىلاتلىرى ئىچىدە كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق، جانلىق خاراكتېرلارنى ياراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئۇپۇقتىكى سۈرەتلەر» دىكى قەيسەر، لوئىزا، «كېسەك كاللا» دىكى ھېلىم خىر-خىر، «سېھىرلىك ھەيكەل» دىكى ساۋۇت، ئابدۇغوپۇر، مەتتوختى، «سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ» دىكى ئايپاشا، «جۈرئەت» تىكى پەرىدە، «ئاق كۆڭۈل خۇشامەتچى» دىكى ئابلىز، «ھاياتتىن بىر كۈلكە» دىكى ئۆممەت، جۈرئەت، «دەردمەن ھاراقكەش» تىكى توختى، «قىمىرلىغان لەۋلەر» تىكى ئەمەت قاتارلىق پېرسوناژلار ئۆزلىرىگە خاس خاراكتېر بىلەن ئارىمىزدا ياشاپ يۈرمەكتە.

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يۈزەكى يېزىق ئەھمىيىتىدىن باشقا، سىمۋوللۇق دەۋر ئەھمىيىتىگە ۋە يوشۇرۇن مەنىلىك پەلسەپە ئەھمىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. «ئۇپۇقتىكى سۈرەتلەر» پوۋېستىنى يازغۇچىنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق تارىخىي داستانى، «سېھىرلىك ھەيكەل» ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى قاتارلىق باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئوبرازلىق پەلسەپە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ پوۋېست پېرسوناژلار بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان بولۇپ، ئوبرازلارغا پەلسەپە سىڭىپ كەتكەن، خۇددى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى دېئالوگدا ئېيتىلغىنىدەك، ئۇ «ھاياتلىق مۇساپىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، كىشىلىك ھايات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە تەقدىرى تېمىسىدىكى جىددىي ئويلىنىشتۇر. بۇ ئويلىنىش پايانى يوق ئۇپۇقتا تۇتىشىپ كېتىدۇ. بۇ تەتقىقات بىزنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى چېكى مەسىلىسىنى قايتىدىن تونۇشقا، مۆلچەرلەشكە ئىگە قىلىدۇ. ئىنسان قىممىتىنىڭ تارىخىي جەريانلاردىكى ئۆلچەملىرى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇش يوللىرى، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەر ئەسەرنى يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ۋە چوڭقۇر تارىخىي بىلىش قىممىتىگە ئىگە قىلىپ، نادىر ئەسەر پەللىسىگە كۆتۈرگەن. ئەسەردە يازغۇچىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى مەقسىتى، ئۇچرىتىدىغان مەسىلىلىرى ۋە

يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشان توغرىسىدىكى باش قاتۇرۇشلىرى، قايغۇرۇشلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھاياتلىق بىلەن ئىنسانىيەتنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ۋە مەڭگۈ بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان تراگېدىيىلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان كۈچنىڭ تولىمۇ زەئىپلىكى، رېئاللىقنىڭ كەمتۈكلىرى، گۈزەللىك بىلەن ئۆلۈم رىقابىتىنىڭ كەسكىن، شەپقەتسىز ئىكەنلىكىدەك قانۇنىيەتلەرنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يازغۇچى ھازىرقى زامان ئادىمى قەيسەر بىلەن ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى زامان ئادىمى كۆمۈش قىزنىڭ مۇھەببەت سەۋدالىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى، ھازىر قايتا تىرىلگەن قىياتاش ئادەم بىلەن تىرىلمەي ئەرۋاھ پېتى قېلىۋېرىشنى ئەۋزەل كۆرگەن شائىرە قىزنىڭ كۆپ مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆلمەي كېلىۋاتقان ئۆچمەس مۇھەببىتىنىڭ يالقۇنلىرىنى يازىدۇ. ئەسەردە ۋاقىتنىڭ ئورنى خاتا بولغانلىق سەۋەبى پەيدا قىلىنغان كۆپ مىڭ يىللار پەرقى بۇ مۇھەببەتنى سۇرۇن، سۈرلۈك كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مۇھەببەتنىڭ پەقەت مەنىۋى مۇھەببەتلا بولالايدىغانلىقى، ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ، ئىنسان تەقدىرىنىڭ ۋاقىت تەرىپىدىن خالىغانچە ئويان-بۇيان قىلىنىۋېرىدىغان قانۇنىيەتكە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرىدىكى ئارقىغا بۇرىغىلى بولمايدىغان پاجىئەنى ئېچىپ بېرىدۇ. رېئاللىقتىكى مۇنداق ناموۋاپىقلىقنى، ھاياتتىكى بۇنداق كەمتۈكلۈكنى، ۋاقىت پەيدا قىلغان تراگېدىيىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئادەم ئۆزىدىكى يەتكىلى بولمايدىغان بۇنداق نىشان ئىستىكىنى تىزگىنلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. قەيسەر بىلەن لوئىزا مۇھەببىتىنىڭ تراگېدىيىسىمۇ تاسادىپىيلىق ئىچىدىكى مۇقەررەر بولۇپ، تەقدىرنىڭ كىشىلەرگە خالىغانچە ھالاكەتلىك چاقچاق قىلىدىغانلىقى، «قارا يۇمۇر» ئوينايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئەسەر بىزگە مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى كۈنىدە، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە كۈلۈشنىمۇ، يىغلاشنىمۇ بىلەلمەس قىلىنىۋېتىدىغان شۇنداق ئوسال ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشىنىڭمۇ نورماللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا گۈزەللىك، خۇشاللىق، بەختىيارلىقنىڭ ھۆرگۈلدەك كالتە ئۆمۈرلۈك بولۇشى مۇمكىنلىكى، مەغلۇبىيەت، قايغۇ، ئاپەت، ئۆلۈمدەك تراگېدىيىلىك ئازابنى، تەقدىرنىڭ بىقارارلىقنى يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. رېئاللىقنىڭ ئارزۇغا يول قويمايدىغان شۇنداق سوغۇقلىقى، رەھىمسىزلىكى ئالدىدىكى ئامالسىزلىق، يالغۇزلۇق، قورقۇنچنى نامايان قىلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئەسلىدىلا شۇنداق ناموۋاپىقلىق، كەمتۈكلۈك، يامانلىق، زالىملىق، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق ئىچىدە كۆپ مىڭلىغان جاراھەتلەرنىڭ ئازابلىرىدا ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى شەرھلەيدۇ.

1994 - يىل 6 - ئايدا يېزىلدى.

1996 - يىلى 6 - ئايدا تۈزىتىلدى.

ئېزىزجان توختىھاجى

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

رۇبائىيلار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىجادىيىتىدە مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، گۈزەل، ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

رۇبائىي شېئىرىي شەكىل، شېئىرىي ئوبراز جەھەتتە شائىرغا يۇقىرى تەلەپ قويۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەڭ مۇھىمى، شائىردىن كۈچلۈك تەپەككۇر قابىلىيىتىگە، كەڭ نەزەر دائىرىگە، ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رۇبائىي كۆپ ھاللاردا شائىرنىڭ ھەم بەدىئىيلىكتە، ھەم تەپەككۇردا پىشقان كېيىنكى مەزگىللىرىدە يېزىلىدۇ). ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاشۇ سۈپەتلەرگە ئىگە شائىر، يەنى شائىرنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرى كۆپ، بىلىمى چوڭقۇر، تەپەككۇرى ئۆزىگە خاس چوڭقۇرلۇقتا ئىگە، ماھىيەتنى، قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىشتا ماھىر. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە. رۇبائىي ئوبراز بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ، يەنى ئوبرازدىن خالىي تۇرالمايدۇ. رۇبائىي ئوبرازغا ئىگە بولسا، رۇبائىيدىكى پىكىر، جۈملىدىن رۇبائىينىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى كونكرېتلىققا، تەبىئىيلىككە، گۈزەللىككە ئىگە بولىدۇ. رۇبائىينىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، بىر تەرەپتىن، تۇرمۇشقا، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ ئىپادىلىشى، تەسەۋۋۇرىغا باغلىق. بولۇپمۇ ئۆتكۈر، چوڭقۇر پىكىر بىلەن ئوبرازنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى رۇبائىينىڭ تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئاساسى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆز رۇبائىيلىرىنى ئىمكانقەدەر ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىدىن ئالدى بىلەن بىر گۈزەل مەنزىرىنى كۆرىمىز، ئىللىق چىراي سۆيۈملۈك دوستىمىز، ئەڭ كۆيۈمچان كىشىمىز بىلەن ئۇچرىشىمىز، ئاندىن شۇ سۆيۈنۈش ئىچىدە تەپەككۇر دېڭىزىغا

شوڭغۇپ، ھاياتنىڭ بىز تېخى ئۇچراشمىغان ھەم ئۇچراشقان بولساقمۇ، ئۇنچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە تېگىگە يېتەلمىگەن ئەڭ ساپ، ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىمىز. بىز شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ھەقىقەت جەۋھەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان ئېسىل سوۋغاتلارنى ئاددىي، تەبىئىي كۆرۈنۈشلەردىن يارىتىلغان ئوبراز ئارقىلىق تەقدىم ئېتىش شائىر رۇبائىيلىرىدا ئىزچىللاشقان قانۇنىيەتكە ئايلانغان.

ئىككىنچى، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى تىل جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە. رۇبائىي شېئىر ئىچىدىكى شېئىردۇر. بۇ رۇبائىيغا شەكىل، تىل جەھەتتە ئالاھىدە تەلەپ قويۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. رۇبائىي ئەسلى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرمۇ ئارتۇق ياكى مۇناسىۋەتسىز سۆزنى قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن شەكىل، ھەجىم جەھەتتە ئارام بىر كۆپلېتلىق سىغىمچانلىققا ئىگە. شېئىر ئۈچۈن بىر كۆپلېتنىڭ ھەقىقەتەن كىچىك ۋە تارلىقىنى ھەرقانداق شائىر ھەتتا كىتابخانلارمۇ بىلىدۇ. ئەنە شۇ بىر كۆپلېتتىن تۈزۈلگەن رۇبائىيدا بىرلا مەزمۇن، بىرلا پىكىر بولغاندىمۇ مۇكەممەل، باش-ئاخىرى بىردەكلىككە، ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان يېڭى بىر مەزمۇن، بىر پىكىر ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە تىلغا بولغان تەلەپنى تېخىمۇ يۇقىرىلىتىدۇ. بىز شائىر رۇبائىيلىرىنىڭ تىلغا قارىساق تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈۋالالايمىز: ① شائىر رۇبائىيلىرىدا مۇمكىنقەدەر ئوبرازلىق، جانلىق، مېغىزلىق، گۈزەل تىللارنى تاللاپ ئىشلەتكەن. ② دېمەكچى بولغىنى باشقا، تىلى باشقا بولۇشتىن ساقلانغان ③ ئۇنىڭ تىلى ھەم ئاممىباپلىققا، ھەم كۈچلۈك شېئىرىي پۇراققا ئىگە. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ تىلى ئۆتكۈر ھەم مەزمۇنلۇق بولۇپ، ئۇ تىلنى ھەم شېئىرىي شەكىل ئۈچۈن، ھەم مەزمۇن ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. مەسىلەن:

شۆھرەت كەمىرىگە ئۇزاتقۇچە قول،
ئوتۇنچى بوۋاينىڭ ئارغامچىسى بول.
تاجدارلار ناجىنىڭ كۆزى بولغۇچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

* * *

بىلمەكتىن مۇراد نام-شۆھرەت ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

* * *

ياشلىق ھەر كىشىنىڭ گۈلستان بېغى،
ھەر تاڭدا بۇلبۇلنىڭ ناۋاكەش چېغى.
بىرقاچا سۈت بولسا بۇ ئۆمۈر دېگەن،
ياشلىق شۇ سۈتنىڭ قايمىقى، يېغى.

ئۈچىنچى، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ۋەتەن، خەلققە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھەقىقەتەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر. بۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ھەرقانچە ئېگىزچە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئۇزۇقى، ئۇۋىسى يەر ئۆزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا تۇرار.

شائىر يەنە مۇنداق يازىدۇ:

ئەل غېمى-شادلىقى ئىلھامغا بۇلاق،
ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خۇش پۇراق.
كۆر، ئالتۇن قاچىغا چىلانسىمۇ گۈل،
سولىشىپ كېتەر تېز، بولمىغاچ تۇپراق.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن شائىرلار مەيلى رۇبائىي بولسۇن، مەيلى شېئىرىيەتنىڭ باشقا شەكلىدە بولسۇن ۋەتەن، خەلققە بولغان مۇھەببەت تېمىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. لېكىن شۇلار ئىچىدە ئابستراكت، جانسىز، ھېسسىياتسىز تەكەللۇپ مۇھەببىتىدىن پەرقلىق ھالدا خاسلىققا ئىگە بولغان مۇھەببەتلىك شېئىرلارلا ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىدى. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىدا ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان ئەڭ ساپ، ئەڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈزارىمدىن ئايرىما،
لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.

مەن ئېيتۇرمەن: بىلىق سۇسىز نە قىلسۇن،
مېنى خەلقىم قۇچاقىدىن ئايرىلما.

ۋەتەن يادى مېنىڭ سۇبھىگاھىمدۇر،
ئۇ كۈندۈز ئاپتىپىم، تۈندە ماھىمدۇر.
ئەگەرچە ئەيلىسە رەشك مەيلى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

تۆتىنچى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىدا پەلسەپىۋىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رۇبائىينىڭ ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ مېغىزلىق، پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رۇبائىينىڭ پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولۇشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان قائىدە بولۇپ قالدى. شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ سالمىقى خېلى ئېغىر. بۇ شائىرنىڭ يېتىشكەن مۇتەپەككۇر، ئاقىل كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەپەككۇردىكى زىيادە چوڭقۇرلۇق شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويۇلغاندەك خويمۇ ياراشقان. مەسىلەن:

جاھاندىكى ئىككى نەرسە ھەرگىز ئۆلمەس،
بىرى خەلق، بىرى « ھەق ئېگىلۇر سۇنماس »
بۇلۇت گەرچە توسار بەزەن قۇياشنى.
قۇياش ئۆچمەس، يۈزىگە توزان قونماس.

شائىر رۇبائىيلىرىدىن دائىم بىر ھەقىقەت، زۆرۈر خۇلاسە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىر رۇبائىيلىرى ئارقىلىق بىزگە ئۇزۇن تارىخنى راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ، رېئاللىق، مۇھەببەت، نەپرەت ۋە بۇرچ تۇيغۇمىزنى ئويغىتىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن تويۇنغان بەخت، بىلىم، ھايات، ھەقىقەت، ئېتىقاد توغرىلىق نۇرغۇن رۇبائىيلىرى بار. « ھەقىقەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق » دېگەندەك، ئۇ نۇرغۇن رۇبائىيلىرىدا ياساپ-جابدۇپ ئولتۇرماي دەرھال ئۇقۇۇسا قاتتىق تېگىدىغان، بىراق ئىنسان جەزمەن بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ھەقىقەتنى دەل جايىدا، ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

ئۆتنە-يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش،
بىلىمنى ئۆتنىگە ئالماقلىق خار ئىش.

بىراۋنىڭ توندا تەرلەيمەن دېمەك،
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ئار ئىش.

* * *

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادا رەشك-ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىقىمۇ ئاران سىغىدۇ.

* * *

ئاسمانغا نەزەر سال، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى، دوستۇم، يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆكەك تالاشماق.


بۇ رۇبائىيلاردا ھەم نەپرەت بار، ھەم مۇھەببەت بار، ھەم ئەقىل بار، ھەم ھېسسىيات بار. بۇلاردا شائىرنىڭ دەۋرگە، ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئىنتايىن زۆرۈركى، شائىر رۇبائىيلىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر پەقەت شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەسىرات، ئاددىي چۈشەنچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەم شائىرغا تەۋە بولغان، ھەم شائىردىن ھالقىپ چىققان، تارىخ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ھايات ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ئۆچمەس ھەقىقەتلەردۇر. ئۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇمىيلىققا، چوڭقۇرلۇققا، يۈكسەكلىككە ئىگە. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرى كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە ئىكەنلىكى، تىلىنىڭ مېغىزلىقلىقى، پەلسەپىۋىلىك ۋە ۋەتەن، خەلققە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ھەر بىر رۇبائىيسىدا بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۆزئارا ھېچ جىپسىلىشىپ كەتكەن. شائىر ئاشۇ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن بىز مەزگىللىك ئۇزۇقچىلىكنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى رۇبائىيچىلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىپ، رۇبائىيچىلىق پېشۋالىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

# قايغۇلۇق خەۋەر



«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، تالانتلىق شائىر، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان ئارسلان (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ھوشۇر) 1996-يىل 26-نويابىر ئەتىگەن سائەت ئىككىدە ئۈرۈمچىدە جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلى بىلەن بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بۇ يىل 50 ياشقا كىرگەنىدى.

مەرھۇم ئارسلان 1946-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953-يىلى دۆربىلجىندە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1954-يىلى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئاتۇشقا كۆچۈپ بارغان ۋە شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1956-يىلدىن 1962-يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1962-يىلدىن 1968-يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1968-يىلدىن 1970-يىلغىچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1970-يىلدىن 1974-يىلغىچە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدا، 1974-يىلدىن 1976-يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1976-يىل ئىيۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلگەن. 1990-يىل سېنتەبىردە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەنگەن. 1991-يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئارسلان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا شېئىرىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئاشۇ يىللاردا يېزىلغان. ئۇ 1962-يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»گە بېسىلغان «يېزامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. 1974-يىلى ئۇنىڭ «كۇئېنلۇن بورانلىرى» ناملىق داستانى، 1975-يىلى «يەنئەن مۇھەببىتى» ناملىق داستانى، 1976-يىلى «مايسەم» ناملىق ھېكايىسى، 1977-يىلى «شاۋقۇنلا، نىيە دەرياسى» ناملىق

نەسرى، 1978-يىلى «قەلبلەر مەشئىلى» ناملىق داستانى، 1979-يىلى «تاغ لىرىكىسى»، «بەختسىز مۇھەببەت»، «ئەركىنلىك»، «جۇڭغار ئىلھاملىرى»، «ئاتۇش سۈرەتلىرى»، «پىغان»، «غېرىب قەبرە» قاتارلىق شېئىر، سىكىل، باللادىلىرى ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 600 دىن ئارتۇق شېئىرى، 15 باللادا، داستانى، ئون ئوبزورى، ئون نەچچە ھېكايە، پوۋېستى، «قىساس خەنجىرى» قاتارلىق بىر قانچە كىنو سىنارىيىسى ھەم ئوپېراسى ئېلان قىلىنغان. «ياشلىق يۇلتۇزلىرى»، «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئۆلمەس تۇيغۇلار» ۋە «ئارسلان شېئىرلىرىدىن تاللانما» (خەنزۇچە) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ھەم «سىرلىق ھەيكەل» ناملىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق داستانى 1981-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 31 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇنداقلا بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يوقمۇ ئاينىڭ ماكانى» ناملىق شېئىرى 1983-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يانۋار قايغۇسى» ناملىق تەرجىمە داستانى 1984-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەرجىمە ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۈزۈمزار ماكان» ناملىق ناخشا تېكىستى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «قىساس خەنجىرى» ناملىق كىنو سىنارىيىسى 1985-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر سىنارىيە مۇكاپاتىغا، «ئۆلمەس تۇيغۇلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1989-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئون يىللىق يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتىغا، «سېھىرلىك سىرلار» ناملىق شېئىرى 1994-يىلى «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. ھەم خەنزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ بەزى نادىر ئەسەرلىرى جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، بۇ تالانتلىق شائىرنىڭ ئۆزگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبىنى روشەن نامايان قىلغان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مول تۆھپىسىگە ئاساسەن، 1991-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن جۇڭخۇا ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن جۇاڭ جۇڭۋېن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئارسلان تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ زېھنىي كۈچىنىڭ بىر قىسمىنى مىللىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى بولغان ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىگە بېغىشلاپ، خەنزۇ، قىرغىز، قازاق تىللىرىدىن بىرمۇنچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىدا ئۆچمەس

ئىز قالدۇرغان. ئۇ خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغان جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ 200دىن ئارتۇق شېئىرى، ئون نەچچە داستان، ھېكايە ھەم ئوبزورى، شۇنىڭدەك «يايلاق بۈركۈتى» ناملىق كىتاب ھەمدە ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋېلىيام شېرىرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى — «3-ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» (تېمۇرگۇەنچىڭفۇ بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان) قاتارلىقلار نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

ئارسلان پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سادىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان، ماركسىزم-لېنىنىزم ئاساسلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنىدىغان كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەھرىرلىك كەسپىگە مول ئەجىر سىڭدۇرۇپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇ ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە سەھىپىلىرىنى جانلاندۇرۇش يولىدا تەشەببۇسكارلىق رول ئويناپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ھېرىش-چارچاشتىن قورقماي، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشقان. ئۈمىدلىك ياش ئىجادكارلارغا مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن. ژۇرنال مەلۇم ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چاغلاردا دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، كۆپ باش قاتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن يول ئېچىپ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. ژۇرنال خىزمىتىدە ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاساسىي مۇقامىنى جارى قىلدۇرۇشنى ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇشنى باشلامچىلىق بىلەن تەشەببۇس قىلغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

تالانتلىق شائىر، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان، ئىقتىدارلىق مۇھەررىر ئارسلاننىڭ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتۈشى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. ئۇنىڭ مول ھەم ئۆلمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئارسلان بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت بېيجىڭدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە مەخسۇس تېلېفون بېرىپ، ياش ھەم ئىقتىدارلىق زىيالىي ئارسلاننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەك بىئارام بولغانلىقىنى، قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى، بۇ بىز ئۈچۈن بىر يوقىتىش ئىكەنلىكىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەرھۇمنىڭ ئايالى، پەرزەنتلىرى ۋە تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى، ئارىلىق يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قاتنىشالماي قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باقى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر مەرھۇمنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى مەركىزىي خەلق رادىئو

ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئەكبەر غۇلام، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق ئورۇن ھەم شەخسلەرمۇ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇسىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## ئۇچۇرلار

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قارارنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن نويابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ، كۆپلىگەن ئاپتورلار بىلەن ئۇچراشتى. بۇ جەرياندا ئاقسۇ، توقسۇ، كۇچار ناھىيىلىرىدە سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، نادىر ئەسەر يارىتىشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش مەسىلىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئاپتورلار بىلەن كەڭتاشا پىكىر ئالماشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاپتورلارغا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى. ئاپتورلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى، ئىجادىيەت ئەھۋالىنى ئاڭلىدى. بۇ ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىلدى. ئاپتورلار بىلەن بولغان چۈشىنىش، ئالاقە تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

سۆھبەت يىغىنىغا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جېلىل، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تۇنىياز، توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى نىياز، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھېيت مۆمىن، كۇچار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بارات ھەسەن، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاۋجۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر، ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاپتورلار بولۇپ 150 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

مەرھۇم مۇھەممەد ھوشۇر
(ئارسلان) نىڭ ھاياتىدىن
كۆرۈنۈشلەر



ئىجادىيەت ئۈستىدە.



جۇاڭ جۇگۇىن ئەدەبىيات
مۇكاپاتى سەھنىسىدە.



مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ تۆ-
مۈر داۋامەت بىلەن قاناستا.




قەييۇم تۇردى قاتارلىق
سەبداشلار بىلەن بىللە.



ئائىلىسىدىكىلەر
بىلەن بىللە.






《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
排　版：《博格达》 电子排版中心
印　刷：新疆新华印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1997-يىل 1-سان (431-سان). 47-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002-9044
国内统一刊号：CN 65-1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 00528139 号